ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

(ئىچكى ژۇرنال، ھەقسىز تارقىتىلىدۇ)

2016 ـ يىللىق 1 ـ سان (ئومۇمىي 48 ـ سان)

## مۇندەرىجە

خەۋەرلەر

خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىلىرىنىڭ ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنى ھەم تاشقى ئالاقە خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، لى كېچياڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى............................ (1)

تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەر

تارىم ئويمانلىقى ۋە پاختا بازىسى............................................ مۇلۇك ھاجى (3)

مەدەنىيەت كۆزنىكى

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ھەققىدە ئەسلىمە.............................................................. ئابدۇۋەلى ئەلى ئاژۇنى (10)

ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى مەكتەپ ناخشىلىرى توغرىسىدا .............. تۇرسۇن ئەرشىدىن (19)

تارىخىي ئىزنالار

جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى..... يېڭىمىڭغاداي ئىرىنچىن (29)

1962 ـ يىلى 60 مىڭ شىنجاڭلىقنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ........................................................................ (67)

سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگانلىرى شىنجاڭدا ................................ ۋىكتور ۋوسوف (73)

## شەخسلەر مۇنبىرى

يولۋاسنىڭ ئاجايىپ ھاياتى ................................................ لىۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگو (93)
كۇچادىكى مەمتىلىخان ئىسيانىنىڭ باش ـ ئاخىرى ............................... مۇھەممەت داۋۇت (132)

# «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى»
# ئۇيغۇر تەھرىر ھەيئىتى

**مەسئۇل ئورۇن:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى
**باش مەسلىھەتچى:** جارۇللا ھىسامىدىن
**تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:** تۇرسۇنجان ئەلى
**مۇئاۋىن مۇدىرلار:** ئارسلان ئابدۇللا، جاڭ شياۋنىڭ
**باش مۇھەررىر:** ئارسلان ئابدۇللا
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئۆتكۈر قاسىم
**ئىجرائىيە مۇھەررىرى:** يالقۇن روزى
**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:** ئارسلان ئابدۇللا، ئۆتكۈر قاسىم، ئابلەت نۇردۇن، ئوسمان ئىسمائىل تارىم، غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، يالقۇن روزى
**مەسئۇل كوررېكتور:** قېيۇم تۇرسۇن
**تەكشۈرگۈچى:** ئارسلان ئابدۇللا، ئابلەت نوردۇن

**مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:** نۇرمۇھەممەت ئۆمەر
**مۇقاۋانىڭ خېتىنى يازغۇچى:** نىياز كېرىم شەرقى
**تۈزگۈچى:** «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جوڭشەن يولى 479 ـ نومۇرلۇق قورۇ
**تېلېفون ۋە فاكس:** 2398438 (0991)
**پوچتا نومۇرى:** 830002
**باسما ئىجازەت كىنىشكا نومۇرى:** 2015 ـ يىللىق 0008 ـ نومۇر (ئىچكى ماتېرىيال)
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
**تور پونكىتى:** http://www.xjzfcs.gov.cn
**تارقىتىلىش دائىرىسى:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رەھبەرلەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار تارماق ۋە خادىملارغا، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلىرىلار.

www.uyghurkitap.com

# خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىلىرىنىڭ ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنى ھەم تاشقى ئالاقە خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، لى كېچياڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى

خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىلىرىنىڭ ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنى ھەم تاشقى ئالاقە خىزمىتى يىغىنى 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىلىرى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى «ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك، خاسلىقى بار مەسلىھەت ئورگانلىرىنى قۇرۇش تەلىپى بويىچە، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك، ئەمەلىي ۋە ئالدىن مۆلچەرلىنىدىغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈشى، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشى، سەمىمىي تەكلىپلەرنى بېرىشى كېرەك. يازمىلار تەتقىقاتى ھەم سەنئەت ئىجادىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ ۋە تەسىر كۈچى زور مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيلىكىنىڭ يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىشى ھەمدە ئۇنىڭ مەشئىلىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. شۇنداقلا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەن ئالاقىلاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك ۋە تۈگۈنلۈك رولىنى ياخشى جارىي قىلدۇرۇپ، ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى پائال بېغىشلىشى كېرەك» دەپ مۇھىم يوليورۇق بەردى. گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ۋاڭ جۇڭۋېي يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى فاڭ نىڭ، ۋاڭ ۋېيمىن، مەركىزىي كومىتېت تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فېڭ يۈەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ھەم ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن»نىڭ روھى بىلەن زۇڭلى لى كېچياڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 2015 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، 2016 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتىدە يېڭى سەھىپە يېزىش. ۋاڭ جۇڭۋېي سۆزىدە ئالدى بىلەن زۇڭلى لى كېچياڭنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدە-

نىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقنى تولۇق تېكىستى
بىلەن يەتكۈزدى. ۋاڭ جۈڭۋېي مۇنداق كۆرسەتتى، زۇڭلى لى كېچياڭ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ،
يىغىنغا مۇھىم تەستىقىي يوليورۇق بەردى، بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ
خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمىتىگە
ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، زۇڭلىنىڭ
مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىز-
مىتىنىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت
تەتقىقات يۇرتى خىزمىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، بۇ
تەستىقىي يوليورۇق ئىنتايىن مۇھىم رىيال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ
مۇنداق تەكىتلىدى، زۇڭلىنىڭ مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىز-
چىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى قا-
تارىدا چىڭ، ياخشى تۇتۇپ، بۇرچنى ئادا قىلىپ، ئۈمىدنى يەردە قويماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگى-
رىلەپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تا-
رىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

25 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىلىرى ۋە تارىخ ـ مەدەنى-
يەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ تاشقى ئالاقە خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزى-
پىسى گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەركىزىي تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ھەمدە
يەرلىكتىكى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن
بۇيانقى تاشقى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يەكۈنلەپ، مەملىكەت بويىچە خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەت-
چىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى سىستېمىسىنىڭ تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە
ھەمكارلىق خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنى مۇزاكىرە قىلىش. گوۋۇيۈەن مەس-
لىھەتچىلەر ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ۋاڭ جۈڭۋېي يىغىنغا قاتناشتى
ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى،
مۇئاۋىن مۇدىر يولداش فاڭ نىڭ «يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تا-
رىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تاشقى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغ-
رىسىدىكى پىكىر» (مۇزاكىرە نۇسخىسى)نى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخا-
نىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ ۋېيمىن، مەركىزىي كومىتېت تارىخ ـ
مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فېڭ يۈەن يىغىنغا قاتناشتى. ۋاڭ جۈڭۋېي تاشقى
ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇنداق تۆت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى: بىرىنچى، مەۋقەنى بۇرچقا قويۇپ، ئومۇملۇقنى ئىگىلەپ، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر
ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تاشقى ئالاقە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ
مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭ-
گو ئارزۇسى، تىنچ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەسى، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت، ئىنسان-
يەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى، ئەدەپ ـ مەنپەئەت قارىشىغا ئوخشاش بىرقاتار مۇھىم يېڭى ئىدىيە،
يېڭى تەدبىرلەر يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دىپلوماتىيەسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىبلىنامىسى تۇرغۇزۇپ
بەردى، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى تاشقى ئال-
ماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتا مۇشۇ ئىدىيەلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پار-
تىيە ۋە دۆلەتنىڭ تاشقى خىزمەت ئومۇملۇقى ئۈچۈن يېقىندىن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى،
ئورۇننى توغرا بەلگىلەپ، نىشاننى ئېنىق بېكىتىپ، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
بىلەن تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە

(داۋامى 92 ـ بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# تارىم ئويمانلىقى ۋە پاختا بازىسى

مۇلۇك ھاجى

«ئاپتونوم رايونىمىز كېۋەز تېرىقچىلىقىدا 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ تېرىلغۇ كۆلىمى، بىرلىك مەھسۇلاتى، ئومۇمىي ھوسۇلى ۋە يۆتكەش مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا، بۇنىڭ ئىچىدە يۆتكەش مىقدارىنى 60% تىن ئاشۇرغانلار قاتارىدا تۇرۇپ كەلمەكتە. 12 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز تېرىش كۆلىمى مۇقىم 25 مىليون مو ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇلىدىغان، پاختا مەھسۇلاتى 3 مىليون توننا ئەتراپىدا ساقلىنىدىغان، يەرلىك ھوسۇلى 25 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈلىدىغان نىشان بېكىتىلدى (شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگىراممىسى، 2012 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دىن).

مۇقەررەركى، بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېرىشىش نىشانىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىگە قويۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. تارىم ئويمانلىقى تەڭرى تاغ بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جۇڭگودىكى ئالاھىدە چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەر مەيدانى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 31.9% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ يەر مايدانى جۇڭغار ئويمانلىقىدىن 1.4 ھەسسە، سەيدام ئويمانلىقىدىن 2.4 ھەسسە، سچۈەن ئويمانلىقىدىن 2.6 ھەسسە، تۇرپان ئويمانلىقىدىن 10.6 ھەسسە چوڭ. ئويمانلىقنىڭ يېرى كەڭ، مول يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، سۇ، يەر بايلىقى بولۇپ، كېۋەز تېرىقچىلىقىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا ھەممىدىن باب كېلىدىغان رايون بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزگە خاس ئۈستۈنلىككە ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

## ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىدىكى ئەۋزەللىك

1) كىلىماتى قۇرغاق، كۈن نۇرى يېتەرلىك.

تارىم ئويمانلىقى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق، تامامەن ئېتىك ھالەتتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورۇلۇپ، نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى توسۇپ تۇرۇش بىلەن ئىنتايىن قۇرغاق بولغان قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات بولۇپ شەكىللەنگەن. كىلىماتى ئىسسىق مۆتىدىل بەلباغ چۆل قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئىبارەت. ئويمانلىق ئىچىدە ھۆل يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 20 ـــ 60 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى 4 دىن يۇقىـ

رى، ئېگىلىكى پۈتۈنلەي سۇغۇرۇلىدىغان بوستانلىق تېرىقچىلىقىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە سۇغۇرۇش
بولمىسا تېرىقچىلىقمۇ بولمايدۇ. بۇ يەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق سۇغۇرۇلىدىغان كېۋەز تېرىق-
چىلىق رايونى. كىلىماتى گەرچە قۇرغاق بولسىمۇ سۇغۇرۇش كېۋەز تېرىقچىلىقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا
تەڭشەپ تۇرىدۇ.

تارىم ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك بولغان پاختا رايونى. بۇ
يەردە بۇلۇت مىقدارى، ھاۋا تۇتۇق كۈنلەر بىلەن يامغۇرلۇق كۈنلەر بەك ئاز. يىللىق كۈننىڭ يورۇ-
تۇش سانىقى 2800 دىن 3300 سائەتكىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە كۈننىڭ يورۇتۇش نىسبىتى 70%
كە، يازلىقى 80% كە يېتىپ بېرىش بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەريا ۋادىسى بىلەن خۇاڭ-
خې دەريا ۋادىسىدىكى پاختا رايونلىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل شارائىت كېۋەزنىڭ چېچەك-
لەش، غوزەكلەش، ئېچىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق. شۇڭلاشقا پاختىنىڭ رەڭگى ئاق سۈزۈك، ئا-
رىلاشما ماددىلار ئاز، تالاسىنىڭ سۇ مىقدارى تۆۋەن، پاختا يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئاپتاپقا سېلىپ
قۇرۇتۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. دائىمىي يىللىق 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك پاختا 80% دىن ئاشىدۇ.

2) ئىسسىقلىق مىقدارى مول، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

ئويمانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن بولغان ئېگىزلىكى بەك يۇقىرى ئەمەس. كۆپىنچە 1000 مېتىر
ئەتراپىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېچكى قۇرۇقلۇق تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىش ئېففېكتىگە ئىگە بولغاچقىمۇ
ئويمانلىقنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى مول. قىراۋسىز مەزگىل 200 كۈندىن 220 كۈنگىچە، 10 سې-
لىتسىيە گىرادۇستىن يۇقىرى بولغان كېۋەزنىڭ بىخەتەر ئۆسۈش مەزگىلى 150 كۈندىن ئاشىدۇ.
بولۇپمۇ ياز پەسلى تېمپېراتۇرا ناھايىتى يۇقىرى. 7 ـ ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرا 24 سې-
لىتسىيە گىرادۇستىن 27 سېلىتسىيە گىرادۇسقىچە بولۇپ شاڭخەي دەرياسى پاختا رايونىغا يېقىن-
لىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يورۇقلۇق يېتەرلىك، ياخشى سۇغۇرۇش شارائىتىغا ئىگە بولغاچقا ئوتتۇ-
راھال پىشىدىغان ئىنچىكە تالالىق پاختا بىلەن بالدۇر پىشىدىغان ئۇزۇن تالالىق پاختا ئۆچۈن بەك-
مۇ باب كېلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقى كىلىماتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى
چوڭ. ئادەتتە 12 سىلىتسىيە گىرادۇستىن 16 سىلىتسىيە گىرادۇسقىچە. كېۋەز كۈندۈزى يېتەرلىك
بولغان كۈن نۇرى ۋە بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تېمپېراتۇرانى قوبۇل قىلىپ ئاسسىمىلاتسىيە تېز-
لىشىدۇ. كېچىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولۇپ نەپەسلىنىش ئاستىلايدۇ. بۇ فوتوسىنتېز مەھسۇلاتى-
نىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ تالا ماددىسىنىڭ توپلىنىشى ۋە ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
شۇڭلاشقا تارىم ئويمانلىقى پاختىسىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، تالاسى ئۇزۇن بولۇپ، سۈپەت جەھەتتە
مىسىرنىڭ پاختىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە قىسمەن كېۋەز رايونلىرىدا ئەتىيازلىق
تېمپېراتۇرانىڭ ئۆرلىشى ئاستا، كۈز پەسلى تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز بولسىمۇ، ئومۇمىيۈز-
لۈك ھالدا سولياۋ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەچكە، كېۋەزنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆسۈش ۋاقتى
ئۇزارغان.

3) يەر بايلىقى مول، سۇ مەنبەسىگە باي

پايانسىز كەتكەن تارىم ئويمانلىقى مول يەر بايلىقىغا ئىگە. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى بوستان-
لىقلار نۆۋەتتە يۇقىرى ھوسۇللۇق تېرىقچىلىق رايونى، بۇ يەردە يەنە ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەرلەر
بار. بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز تېرىشقا باب كېلىدىغىنى 40 مىليون موغا بارىدۇ. ئاساسىي تۇپراق تىپ-
لىرى تىنىملىق تۇپراق، قۇرغاق تۇزلۇق تۇپراق، بىغىر رەڭ چۆل توپىسىدىن ئىبارەت. قۇم جى-

www.uyghurkitap.com

نىسلىق يۇمشاق شاخارلىق تۇپراقمۇ كۆپ بولۇپ، كىۆەز تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. جۇملىدىن پەر-ۋىش؟؟ تەكشى بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە قولايلىق.

جەنۇبىي شىنجاڭ تىك تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا گەرچە ھۆل يېغىن مىقدارى ئاز بولسىمۇ، بىراق، ئېگىز تاغ ھۆل يېغىن مىقدارى كۆپ. ئېگىز تاغلاردىكى قار ـ مۇزلار «قاتتىق جىسىملىق سۇ ئام-بىرى» سۈپىتىدە مول سۇ زاپىسىنى ئۆزىدە ساقلاپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى ياز پەسلى تاغ رايونلىرىدىكى كەلكۈن سۇلىرى بىلەن ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرى ئۆزۈلمەي ئويمانلىققا ئېقىپ كىرىپ سۇغۇ-رىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. دەريا ئېقىنلىرى سۇ مىقدارى تەڭ يىللىق ئۆزگىرىش نىسبىتى ئاز. سۇ مەنبەسى تۇراقلىق. مەملىكىتىمىزنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتىكى شىمالىي جۇڭگو رايونىنىڭ سۇ مەنبەسى كاپالەت دەرىجىسىدىن يۇقىرى. تارىم ئويمانلىقىدا دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇلىرى كۆپىنچە يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولغان ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن. يازلىقى سۇ مىقدارى يىل-لىق ئېقىن مىقدارىنىڭ 60 ـــ 80% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت كىۆەزنىڭ راسا باراقسان ئۆسۈش مەزگىلى بولغاچقا، سۇغۇرىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى چوڭ ـ كىچىك دەريا ئېقىنلىرى 90 دىن ئاشىدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 30 مىليارد كۆپ مېتىر. ئويمانلىق ئەتراپىدىكى تاغ ئالدى تىنىملىق تۈزلەڭلىكلەر يەنە مول بولغان يەر ئاستى سۇ مەنبەسىگە ئىگە. زاپاس مىقدارى 10 مىليارد كۆپ مېتىرغا يېتىش بىلەن ئېچىپ پايدىلىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

4) كىۆەز زىيانداش ھاشاراتلىرى ئاز

تارىم ئويمانلىقى تەكلىماكاننىڭ قۇرغان ـ ياز پەسلى قاتتىق ئىسسىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق ھاۋا تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق ۋە سوتكىلىق پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى، كېسەل ھاشارەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن پايدىسىز. شۇنداق بولغاچقا باشتا كىۆەز رايونلىرى بىلەن سې-لىشتۇرغاندا، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ كۆپىيىشى ئاز، زىيان يەتكۈزۈش دەرىجىسى يېنىك. كىۆەز قىزىل ئۆمۈچۈك زىيانداشلىقى يوق، كىۆەز غوزا پىتىمۇ ئاز پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت زىيانداش ھاشارەتلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت جىسمانى ئەمگەكنى يېنىكلىتىدۇ. زىيانداش ھاشا-راتلارنى يوقىتىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى تېجەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەن-نەرخى تۆۋەنلەيدۇ. شۇنداقلا مۇھىت بۇلغىنىشى يېنىكلەيدۇ.

## پاختا ئىشلەپچىقىرىش تارىخى ۋە تەرەققىياتى

تارىم ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى پاختىچىلىق رايونلىرىدىن بىرى. كىۆەز تې-رىش تارىخى ئۇزۇن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ـ غەربىي ئاسىيا ـ يىراق ئەللەرگە قاتنايدىغان «يىپەك يولى»نىڭ ئۆتىدىغان يولى ئىدى. مىلادىيەدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئافرىقىنىڭ پاختىسى غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارىم ئويمان-لىقىغا كۆپ قېتىمقى ئۇدۇن (خوتەن) دا تېرىلغان. بۇ يەردىن شەرقىي تەرەپتىكى خېشى كارىدورى ۋە خۇاڭخې دەريا ۋادىسىغا تارقالغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى نىيا ناھىيەسى-دىن قېزىپ ئېلىنغان شەرقىي خەن دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن ھەر خىل پاخ-تا رەخت ۋە پاختىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار تېپىلدى. ئويمانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مارالبېشى تاڭ دەۋرى خارابىسىدىن پاختا چىگىت ئۇرۇقى تېپىلدى. بۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىڭ يىلدىن ئار-

تۇق كېۋەز تېرىش تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما، ئازادلىقتىن بۇرۇن، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاسارىتىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۇزاق ۋاقىت توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرغان ئىدى. ئاساسەن تالاسى قىسقا، غوزىسى ئاز، پاختا مەيدانى كىچىك، ھوسۇلىمۇ تۆۋەن ئىدى. 1949 ـ يىلى كېۋەز مەيدانى 400 مىڭ مو بولۇپ، چىگىتسىز پاختا ئاران 20 جىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن تارىم ئويمانلىقىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 50 ـ يىللاردا قىسقا تالالىق پاختا سورتى كېڭەيتىلىپ، مەيدانىمۇ ئۈزۈكسىز زورايدى. بولۇپمۇ كەڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش چاقىرىقى ئاستىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دولقۇنىنى قوزغاپ، بىپايان چۆللۈكتە زور تۈركۈمدە زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قەدەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئېتىكى ھەم تارىم دەرياسى ياقىسىدا تۇتاش كەتكەن يېڭى پاختىلىق رايونلىرىنى قۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقى پاختىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 1966 ـ يىلى كېۋەز مەيدانى 2 مىليون موغا يېقىنلاشتى. بىراق، 10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ تەسىرىدە كېۋەز تېرىلغۇ مەيدانى ۋە ھوسۇلى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. تارىم ئويمانلىقىدا ئەسلىدە ئۇزۇن تالالىق پاختا تېرىلمايتتى. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاقسۇ شۇتا قۇدۇق (ساجىڭزى) تەجرىبە مەيدانى تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن تېرىلغۇ مەيدانى ئۈزۈكسىز كېڭەيدى. 60 ـ 70 ـ يىللارغىچە ئاقسۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن «جۇڭخۇا 10 ـ نومۇر» ۋە «جۇڭشۇەن 2 ـ نومۇر»لۇق سورتلار تېرىلىپ ياخشى ھوسۇل ئېلىنىپ، تارىم ئويمانلىقىدا زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ ھوسۇلى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 80% تىنى ئىگىلەپ، تارىم ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم ئۇزۇن تالالىق پاختا بازىسىغا ئايلاندى. ھازىرقى كۈندە تارىم ئويمانلىقىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشى يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى يەكەن، مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرى، خوتەن دەريا ۋادىسىدىكى قاراقاش، لوپ، خوتەن ناھىيەلىرى، ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئاۋات ناھىيەسى، ئۆگەن دەريا ۋادىسىدىكى كۇچا، شايار ناھىيەسى، كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى لوپنور ناھىيەسى جۈملىدىن كۆنچى دەريا ۋادىسى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى دەريا قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغان بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىغا مەركەزلەشكەن. بۇ ناھىيەلەردە كېۋەز تېرىلىدىغان مەيدان 100 مىڭ مودىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ناھىيە ۋە بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشى مەخسۇسلاشقان ۋە كۆلەملەشكەن. كېۋەز تېرىقچىلىقى ئاساسەن ماشىنىلاشقان، سۇ ئىنشائاتلىرى زامانىۋىلىشىپ تېمىتىپ سۇغۇرۇش يېڭى تېخنىكىسى ئومۇملاشقان. بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئايروپىلان بىلەن سۇغۇرۇش يېڭى تېخنىكىسى ئومۇملاشقان. بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش، خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، ماشىنا بىلەن پاختا يىغىۋېلىش كېڭەيتىلگەن. پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى، تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن ئۈنۈم يۇقىرى بولغان.

### تەرەققىيات ئىستىقبالى

1) كېۋەزنىڭ تەبىئىي شارائىتقا بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى كۈچلۈك. تارىم ئويمانلىقىدا كېۋەز ئۆستۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان پەۋقۇلاددە تەبىئىي شارائىتنىڭ ھازىرلانغانلىقى ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ غايىلىك بىردىنبىر قۇرغاق رايون سۇغۇرىلىدىغان پاختا رايونى بولۇشىنى بەلگىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن. تارىم ئويمانلىقىدا كىلىمات قۇرغاق، كۈننى چۈشۈشى تولۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ، يەر بايلىقى باي، سۇ بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور بولۇپ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە پاختا رايونى.

2) مەملىكىتىمىز پاختا رايونلىرىنىڭ ماكرولۇق تەڭشىلىپ غەربكە يۆتكىلىشى، شىنجاڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىچىدە كەڭ زېمىن هازىرلاپ بەردى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىز پاختا رايونلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئىستىراتېگىيەلىك تەڭشەش ۋە يۆتكىلىش يۈز بەردى. بەزى ئېكولوگىيەلىك شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان پاختا رايونلىرى، مەسىلەن: جەنۇبتىكى قىزىل تۇراپلىق ئېدىرلىقلار، سىچۈەن ئويمانلىقى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى بەك بالدۇر پىشىدىغان پاختازارلىقلار بۇرۇنقىغا نىسبەتەن زور ئازايتىلدى. شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى پاختا زارلىقلار زور مىقداردا كۆپەيتىلدى. شىنجاڭدىكى پاختازارلىقلار ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى. جەنۇبتىكى پاختازارلىقلر شىمالغا يۆتكەلدى. بولۇپمۇ خۇاڭخې، خۇەيخې، خېنەن دەرياسى رايونلىرىنىڭ خۇاڭخې دەرياسى تۆۋەن ئېقىنى تۈزلەڭلىكىگە مەركەزلەشتى. سەندوڭنىڭ غەربىي شىمالى ـــ خېبېينىڭ ئوتتۇرا جەنۇبى ـــ خېنەننىڭ شەرقى جەنۇبى بەلباغلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ پاختا رايونى بولۇپ شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەربكە يۆتكىلىپ، شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى.

دۇنيادىكى ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ پاختىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشەش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، ئومۇمىي يۈزلىنىش تارقاقتىن مەركەزلەشتۈرۈش ھەم رايوندىن قۇرغاق رايونغا قاراپ يۆتكىلىشتىن ئىبارەت بولدى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇب كونا پاختا رايونى يېغىن مىقدارى بەك كۆپ، ھاشارەت زىيانداشلىقى ئېغىر، مەھسۇلاتى تۆۋەن ۋە تۇراقسىز بولغاچقا، هازىر كۆپلىكى غەربىي جەنۇب قۇرغاق رايونغا يۆتكەلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 50 ـ يىللاردىن باشلاپ، پاختازارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇرغاق تۈزلەڭلىكلەرگە مەركەزلىشىشكە باشلاپ، بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا پاختا مەيدانى چوڭ بولغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق دۆلەتكە ئايلانغانىدى. شىنجاڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى دەل دۇنيادىكى پاختا ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

3) تارىم ئويمانلىقى پاختىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، شىنجاڭدا رايونلار ئارا كىرىم جەھەتتىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشىدىكى مۇھىم تەدبىر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تارىم ئويمانلىقى پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، بۇ تامامەن مەركەزنىڭ پاختا رايونلىرىنى ماكرولۇق تەڭشەپ شىنجاڭغا يۆتكىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. كۆز تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ كېڭىيىشى، بىرلىك مەھسۇلات بىلەن ئومۇم مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشى (مەركەزنىڭ 2014 ـ يىللىق 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى شىنجاڭدا پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇشقا ئائىت تەلىپىگە بىنائەن، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى بىرلىكتە 2014 ـ يىلى ھەر تونna پاختىنىڭ نىشانلىق باھاسىنىڭ 19 مىڭ 800 يۈەن بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ شىنجاڭدا پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش يولغا قويۇلۇپ، پاختىنى ۋاقىتلىق ساقلاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،

پاختىكارلارغا بىۋاستە تولۇقلىما بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2014 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېل ساندىن). كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. پاختا كىرىمىنىڭ ئېشىشى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشىنىڭ بىردىن بىر يولى بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ 40 — 50% تى پاختىدىن كەلمەكتە.

يەنە ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، تارىم ئويمانلىقى ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونى. ئۇلار بالدۇرلا پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا ئادەتلەنگەن. مول تەجرىبىگە ئىگە. شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە. تارىم ئويمانلىقىدا پاختىلىقنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، چېگرا رايون ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ساقلانغان مەسىلە ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

1) سۇغۇرۇش رايونلىرىدا تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىشى ئېغىر

تارىم ئويمانلىقىدا سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ كۆپلىكى ئويمانلىقنىڭ ياقىلىرىغا جايلاشقان. كۆپلىگەن دەريالار تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چىقىشتىن بۇرۇن ئالدى تاغ بەلبېغى 3 ـ دەۋر تەركىبىدە تۇز بولغان يەر قەۋەتلەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريا سۇلىرىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى يۇقىرى، تۇزنىڭ سىرتقا ئېقىپ چىقىش يولى بولمىغاچقا، ئاساسەن تىنمىلىق تۇزلەڭلىك بەلبېغىدا توپلىنىدۇ. بولۇپمۇ دەريالارنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا تۇزنىڭ توپلىنىشى كۈچلۈك. سۇغىرىش، زەي چىقىرىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ئارقىسىدا يەر ئۈزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەر ئاستى سۇ يۈزى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇپراق قايتىدىن شورلاشقان. كونا ۋە يېڭى سۇغۇرۇش رايونلىرىدا تۇپراقنىڭ شورلىشىشى سەۋەبلىك مەھسۇلات جىددىي تۆۋەنلىگەن. شۇڭلاشقا پاختىچىلىق رايونلىرىدا پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تۇپراقنىڭ شورلىشىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش پاختا رايونلىرىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

تارىم ئويمانلىقىدا تۇز توپلىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى بولغان كىلىمات قۇرغان پارلىنىش كۈچلۈك، يەر ئاستى سۇ يۈزى يۇقىرى، تۇز تەركىبى ئېغىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلاشتا مۇۋاپىق سۇغۇرۇش، ئۆستەڭلەردە سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەيكەش سىستېمىسى قۇرۇپ زەي چىقىرىش تەدبىرى ئاچقۇچ، يەر تەكشىلەش، ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش قاتارلىق دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى شورلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇپراقنى ياخشىلاش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ.

زەيكەش سىستېمىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىنېراللىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان يەر ئاستى سۇلىرى زەيكەش ئارقىلىق سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەر ئاستى سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ تۇپراقنىڭ تۇزدىن ئايرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىكى تەلەپ، بىرىنچىدىن، زەيكەشلەرنىڭ يېتەرلىك چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭدا سۇنىڭ راۋان ئېقىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈن، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، زەيكەشنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش، زەيكەشتە ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى ئورۇۋېلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، زەيكەشتە ئاققان سۇ سۈزۈك بولۇشى كېرەك. ئەگەر لايلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدىكەن، بۇ يەر ئۈستى ياكى سۇغۇرۇش ئۆستەڭلىرىدىكى سۇنىڭ زەيكەشكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى دەرھال تۈسۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، زەيكەشتىن ئۆتىدىغان قاتناش يوللىرىغا سۆڭگۈچ، كۆۋرۈك قويۇش بىلەن يولدىن ئۆتكەندە توپا چۈشۈپ زەيكەشنىڭ توسۇلۇپ قېلىپ زەي تارتىشىغا تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. تۆتىنچىدىن، زەيكەشنىڭ يۇقىرىسىدىن زەي ئاققۇزۇپ، تۆۋەندە توسۇپ يەر سۇغىرىدىغان ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىش لازىم. بەشىنچىدىن، زەيكەش يانلىرىغا سۆگەت ياكى جىگدە تىكىپ، زەيكەش يانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك.

2) قۇم ـ بوران زىيىنى ئېغىر

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تەكلىماكان قۇملۇقى بىر ئاقما جىنىسلىق قۇملۇق. قۇملۇقنى تەشكىل قىلغان جىنىسلار چۆكۈندە جىنىسلىق يۇمشاق قۇم دانچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ئاسان يىمىرىلىپ شامال بىلەن يۆتكىلىدۇ. بۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان قۇم ـ بوراننىڭ ئاساسىي كېلىش مەنبەسى. تارىخىي ماتېرىياللاردىن خەن ـ تاڭ دەۋرىدىن بۇيان قۇمنىڭ كۆچۈشى ئارقىسىدا يىپەك يولىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان نۇرغۇنلىغان قەدىمى شەھەرلەرنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىپ خارابىلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. يېقىنقى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان پائالىيىتى، مەسىلەن، توغراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىپ بوز يەر ئېچىش، چۆلگە ئېچكىرىلەپ كىرىپ ئوتۇن كېسىش، ھەددىدىن زىيادە مال بېقىش، دورا ئۆسۈملۈكلەرنى كولاش قاتارلىق پائالىيەتلەر قۇم كۆچۈشنى ئىلگىرى سۈرگەن ئامىللاردىن بولۇپ قالدى. مۇۋاپىق بولمىغان بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئېلىپ كەلگەن زىيىنى ئېغىر بولدى. قۇم ـ بوراننى توسۇپ تۇرىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ئارقىسىدا، بوران ـ چاپقۇن تۇپراقنىڭ مۇنبەت ئۈستىنكى قەۋىتىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ تۇپراقنىڭ قاقاسلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. دەريا ئېقىنلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. مايسىلار نابۇت بولدى، ئېتىز ـ ئېرىقلار، پاختازارلىقلار قۇم ئاستىدا قالدى. ئوتلاقلار چېكىنىدى، ھەتتا بەزى رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق بىخەتەرلىكى خەۋپ ئاستىدا قالدى. تۆۋەنتە خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالى قىسمى، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى پاختا رايونلىرى ئېغىر ھالدا قۇم ـ بوران زىيىنىغا ئۇچرىماقتا. شۇڭلاشقا قۇم ـ بوران زىيانداشلىقىغا قارشى كۆرەش قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي تەلىپى. تارىمدىكى شانلىق مەدەنىيەتنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. بۇنىڭ ئۈچۈن چۆل بىلەن بوستانلىق ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى بەلباغنى قوغداپ، بۇ يەردە بوز يەر ئېچىشنى توسۇش، كەلكۈن كەلگەن مەزگىلى ئېشىنچا سۇلار بىلەن بۇ يەرنى سۇغۇرۇپ، بۇ يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بوستانلىقنى قوغداش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بوستانلىق ئەتراپلىرىغا ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىش، چۆللۈك ئەتراپلىرىغا چاتقال، قۇم تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى تىكىش، چۆلگە كىرىپ ئوتۇن كېسىشنى توسۇش، شامال، سۇ، كۈن نۇرى ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشنى يولغا قويۇپ يېقىلغۇغا بولغان جىددىيلىكنى پەسەيتىش، يېزىلاردا پاتقاق گازى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەبىئەتنى قوغداش لازىم.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى)

# «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھەققىدە ئەسلىمە

**ئابدۇۋەلى ئەلى ئاژۇنى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەت مەتبۇئاتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان رەسمىي تارىخى بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى.

**1**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىغا بولغان ئېپتىخارلىقىنى قوزغاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئورتاق قەدەم تاشلاپ مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەرنىڭ كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي ئىشلار كومىتېتى 1956 ـ يىلىلا «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخى مەجمۇئەسى» (كېيىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب مەجمۇئەسى» دەپ ئاتالدى) ناملىق بىر يۈرۈش كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلىشنى قارار قىلغانىدى. شۇڭا، 1958 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ، مەملىكەت مىقياسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزىش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېيجىڭ ۋە ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ئارقىسىدا، تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملاشتۇرۇلغاچ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە قىسقىچە تەزكىرىسىنى يېزىش باشلانغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئەنە شۇ «مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب مەجمۇئەسى» ئىچىدىكى بىر كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسلىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قىسقىچە تەزكىرىلىرى توپلىمى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر، خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ جاپالىق مېھنەت قىلىپ، ئۇزاق ۋاقىت ماتېرىيال جۇغلىشى، ئەجىر سىڭدۈرۈشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بۇ كىتاب دەسلەپكى ئورگىنال سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلدى ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ھەر مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنۇش قارار قىلىندى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ــ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق كاتتا ھەم مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىدى. بۇ يىغىن 1983 ـ يىلى 14 ـ يانۋاردىن 24 ـ

www.uyghurkitap.com

يانۋارغىچە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بېيجىڭ شەھىرىدىكى نيۇجيې كوچىسىغا جايلاشقان مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئون يىل داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى زور پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن «مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب مەجمۇئەسى» نى تۈزۈپ ئاشكارا نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتى خېلى ئۇزاققىچە توختاپ قالغانىدى. بۇ ئەنە شۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاممىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى 1982 ـ يىلى 5 ـ مارتتا چاقىرغان «مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب مەجمۇئەسى تەھرىرىيىتى بېيجىڭ يىغىنى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىرلىكتە چاقىردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە «يېزىش گۇرۇپپىسى»نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان ئەزالىرى، شۇنىڭدەك باشقا مۇناسىۋەتلىك ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ جەمئىي 43 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئۇيغۇر سايرانى، ئابلىمىت يۇسۇپ دامولla، ئابدۇرېشىت (داموللا) ئىسلام، خەمىت تۆمۈر، ئەنۋەر بايتۇر (قىرغىز)، تېيىپجان ھادى، قاسىم ئارىش، ھامۇت راخمان، قادىر نىياز، مۇسا رېھىم، سابىت ئەخمەت، مۇختەبەر خانىم، ئابدۇۋەلى ئەلى، ئىمىن ئەھمىدى ۋە شەمشىدىن قاتارلىقلار بار ئىدى.

يىغىن ھارپىسىدا، يەنى 13 ـ يانۋار كۈنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ شۇخۇانىڭ رىياسەتچىلىكىدە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇن مەسئۇللىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن تەييارلىق يىغىنى ئېچىلدى. تەييارلىق يىغىنىدا ««ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ كۇنتەرتىپى، يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىك نامزاتى قاتارلىق ئىشلار مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سۇڭ شۇخۇا (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، دۇ رۇڭكۇن (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئۇيغۇر سايرانى (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، چېن يۇڭلىڭ (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جۇ گۈييۈەن (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، چېن چىرېن (دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى «مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش كىتاب مەجمۇئەسى» ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. سۇڭ شۇخۇا، دۇ رۇڭكۇن، ئۇيغۇر سايرانىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.[1]

## 2

««ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئالدىنقى باسقۇچ ۋە كې-

① بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن، ««ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»گە قارالسۇن؛ يەنە، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ «نەشر سۆزى»گە ۋە «ئاخىرقى سۆزى»گە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۈرۈمچى 1 ـ باسمىسى.

يىنكى باسقۇچ دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ئۆتكۈزۈلدى. ئالدىنقى باسقۇچتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكي زامان تارىخى قىسمى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى؛ كېيىنكى باسقۇچتا ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىلەن هازىرقى زامان تارىخى قىسمى مۇھاكىمە قىلىندى. مۇھاكىمە باشلىنىشتىن ئىلگىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسىدىكى چېك سولو ئەپەندى (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ دوتسېنتى) بىلەن رېن يىفېي ئەپەندى (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىكىي زامان تارىخى بىلەن يېقىنقى زامان تارىخى ۋە هازىرقى زامان تارىخىنى يېزىش جەريانىدا ئۆزلىرى ئۇچراتقان مەسىلىلەرنى ئايرىم - ئايرىم هالدا قىسقىچە ئىزاهلاپ ئۆتتۇشتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى «يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر»نىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە هۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى.

مۇهاكىمە يىغىنىدا هەر مىللەت ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، هەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» يۆنىلىشىنىڭ روهىغا ئاساسەن، ئۆز قاراشلىرىنى باراۋەرلىك ئاساسىدا دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇھاكىمە يىغىنى قىزغىن ۋە ئىلمىي كەيپىياتقا تولدى. يىغىندىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىي پائالىيەت مەركەزلىرى، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەۋر - باسقۇچلارغا بۆلۈنۈشى، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان هاكىمىيەتلىرى، ئۇيغۇرلار تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن زور تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە قانداق باها بېرىش مەسىلىسى، ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار ۋە بۇ دىنلارنىڭ هەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى قاتارلىق پىرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدە تارىخقا، خەلققە، كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇشتەك ئىلمىي روھ بىلەن ئىشەنچلىك تارىخى پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەستايىدىل ۋە سىستېمىلىق پىكىر بايان قىلىشتى. ئۇلار مۇنداق قارىدى:

بىر مىللەتنىڭ كېلەچىكىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا باغلىق. بۇ مەنادىن ئېيتقاندا، هەربىر مىللەتنىڭ تارىخى ئۇلارنىڭ مۇھىم بايلىقى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. هالبۇكى، بۇنداق بايلىقنى قېزىپ چىقىشقا سەل قاراش كۆپىنچە هاللاردا ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ خالتا كوچىسىدا قايمۇقۇپ يۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، هەرقانداق بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز سەۋەنلىكلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشنى رەت قىلىش، «ئۆتكەنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك» دەپ قاراش كۆپ هاللاردا ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ كۈلپەتلىك دەۋرىلىكى ئېچىگە كىرىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالغانلىق هەرگىزمۇ تارىخنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. تارىخنى ئۇنتۇشنى «كېلەچەككە ئۆتىدىغان يول خېتى» دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ...

تارىخ ئارزۇ - ئارمانغا باقمايدۇ، يۈز - خاتىرىسىز ۋە ئەمەلىيەتچىل كېلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس «ئەگەر...»لىرىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ پارلاقلىقىنى باشتىن - ئاياغ ساقلاپ كېلەلىگەن.

3

ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ سانلىق ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ قارىدى:

www.uyghurkitap.com

ئىلىم - پەندىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى مىللەتنىڭ بىر تارىخىي كاتېگورىيە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ قانداشلىقنى ۋاستە قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنىسى بىلەن شەكىللىنىش مەنىسى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى مەسىلىدۇر. ئېتنىك مەنىسى شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ۋە يازما تارىخلاردا ئۆزلىرىنى قانداق ئاتىغانلىقىنى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قانداق ئاتالغانلىقىنى كۆرسەتسە، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا شۇ مىللەتنىڭ روناق تېپىش، ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنى پەيدىنپەي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق يېڭى بىر ئورتاق گەۋدىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ماكان جەھەتتىن بايان قىلغاندا، ئورقۇن - سېلىنگا مەنبەسى بىلەن تەڭرىتاغ - تارىم مەنبەسىنى ئاساس قىلىپ بايان قىلىش كېرەك. بۇ ئىككى مەنبە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ يىلتىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇچە، چەت ئەلچە، جۈملىدىن ئۇيغۇرچە يازما تارىخىي ماتېرىياللار ۋە شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندىمۇ، گوبىينىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرى بىلەن تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەت مەركەزلىرى ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى جىيەن بوزەن ئەپەندى: «ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ياشىغان ئىنسانلار تۇركۇمى شەرقىي تەڭرىتاغلىرىدىكى تەبىئىي يوچۇقلار ئارقىلىق تارىم ۋادىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 551 — 479 يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان كۇڭزى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كۇڭزىچىلىق دەستۇرى «نەسرنامە» دېگەن كىتابنىڭ «سەردار شۇن ھەزرەتلىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى» قىسمىدا: «كۇنچىقىشتىكى ئۈچ تايىپە كۇنپېتىشتىكى دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا)غا قېچىپ كەلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئاقساقال شۇن» — جۇڭگو تارىخىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە رىۋايەت قىلىنىدىغان بەش مەشھۇر ئاقساقالنىڭ بىرى ئىدى؛ «كۇنچىقىشتىكى ئۈچ تايىپە» — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھازىرقى جياڭسۇ، جېجياڭ ۋە خۇبېي ئەتراپلىرىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. «دەشت ئاتا» — قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى ھازىرقى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ، بۇ يەر تارىختا «توخارىستان» دەپ ئاتالغان. ئۇ تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئىدى. «كۇنچىقىشتىكى ئۈچ تايىپە» مىللەتلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدىكى توخارىستان ئېلىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە شۇ جايدا ياشىغان توخار، ئاسيۇ (ئاسىيا) قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشكەنىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 يىلى، جۇڭگونىڭ شىمالىدا قۇدرەتلىك ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى قۇرۇلدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە يېزىلىشىچە، خەن ۋېندىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن 176 يىل ئىلگىرى)، ھۇن تەڭرىقۇتى مەتە (تارىخنامىلەردە «باتۇر تەڭرىقۇت» دەپ ئاتالغان كىشى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 — 174 يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋېندى (ليۇ خېڭ . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 180 — 157 يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)گە ئەۋەتكەن دۆلەت مەكتۇپىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «كۆك تەڭرى تەرىپىدىن تەخت ئىنايەت قىلىنغان بۈيۈك ھۇن تەڭرىقۇتى خەن قاغانىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى ئېھتىرام بىلەن سورايدۇ... مەن قول ئاستىمدىكى بەگلەرنىڭ بىز ئىككى ئەل ئارىسىدىكى دوستلۇق ئەھدىنامىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن،

ئوڭ قول بېلگە خانىنى جازالىدىم. ئايغاقچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا كۈنپېتىشتىكى توخارلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدۇم. كۆك تەڭرىنىڭ ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى بىلەن سەنگۈن - چېرىكلىرىمنىڭ غەيرەت - شجائىتىگە ۋە تۇلپار - ئاتلىرىمنىڭ قۇيۇچ تۇياقلىرىغا تايىنىپ توخارلارنى يەڭدىم. بەزىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، بەزىلىرىنى تىز پۈكتۈردۈم. كىروران، ئاسىيۇ قاغانلىقى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ياشايدىغان غۇزلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىرمە ئالتە خانلىقنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىگە كىردى. ئوقيا كۆتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر تۇتۇن بولۇپ بىرلەشتى. يۇقىرىقى تەرەپتىكى زېمىنلار مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئۆتتى...» بۇ مەكتۇبتا تىلغا ئېلىنغان «تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ياشايدىغان غۇزلار» تارىخنامىلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان «ئوغۇز»لارنى كۆرسىتىدۇ. ئورقۇن مەڭگۈ تاشپۈتۈكلىرىدە «توققۇز ئوغۇز» بىلەن «توققۇز ئۇيغۇر» بىر قاتاردا قويۇلغان. دېمەك، شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئوغۇزلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدە ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

«تارىم» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيە 2 - ئەسىر مەزگىلىدە ياشىغان يۇنانلىق جوغراپىيون پتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىنىڭ «سېرىس ئېلى» (يىپەك ئېلى) قىسمىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ: «مەركىزي ئاسىيادا ياشايدىغان ئىرانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىدىن جەنۇبقا كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردىكى ئەسلىي ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان... ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۇيغارد دەرياسى ياقىسىغا پىئالايلار جايلاشقان. بۇ دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغاردلار ياشايدۇ» دەپ يازغان. ئەنگلىيەلىك ئالىم H. يۇلې: «ئۇيغاردلار — ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇيغارد دەرياسى — تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى ئىدى» دەپ يازغان.①

11 - ئەسىر مەزگىلىدە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە: «تارىم — ئۇيغۇرلار چېگراسىدىكى كۇچا دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ‹ئۇسمىي تارىم› دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ» دەپ ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. يەنە شۇ ئەسەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق دەپ ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن: «ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇرلار ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: ‹ئىنان خۇز خۇرەند — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن› دەپتۇ.»① بۇ يەردىكى «خۇز خۇرەند» دەپ ئاتالغانلارمۇ غۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادىيە 54 - يىلىدىن 87 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر سالنامىچى بەن گۇ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «خەننامە» دېگەن كىتابنىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قىسمىدا: «تاشقورغان، ئىناي (سىغىناق)، ئۇررى (ئىسسىققول) قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئاھالىسى يولئېرىق ئېلىنىڭ ئاھالىسى بىلەن بىر خەلق. يولئېرىق ئېلىنىڭ ئاھالىسى غۇزلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار چياڭ، تېلې (تۇرا)لارغا ئوخشاش ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرىدىغان ئەلدۇر» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. يولئېرىق — ھازىرقى قاغىلىق

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «يۇنان — لاتىن يازغۇچىلىرىنىڭ يىراق شەرقنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى»، 33 - بەتكە قارالسۇن. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاق چىغ دەرياسى بويىدا ئىدى. ئىناي (سىغىناق) ــــ ھازىرقى قاغىلىق ئەتراپلىرىدىكى جايلارنىڭ قەدىمكى نامى ئىدى. ئۇررى (ئىسسىققول) ــــ ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى جايلارنىڭ قەدىمكى نامى ئىدى. «خەننامە»دىكى بۇ مەلۇماتلارمۇ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە، تارىم ۋادىسىدا قەدىمدىن تارتىپ چاڭ، تېلي (تۇرا) خەلقىنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە يەنە: «كاشغەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام، ئۇلۇغچات قاتارلىق ئەللەردە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ ھەممىسى ساك نەسلىدىن ئىدى... ساكلار ــــ ‹يۇن› فامىلىلىك بەدىۋلەردۇر» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمكى ساكلارنىڭ مىللەت تېپىنىڭ ئاق تەنلىك ئارىيان ئىرقىدىن ئىكەنلىكى ئاللىقاچان مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتقا ئايلانغان ھەم شۇنىڭدەك ئەينى زاماندا تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىسىدا ياشىغان چياڭ، ساك، توخار ۋە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىرانىي قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەنلىكىمۇ ئاللىقاچان مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتقا ئايلانغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى تەڭرىتاغ - تارىم بويلىرىدا ياشىغان يەرلىك خەلق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىختا ئۇلار ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيەگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك. چۈنكى، تارىخنى بايان قىلىشتا تارىخىي پاكىتلار ئاساس قىلىنىدۇ. تارىخىي پاكىتلار ھەر خىل يازما تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. تارىخىي پاكىتلار بۇ ئىككى ئاساستىن ئايرىلىپ قالسا، يالغان ۋە سەپسەتە بولۇپ قالىدۇ.

## 4

ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا كۆپ سانلىق ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغ - تارىم بويلىرىغا مىلادىيە 840 - يىلى كۆچۈپ كەلگەن» دېگەن قاراشقا قوشۇلمىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىدى:

مىلادىيە 840 - يىلى، ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ - تارىم بويلىرىغا كۆچۈشى ــــ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور ۋەقە. شۇڭا، بۇ تارىخنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، بۇ ۋەقە ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىدىن يۈز بەرگەن بولماستىن، بەلكى، سەلتەنەت مەركىزىنى قاغانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئورقۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان سىياسىي مەركىزى قارا ئوردىدىن قاغانلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركەزلىرى بولغان قۇز ئوردۇ ــــ بالا ساغۇن بىلەن ئوردۇ كەنت ــــ كاشغەرگە يۆتكىگەنلىكتىن يۈز بەرگەن.

مىلادىيە 744 - يىلى، قۇتلۇق كۆل بىلگە قارا قاغان تەرىپىدىن قايتا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېل ئېتمىش بىلگە مويۇنچۇر قارا قاغان بىلەن ئۇنىڭ دانا ۋەزىرى ئىنانچۇر باغاتارقانلار تەرىپىدىن مۇستەھكەملەنگەن ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى موڭغۇلىيەدىكى ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىسىدا 100 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، 13 - ئەۋلاد قارا قاغان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قوشۇۋ شاد قارا قاغان زامانىغا كەلگەندە قاغانلىقنىڭ سەلتەنەت تۈزۈلمىسى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە بارغانسېرى ئۇيغۇنلىشالماي قالدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 302 - بەتكە، يەنە 94 -، 95 - بەتلەرگە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى 10 - ئاي 2 - نەشرى، ئۈرۈمچى 1 - باسمىسى.

شىپ، ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى - يېڭى مەسىلىلەر ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ياشايدىغان كىشىلەرگە مەملىكەتنى ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ئەمما ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن قالان - تۆزۈك (يەنى قانۇن - تۈزۈم)لەر بىلەن داۋاملىق ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. چۈنكى، ھەربىر زامان كىشىلەرگە ئۆز ناخشىسىنى ئېيتقۇزىدۇ. ئەمدىكى مەسىلە ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ بۇ ناخشىنى قانداق ئېيتىدىغانلىقىغا باغلىق بولۇپ قالغانىدى!...

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ھەرقايسى مەزگىللەردە تەڭرىتاغ - تارىم ۋە ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىدا قۇرغان قاغانلىقلاردىكى ھاكىمىيەتلەر ئۆزلىرى ئىدارە قىلىدىغان زېمىندا ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش، پۇقرالارغا ئاسايىشلىق بېرىش، خەزىنە - كىرىملەرنى تەرتىپكە سېلىش، باج - سېلىق، مائارىپ، نىكاھ ۋە ھەر تۈرلۈك ئەدلىيە تۈزۈملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئوغرى - يالغان ۋە باشقا تۈرلۈك جىنايى ئىشلارنى جازالاش، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ۋە خارجى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، مەملىكەتنىڭ ھۇدۇد - چېگرالىرىنى ساقلاش، دۈشمەن قوشنىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، زېمىن ھۇدۇدلۇقىنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەر ھۆكۈمرانلار گورۇھى دۇچ كېلىۋاتقان بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ھاكىمىيەتلەر ئىدارە قىلىدىغان زېمىن كەڭ، ھۇدۇد - چېگراسى ئۇزۇن بولغاچقا، مەملىكەتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرى بىلەن شەرقىي شىمالدىكى ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە بۇرۇن كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاغانلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن، كىروران، كۇسەن (كۇچا)، ئاگنى (قارا شەھەر)، قارا قوچۇ (تۇرپان)، بېشبالىق، ئالمالىق، ئىلىبالىق ۋە بالاساغۇن قاتارلىق شەھەرلەر قارا خانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا خېلى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. گەرچە، بۇ جايلارنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىشى مەزگىلىدە ئىلگىرى - كېيىنلىك بولغان بولسىمۇ ھەمدە كېيىنكى مەزگىلدىكى قارا خانىيلار دەۋرىدە بۇ جايلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ خىل مۇستەقىل مەدەنىيەتكە، يەنى قەشقەر - خوتەن تىپىك ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، قاراشەھەر - تۇرپان تىپىك بۇددا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، ئالمالىق - ئىلى تىپىك خىرىستىيان مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قەدىمدىن تارتىپ بۇ جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەدىمكى زامان تارىخىدىكى بۇ ئۈچ خىل شانلىق مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇشقانىدى.

**5**

خۇددى باشقا قەدىمكى مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرى بىلەن تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلار بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا «ئوغۇزخان» رىۋايىتىدىكى كۆك بۆرىنى ئۆزىگە ئاساسلىق توتېم قىلغان ھالدا «مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىش مەزگىلى»نى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ باسقۇچنىڭ روشەن ئىپادىسى — ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن يېڭى بىر نامنى قوبۇل قىلىشى بولدى. شۈبھىسىزكى، ئىلگىرىكى ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى بىرلىشىشلەر، ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن ئىتتىپاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى تۈرلۈك مەنپەئەتكە ئۇيغۇن كەلمەي قالغانىدى. سىياسىي جەھەتتىكى يېڭى بىرلىشىش ئېتنىك جەھەتتىكى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان يېڭى تەشكىللىنىشكە ئورۇن بوشىتىپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قاغانلىق مەيدانغا كەلدى ۋە ھەممىگە ئورتاق بولغان «ئۇيغۇر» دېگەن نام قوبۇل قىلىندى.

نىھايەت، بۇ مەزگىلدىكى تۈرلۈك مەدەنىيەت قاتلاملىرى كېيىنكى باسقۇچتىكىدەك ئېنىق ئايرىلمىغانلىقتىن، تەبىئەت بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ھايۋان بىرلىشىپ كەتكەنىدى. بۆرە ئەپسانىسى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى شۇ مەزگىلدە ياراتقان تۈرلۈك مەدەنىيەتلىرىنىڭ يادروسى ئىدى.

دېمەك، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئەپسانە - رىۋايەتلەردە تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك تەرتىپلىرىنىڭ ئىسپاتلىرى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئەخلاقلىرىنىڭ مىزان - بەلگىلىمىلىرى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قۇز ئوردۇ — بالاساغۇن بىلەن ئوردا كەنت — كاشغەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى. 840 - يىلى (مايمۇن يىلى) دىكى كۆچ - كۆچتە (تابغاچ خانى تاڭ ۋېنزۇڭنىڭ كەيچىڭ بەشىنچى يىلى) تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 200 مىڭدىن ئاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۇيغۇرلار ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق رايونى — تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىسىدىكى «مەدەنىيەتلىك يەرلىك مىللەتلەر» تەرىپىدىن ئاسىمىلاتسىيە قىلىنسا ئاندىن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئورقۇن - سېلىنگا بويلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان. شۇڭا، ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىدىن تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قىسىم يەرلىك ئاھالە ئوتتۇرىسىدا قان - قېرىنداش بار ئىدى، دەپ چۈشەنگەندىلا بۇنداق ئاسىمىلاتسىيە ھادىسىسىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە» ناملىق كىتابتا ئورقۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىلىرىغا كۆچۈشى ۋۇ زېتيەن (مىلادىيە 690 — 705 - يىللىرى ئارىلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەن) دەۋرىدىن ئىلگىرى باشلانغانلىقى قەيت قىلىنغان.

## 6

مۇھاكىمە يىغىنىدا بەزىلەر «مەھمۇد كاشغەرىي يازغان ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› دېگەن كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ھېچنېمە دېيىلمىگەن، شۇڭا، ‹قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېيىلگەندىمۇ، قارا خانىيلار سۇلالىسىنى ئۇيغۇرلار قۇرمىغان›» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق كۆپ ساندىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر بۇ نۇقتىئىنەزەرنى رەت قىلدى. ئۇلار مۇنداق قارىدى:

تەڭرىتاغ - تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە شەكىللىنىش تارىخىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىشلاردا ئىسپاتلانغان ئىزلىرىدىن باشلاپ يېزىش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن

ئىزدەشتەك ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى زاماندا قۇرۇم تاغلىرى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغ ـ ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغان چاڭلار، ساكلار، توخارلار، ئىرانىيلار، ھۇنلار، تۈركلەر ۋە باشقا مىللەتلەر ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئاللىقاچان ئۇيغۇر مىللىتىگە ئايلىنىپ كەتتى.

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇستەھكەملىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىمۇ خۇددى جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلنى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇنداقلا، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىپ چىقىشتا باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى قوشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان سىياسىيونلار، ھەربىي قوماندانلار، ئالىملار، تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار، ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلار چىققان. ئۇلارنىڭ تارىختا ياراتقان تۆھپىلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىجابىي رول ئوينىغان. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشلىرىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى جۇڭگو تارىخىدا ئەزەلدىن ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كېلىنمەكتە.

دېمەك، تارىخىي پاكىتلار ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆملۈك ـ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونېرى)

# ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى مەكتەپ ناخشىلىرى توغرىسىدا

تۇرسۇن ئەرشىدىن

1982 - يىلى مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «دارىلمۇئەللىمىن»دە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇ مەكتەپنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى مەن سورىغان سوئاللارغا ئەتراپلىق ھەم قىزىقارلىق جاۋاب بېرىپ، گەپ ئارىلىقىدا «مەكتەپ مارشى»غا ئالاقىدار مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

شېڭ شىسەي دەۋرىدە «ئاپرېل بايرىمى» (يەنى 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانى جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي ئۆزگىرىش، ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مېۋىسى كېيىن شېڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن ) كاتتا ھەم داغ - دۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى.

1940 - يىلىنىڭ «ئاپرېل بايرىمى» ھارپىسىدا مەكتىپىمىز باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، شۇ چاغدىكى مۇھىم بىر ئىش — مەكتەپ مارشى تەييارلاشقا يېتىشەلمەي قالغاندۇق. بايرامغا ئۈچ كۈن قالغاندا مەكتەپ مارشى بولمىسا بولمايدىغانلىقى، پاراتتىن ئۆتكەندە چاندۇرغانلىقىمىز سېزىلىپ تىت - تىت بولدۇق. مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ مەكتەپ مارشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ، قانداقلا بولمىسۇن، «مەكتەپ مارشى» تەييارلىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈستىگە مارش تېكىستىمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغدا لۇتپۇللانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇئەللىم، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئىش ئاسان.

ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىدۇق، چۈنكى شۇ كۈنى مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بايراملىق «تام گېزىت»، «مەكتەپ گېزىتى»، شۇنداقلا باشقا ئىشلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا كېلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر نەچچىمىز، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرنەچچەيلەن بىر سىنىپقا يىغىلغاندۇق. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەكتەپ پائالىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى ھەم تايانچىسى بولۇپ قالغان لۇتپۇللامۇ بار ئىدى.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ قېنى ئاسان يولنى دەپ باققىنا، — دېدىم لۇتپۇللاغا.

— مارش تېكىستىنى مەن يېزىپ چىقاي، سىز ماڭا بىر مۇۋاپىق ئاھاڭنى دەپ بېرىڭ، مەن شۇنىڭغا ئاساسەن بىر سائەتتىلا مارش تېكىستىنى يېزىپ چىقالايمەن! — لۇتپۇللانىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزگە بولغان ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى. بىراق بىز ئۇنىڭ مارش تېكىستىنى بىر سائەتتىلا يېزىپ چىقىمەن دېگىنىگە تازا ئىشەنمىگەنىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆگەنگەن ھەمدە شۇ چاغلاردا تولىمۇ شۆھرەت قازانغان ھەم كەڭ ئو-

مۇملاشقان بىر جەڭگىۋار مارشنىڭ ئاھاڭىنى دەپ بەردىم. لۇتپۇللا ئۇ ئاھاڭنى بىردەمدىلا تۇتۇۋالدى ـ دە چىقىپ كەتتى. ھەممىمىزنىڭ كاللىسىنى «لۇتپۇللا مارش تېكىستىنى يېزىپ چىقالارمۇ؟» دېگەن ئوي چۇلغىۋالغانىدى. «ئوقۇغۇچىلارنى ھەيۋەتلىك پاراتتىن قانداق ئۆتكۈزەرمىز؟» دېگەن غەم بىزنى قىينايتتى. ئارىدىن بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، لۇتپۇللا قايتىپ كىردى. ھەممىمىز ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئېلىپ، ئۇ يېزىپ كىرگەن مارش تېكىستىنى نۆۋەت بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق. تېكىست ناھايىتى ياخشى يېزىلغانىدى. ئۇنى ھېلىقى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ كۆرۈۋېدۇق، بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك بىلىنىپ كەتتى. مەن لۇتپۇللاغا قايىل بولدۇم ھەم مەسلىھەتلىشىپ ھەربىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەۋلانجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ يېڭى مارشنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدۇق.

بىردەمدىلا پۈتكۈل مەكتەپتە جانلىق، روھلۇق، يېڭى بىر كەيپىيات پەيدا بولدى. ئۇ مارشنىڭ تېكىستى يەڭگىل، ئاھاڭى كۆتۈرەڭگۈ بولغاچقا، يېرىم كۈن ئىچىدىلا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆگىنىپ بولدى. بايرامنىڭ ھارپا كۈنى پۈتۈن بىر كۈن مەكتەپ بويىچە مەشىق قىلىپ، ئەتىسى يەنى «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى كۈنى پاراتتىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئۆتتۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە بىزنىڭ شۇ چاغدىكى مارشىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەكتەپلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. مەكتىپىمىزنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. بىزمۇ ھاياجانلاندۇق. بىر ئەۋلاد جەسۇر ياشلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىۋاتقانلىقىنى جەمئىيەتكە نامايان قىلالىغانلىقىمىزدىن پەخىرلەندۇق.

شۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە مانا ھازىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى، نۇرغۇن سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈردۇق. كۆپ ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى. بىراق ئاشۇ مارش تېخىچە يادىمدىن كەتمەيدۇ. لۇتپۇللا يازغان «مارش»نىڭ:

كېلىڭ، كېلىڭ، ئۇلۇغ بايرام قارشى ئالىمىز،
چېلىش قاينىمىدا ئالغا باسىمىز!

دېگەن نەقراتىنى پات ـ پات غىڭشىپ قويىمەن.

يۇقىرىقى كىچىككىنە ئەسلىمە «قاينام ئۆركىشى» تەخەللۇسلۇق لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شائىرلىق تالانتى، ھازىر جاۋاب شېئىرلارنى يېزىشقا ماھىرلىقى، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ئەينى يىللاردا مەكتەپلەردە مەكتەپ مارشىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى، يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 ـ ئاپېرىل بايرىمى»دا پاراتتىن ئۆتكەندە مەكتەپ مارشى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، مەكتەپ مارشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنداقتا مەكتەپ مارشى دېگەن نېمە؟ «مارش» سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن فىرانسوزچە سۆز بولۇپ ئۇ: ھەربىي قوشۇندا يۈرۈشكە ئاتلانغان ئەسكەرلەرنىڭ قەدەم تاشلىشىنى بىردەكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، قوشۇننىڭ ھەيۋىتى ھەم قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ناخشىدىن ئىبارەت. ئەسلىدە ھەربىي يۈرۈشتە ئىشلىتىلگەن مارش جەمئىيەتنىڭ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشكىلات ھەم گۇرۇھلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ تەنتەنىلىك، دەبدەبىلىك مۇراسىملارنى ئۇيۇشتۇرۇش، نامايىشلارنى تەشكىللەش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتىغا

www.uyghurkitap.com

ۋەكىللىك قىلىدىغان، تەشكىلاتلارنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان بولغان. مانا مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك ناخشا ــ مارشلارنى ئۇنلۇك ئېيتىپ، سورۇنلارغا زور داغ ـ دۇغا بىلەن كىرىش ئومۇملاشقان. مارش مەكتەپلەرگە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان.

مارشنىڭ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە كىرىپ كېلىشى ئۇيغۇر يېڭى مارئاپىنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن مارشنىڭ «بىخ»لىرىمۇ تەڭ بارلىققا كەلگەن، ئۇيغور يېڭى مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ مارشمۇ تەرەققىي قىلغان ھەم ئومۇملاشقان.

يېڭى مائارىپ دېگىنىمىز ئەنئەنىۋي مەدرىسە مائارىپىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئەنئەنىۋي مەدرىسە مائارىپىدا نوقۇل دىنىي بىلىملەر ئاساسىي دەرسلىك قىلىناتتى. يېڭى مائارىپتا بولسا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان تەبىئىي پەن ھەم ئىجتىمائىي پەننىڭ باشلانغۇچ بىلىملىرى ئاساسىي دەرسلىك قىلىنىپ، دىنىي دەرسلەر قوشۇمچە قىلىناتتى. يېڭى مائارىپنىڭ دەرسلىكلىرى بويىچە دەرس بېرىدىغانلار ھېمايە قىلغۇچىلار تەرىپىدىن «ئەپەندىم»، «مۇئەللىم»، «ئوقۇتقۇچى» دەپ ئاتىلاتتى. قارشى تۇرغۇچىلار تەرىپىدىن «كالتە قۇيرۇق»، «جەدىت» ھەتتا «كاپىر» دېيىلەتتى. ئۇلار مەيلى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن بولسۇن، مەيلى ئۆز ۋەتىنىدە ئوقۇپ يېتىلگەن بولسۇن ئوخشاش ئاتىلاتتى. يېڭى مائارىپتا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ مەزمۇنى يېڭى ئىدى. بۇنداق مەكتەپلەر دىنىي مەكتەپلەردىن پەرقلەندۈرۈلگەن ھالدا «پەننىي مەكتەپ» دەپمۇ ئاتالغانىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغىچە رايونىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەكتەپلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. بولۇپمۇ غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى رايونىدا مائارىپ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1949 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدا ئىككى ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى باشقۇرۇۋاتقان جايلىر بىلەن گومىنداڭ ئىدارە قىلىۋاتقان رايونلاردا مائارىپنىڭ تەرەققىياتى پەرقلىق بولغان.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ «يېڭى» دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب بولغان يەنە بىر يېڭى ئىش ئۇنىڭدا مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىگى ھەم تەرەققىي قىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى يېڭىچە مەكتەپلەردە ئۆزىگە خاس شېئىرلارنىڭ ئەركىن يېزىلىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئاھاڭغا سېلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىشى ئىلگىرىكى «ئۆي مەكتەپ»، «خانىقا»، «قارىخانا»، «مەدرىسە»لەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.

ئىلىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەردە ئاشۇ يىللاردا ئېيتىلغان مەكتەپ ناخشىلىرى خېلىلا كۆپ بولۇپ، مەزمۇنىمۇ ھەرخىل ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى مۇنۇلار:

ئىنگلىز، رۇس، ياپون ھەم يۇنانچە ئۆگەنمەك،
مۇھىمدۇر تىل يازۇسى، ھۇنەرى ئىلمىنى بىز بىلمەك.

* * *

يېڭى مەكتەپ بېغىدا ئېچىلدى گۈل، ئەترە، رەيھان،
ئىلى شەھرىنى خۇشبۇي ھىدى قىلدى خاسىيەتلىك دەۋران.

* * *

ئالما گۈلى گۈل بولمايدۇ، قىسساڭ چېكەڭدە تۇرماس،
ئۆتكەن زالىم ھۆكۈمەتلەر، ئاخىر بىزگە دوست بولماس.
قايتارما: ئوڭ قولۇمدا قورالىم، سول قولۇمدا قەلەمىم.

*　　*　　*

بىلىم ئەھلى مەرىپەت بايان قىلسا،
مەدەنىيەتنىڭ سۆزىنى ئايان قىلسا،
مۇتەئەسسىپ جاھىللار تالايدۇ ئۇنى،
شامالغا يا بىكارغا كېتىدۇ سۆزى.

1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا سۈيدۈڭ ناھىيەسىدە قۇرۇلغان «خەيرىيە مەكتىپى» نىڭ بىرقەدەر تولۇق ساقلانغان مەكتەپ ناخشىسى تاشاخۇنۇمنىڭ ئوغلى نەجمىدىن ئەزىزى يازغان «يېتىملار زا-رى» دېگەن شېئىر بولۇپ، ئۇ مۇنداق ئىدى:

يۈرەرمىز پەرىشان كۈندە تەلمۈرۈپ،
ئاتا يوق، ئانا يوق، يېتىم بىز غېرىپ.
يېيەرگە، كىيەرگە يوق، ئاچۇ ـ يالاڭ
ئۆتەرمىز جاپادا ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ.
ئوقۇر، ئوينىشار، باي ئوغۇل ـ قىزلىرى،
كىيىملەر پۈتۈن قىپقىزىل يۈزلىرى،
لېكىن بىز يېتىملەر ساماندەك سارغىيىپ،
يۈرەتتۇق ئاچ ـ زېرىن ھەم نادان قېلىپ.
ئۆتمۈشتە ئارزۇلار قىلىنغان دەپسەنت،
بويۇنلار قىسىلغان، كۆڭۈللەر زەرداپ.
ئوقۇشقا ئىشتىياق بولسىمۇ بىزدە،
يول قويماس يوقسۇللۇق توسالغۇ بولۇپ.
«مەكتىپى خەيرىيە» قۇرۇلۇپ شۇئان،
مەرىپەت نۇرىنى چاچتى بىزلەرگە،
مېھرىبان ئاتىلار چىقتى مەيدانغا،
بىز ئۇچۇن كۆكرىكىن كېرىپ ئىشلەشكە.

غۇلجا شەھىرىدىكى ئابدۇمۇتائالى خەلپەم قۇرغان «تائالىيە مەكتەپ»نىڭ مەكتەپ ناخشىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغان پارچىلار مۇنۇلار:

كۈچلۈك بۇ قولۇم،
كىرسىز ئاق كۆڭلۈم.
دۇنيا شاۋلاتۇر (خۇشالدۇر)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەن ئاڭلاپ تۇر.
ئەلنى بېزەكلەپ،
تىرىش ياش باتۇر.
ئاللاغا شۈكۈر،
بۇ كۈننى كۆردۇق.
ئىمتىھان بېرىپ،
بىزلەر شاتلاندۇق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شۇ چاغلاردا ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە كەڭ تۇردە ئېيتىلىپ، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن، كۆپ قىسمى مەمتىلى ئەپەندى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئاز بىر قىسمىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان «مەكتەپ ناخشىلىرى»مۇ خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ غۇلجىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالغان پارچىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### مەكتەپ

مەكتەپ، مەكتەپ، مەكتەپ دوستلار،
چاقىرادۇ بىزلەرنى.
ئىلمۇ - ئىرپان نۇرى بىلەن،
يورۇتايلى كۆزلەرنى.

ئوقۇپ - ئوقۇپ ئالغا بېسىپ،
ئوقۇپ - ئوقۇپ ئالغا بېسىپ.
مەملىكەتنىڭ كەڭ قوينىدا،
ئەركىن ئۈزۈپ - ئەركىن ئۈزۈپ.

### ئانا ماكان

مەمتىلى ئەپەندى

ئاچ، كۆزلىرىڭنى، ئۇخلىما، ئويغان!
بۇ ئانا ماكان، كانىدۇر ئېرپان،
تىرىشىپ ئوقۇشقا يارالدى ئىمكان.
نەقرات:
ئوقۇ، ئۆرلە ئالغا يۇر ھامان!
مەرىپەت بىزگە بېرەر شەرەپ - شان.

ياشلىق بىزلەرگە ئوقۇش دەۋرىدۇر.
بىلىم بېغىدا گۈللەرئاچىلۇر،
ھەرگۇل شېخىدا بۇلبۇل سايرىشۇر.

نەقرات:
ئوقۇ، ئۆرلە ئالغا يۈر هامان!
بىلىملىك ئەۋلاد قۇچار شەرەپ ـ شان.

ئىلىم ـ هېكمەتتىن بولۇر ئىززىتىڭ،
ئەخلاق ـ پەزىلەت بولسۇن خىسلىتىڭ،
ساغلام بەدەندۇر، ئۆمۈر زىننىتىڭ.
نەقىرات:
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر هامان!
كۆتەر بىزلەرنى مىڭلاپ شەرەپ ـ شان.

**تىلىكىم ئوقۇش**

مەمتىلى ئەپەندى

مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش،
جان بىلەن تېنىم ئوقۇشقا قۇربان.
ئانا مەكتىپىم دىلنى يورۇتۇر،
ئوقۇپ ۋەتەندە قىلىمەن جەۋلان.
نەقرات:
كېلىڭ دوستلار بىرلىشەيلى،
پەن ـ ئېرپانغا ئېرىشەيلى.

مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش،
جان بىلەن تېنىم ئوقۇشقا قۇربان،
ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇمىغاچقا،
قالدىلەر زارلاپ، قاخشاپ هەر زامان.

**قوپ، ئى ئاداش!**

مەمتىلى ئەپەندى

قوپ، ئى ئاداش، بىر ئەتراپىڭغا باق!
باق، نە كۆرەرسەن؟ ئويلانغىن ئۇزاق!
دەرسۇ ـ ئىبرەتلەر كېلۇر جاهاندىن،
ياۋرۇپالاردىن ئال ئەمدى ساۋاق!
نەقرات:
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتەدۇر كۈچ!

ئۇلار ئىلمى هېكمەت بىلەن يۈرەر،

سىنەلەرىدە ھەممەت بىلەن يۈرەر.
جۇملە جاھاننى يۇتماق ئىستەيۇر.
نەقرات:
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتەدۇر كۈچ!

ئى ئاداشلار، ئويغان ئاداشلار،
ئويغانغانلار ئويدان ئاداشلار،
قاچانغىچە ئۇخلاپ ياتۇرمىز،
ئويغاندى ئالەم، تۇغدى قۇياشلار.
نەقرات:
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتەدۇر كۈچ!

**خەلقىم يۇر ئەمدى**

مەمتىلى ئەپەندى

خەلقىم يۇر ئەمدى،
مەكتەپ ئاچايلى.
نادانلىقلارغا،
قارشى تۇرايلى.
نەقرات:
ئارش، مارش، ئارش،

يۈرۈك ئارقاداش.
غەپلەتتە ياتماي،
ئەمدى كۆزۈك ئاچ!

ئۆزۈڭدىن بىرى،
نادانلىق دەردى،
يۇرت، خەلقىمىزنى،
ۋەيران ئەيلىدى.
نەقرات:
ئارش، مارش، ئارش،

يۈرۈك ئارقاداش.
ئوقۇيلى ئەمدى،
يۇرتۇڭغا نۇر چاچ.

**ھەيدىن ئارقاداش**

خەلقىڭگە دالىم،
مەكتەپ ئاچالىم.
نادانلىقلارغا،
قارشى چىقالىم.
نەقرات:
مارش، مارش، مارش،

ھەيدىن ئارقاداش،
ئىلگىر قارا، يۈر.
ئىلمەلىرىڭ ساچ!
ئاتمىش يىل بىرى،
نادانلىق دەردى،
يۇرت ـ خەلقىمىزنى،
ۋەيران ئەيلىدى.
نەقرات:
مارش، مارش، مارش،

ھەيدىن ئارقاداش،
ئىلگىر قارا، يۈر،
ئىلمەلىرىڭ ساچ.
ئىلىم ئوقۇيلى!

**قۇتۇلۇش**

تۇرغۇنجان ئابدۇرېھىم (ئۆزبېك)

قۇتۇلۇش يولىدا، سۇدەك ئاقتى، بىزنىڭ قانىمىز،
دەپسەندە بولدى، پۇل ـ مال ھەم جانىمىز.

**ئارسلان ئوغلان**

ئارسلان ئوغلان، ئارسلان ئوغلان،
بولدى سەنگە ئوبدان زامان.
مەكتەپ ئېچىلدى، تېز قىل سەن جەۋلان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

ئىلىم ئالايلى، ئى قېرىنداشلار،
ئىلىم ئىنساننىڭ هايات بۇلۇقى.
ئوقۇش دەۋرى كەلمىشتۇر،
غەيرەتتىن يانار يۇرتنىڭ يورۇقى.

يۇقىرىقىلاردىن ئەينى يىللاردا بارلىققا كەلگەن مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ خېلىلا كۆپلۈكى، تۈرلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىللىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ ھەقتە ئىزدىنىش، قېزىش، يورۇققا چىقىرىش ئىشلىرىنى ئىشلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنىمۇ ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئىلى رايونىدا مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ خېلىلا كەڭ ئومۇملىشىشى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنى چوڭقۇر، تەسىرى تېز، ئېيتىلىشى جۇشقۇن، ئوقۇغۇچىلار مارشقا ماڭغاندا قەدەم ھەم بەدەن ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا باپ كېلىدىغانلىرى بەك قارشى ئېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت مۇسابىقىلىرى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى، زور يىغىلىشلار، نامايىشلار، ئاممىۋي پائالىيەت قاتارلىقلاردا ھەربىر مەكتەپنىڭ ھەيۋەت بىلەن، ئۇنلۇك ئېيتىپ مەيدانغا كىرىپ كېلىدىغان مەكتەپ مارشلىرىمۇ بار بولغان. مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىشى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۈزۈكسىز يۈكسىلىشى مەكتەپ ناخشا ـ مارشلىرىغا بولغان تەلەپنى بارغانسىرى ئاشۇرغان. بۇ ئەھۋال مەكتەپلەردىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە مەكتەپ ناخشىلىرىغا ئېتىبار بېرىدىغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئاھاڭى، ئورۇندىلىشىنى شۇ مەكتەپنىڭ ھەر تەرەپلىمە سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۇ ھال تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك مەكتەپ ناخشا ـ مارشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. ئەينى يىللاردىكى «مەكتەپ ناخشا ـ مارشلىرى» ئىچىدە كەڭ ئومۇملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنۇ مارشلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

### ئىزچىلار مارشى

مەمتىلى ئەپەندى

بىز ئىزچىلارمىز، يۇت ـ قوللارىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.
ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇرۇپ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا.
نەقرات: ئۆگەن، تىرىش، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

## «بىرلىكتەدۇر كۈچ» مارشى

ئۆلۈم يا كۈرۈم دەپ مىليۇنلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چۈشتى باغلاپ بەل.
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
بۇ كۈرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسىدۇر ھەل.
نەقرات:
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىر، ئىككى، ئۈچ،
ياخشى بىلىڭ دوستلىرىم بىرلىكتەدۇر كۈچ!

## مۇئەللىملەر مارشى

مەمتىلى ئەپەندى

بىز — مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن مەكتەپ ناخشىلىرى ھەم مەكتەپ مارشلىرى بىزنىڭ يەنىمۇ ئەتراپلىق ئۆگىنىشىمىزنى ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم تار - خىي تېما. شۇڭا بۇ ئىشقا مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخى تەتقىقاتچىلىرى، تەزكىرىچىلەر، تارىخچىلار - نىڭ ئىشتىراك قىلىشىنى تەسىيە قىلىمەن.


پايدىلانمىلار:

(1) ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى سانلىرىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق ماقالە.

(2) «غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 — 6 ـ سانلىرى.

(3) «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ بارلىق سانلىرى.

(4) «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 20 ـ، 23 ـ، 24 ـ، 28 ـ سانلىرى.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

يېكېمىڭغاداي ئىرىنچىن (موڭغۇل)

يولۋاس راشىدىن تەرجىمىسى

*[مۇھەررىردىن: يېكېمىڭغاداي ئىرىنچىن (亦邻真 1931 ـــ 1999)، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇتەخەسسىس، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى موڭغۇلشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئۇل سالغۇچىسى. جۇڭگو موڭغۇل تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى، پەخرىي باشلىقى، جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى دېگەندەك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.*

*ئىرىنچىن ئەپەندى موڭغۇل تارىخى، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر تارىخى، يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىدە شۆھرەت قازانغان، ئىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا زور تەسىر قوزغىغان مۇتەخەسسىس بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە موڭغۇلىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى موڭغۇلشۇناسلىق ئىشداشلىرىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ھەم خەلقئارا موڭغۇلشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ گىگانت ئىلىم ئەھلى دەپ تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن.*

*«جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» دېگەن بۇ ماقالىدا، ئىرىنچىن ئەپەندى مول ئەسەر ـ ھۆججەت ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، تىلشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە ئەترابلىق ھەم چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. ماقالىدا: «موڭغۇل مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە يادرو قەبىلە سىبىرۋى ـ تاتارلاردۇر. موڭغۇل تىلى سىبىرۋى ـ تاتار تىلى ئاساسىدا تۈركلىشىش جەريانىدىن كېيىن شەكىللەنگەن. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھەممە يېرىنى تۈركىي قەبىلىلەر قاپلاپ تۇرغان تاشقى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە موڭغۇللىشىش تارىخىي جەريانى باشلانغان. موڭغۇل تىلىغا تۈركىي تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان زور مىقداردىكى سۆزلەر، موڭغۇللاردىكى قويۇق تۈرك تەسىرى ۋە تۈركىي تىلدىكى يەر ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى نۇرغۇن تېلېلارنىڭ موڭغۇللارغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ماكان جەھەتتىن ئالساق، سىبىرۋى ـ تاتارلار شەرقىي غۇزلار ئەۋلادىنىڭ تارىخىي ئېتنىك رايونى (ئاساسەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي قىسمى)دىن پۈتكۈل موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە تارقىلىپ، تېلېلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ئولتۇراقلاشقان. ئانتروپولوگىيەلىك ئامىللار جەھەتتىن ئالساق، موڭغۇل مىللىتى شەكىللىنىش جەريانىدا ھەر خىل باشقا مىللەت ئاھالىلىرىنى، جۈملىدىن موڭغۇل بولمىغان*

*بىر بۆلۈك ئاھالىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالساق، موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى مىللىي يېزىق قىلىپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ۋە سەنئەت شەكىللەندۈرگەن. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتىن ئالساق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە دېگۈدەك پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بولدى» دەپ بايان قىلىنغان. پىروفېسسور ئىرىنچىننىڭ بۇ قاراشلىرى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ، موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساس ئېقىم تەلىماتىغا ئايلاندى. ژۇرنىلىمىزدا بېرىلگەن بۇ ماقالە «ئىرىنچىننىڭ موڭغۇلشۇناسلىق ماقالىلىرى توپلىمى» (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى)دىن تەرجىمە قىلىندى.]*

* * *

موڭغۇل دىيارىنىڭ يازمىغا ئېلىنىشىنى كېيىن دېگەندىمۇ يېغىلىق دەۋرىگە باغلاشقا بولىدۇ. ھۇن دەۋرىدىن بۇيان، بۇ كەڭ ئېگىزلىكتە چوڭ - كىچىك نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر پائالىيەت قىلدى، گۈللەندى ۋە يوقالدى. 13 - ئەسىردىن كېيىن، موڭغۇل دىيارىدا تىل، رايون ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقى بولغان، ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان موڭغۇل مىللىتى شەكىللەندى. موڭغۇللار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت بۆلۈنۈش ۋە سىڭىشىش تارىخىغا ۋارىسلىق قىلغان، خىلمۇ خىل قەبىلە ۋە ئاھالىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن مىللەتتۇر.

موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مۇنداق مۇناسىۋەت ئۇزاقتىن بېرى بەس - مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كەلدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ھەر خىل قاراشلىرىنى قويىدى، ھەر قېتىملىق كەسكىن ئىلمىي مۇھاكىمىلەر تەتقىقاتنى ئالغا سۈردى. ئالدىنقىلارنىڭ ئىجابىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇزۈكسىز يىغىنچاقلاپ، تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىزنى بۇ مەسىلىنىڭ ئاخىر ھەل بولۇشىغا بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرۇپ بارىدۇ.

ئېتنىك مەنبەنى پەرقلەندۈرۈش ئۇنىۋېرسال تەتقىقات خىزمىتى. تارىخىي يازما ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغاندىن سىرت، يەنە ھەمىشە فىلولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، ئېتنولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، يازما ھۆججەت ئاساسى يېتەرسىز بولغان چاغدا، بۇ ۋاسىتىلەر تولىمۇ مۇھىم. موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى تەتقىقاتىنى ئېلىپ ئېيتساق، تەبىئىيكى، يازما ھۆججەتلەر ئەڭ تۈپكى ئاساس، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرى بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىراق، بۇ يازما ھۆججەتلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىپ، راست - يالغان، ئاق - قارىسىنى ئىنچىكە پەرقلەندۈرگەندىلا، تەتقىقاتنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. مىللەت تەۋەلىكىنى بەلگىلەشتە فىلولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ئەھمىيىتى زور، چۈنكى، تىل ئورتاقلىقى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بىرىنچى ئامىلى. تىل ماتېرىياللىرىنى چوقۇم تارىخىي، ئىلمىي مېتود بىلەن تەتقىق قىلىش كېرەك، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىشقا، ئويدۇرۇپ چىقىشقا ۋە زورمۇ زور قۇراشتۇرۇشقا بولمايدۇ، مۇنداق قىلىش جەزمەن مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئېتنىك ئورتاقلىقنىڭ تەبىئىي گەۋدە خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، مىللەت تەۋەلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئۇنىڭمۇ پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى زور. مىللەت ئىرقىي كاتېگو-

رىيە ئەمەس، بەلكى تارىخىي كاتېگورىيە، شۇڭا، ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ قىممىتى نىسبىي بولىدۇ، ئۇنى ھەل قىلغۇچ ئۆلچەم يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. ئېتنولوگىيەلىك ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار جانلىق ۋە كۆرسەتمىلىك بولۇپ، بۇ جەھەتتە يازما ھۆججەت ماتېرىياللىرى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ، ئۇ بىزنى ئۆرپ ـ ئادەت، ماددىي مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى بىلەن تەمىنلەپ، مىللەتنىڭ مەدەنىي ـ پىسخىكىلىق ساپاسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشمۇ شەرتلىك بولىدۇ، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت تەسىرى، مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەتلىرىنىڭ بەزى ئوخشاش ۋە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىنى مىللەت مەنبەسىنى بەلگىلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆپ يىللىق موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش ئەمەلىيىتى بىزنى نۇرغۇن ئىجابىي ـ سەلبىي تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىز ئىلمىي تەتقىقاتتا دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، تارىخنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە مۇتلەق ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. تەتقىقات خىزمىتى تارىخىي جەرياننى قانچىكى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. تونۇشىمىزنى تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرماي، ئەكسىچە، ئوبيېكتىپ تارىخنى مەلۇم بىر ئەزەلىي سۇبيېكتىپ قاراشقا ياكى پىراگماتىزىملىق ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇددىئاغا مۇۋاپىقلاشتۇرماقچى بولساق، ئاقىۋەت مەغلۇپ بولماي قالمايمىز.

## 1

ھۇنلار سالنامىلەردە موڭغۇل دىيارىدىن تۇنجى بولۇپ تىلغا ئېلىنغان ئېتنىك ئورتاق گەۋدە، يېغىلىق دەۋرىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن بىر كۈچ. ھۇنلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۈچلۈك دۆلەت قۇرغان. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سىيانپىلار ھۇنلارنىڭ موڭغۇل دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. موڭغۇل دالالىرىدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن، بىر قىسمى سىيانپىلارغا قېتىلغان، بىر قىسمى غەربكە ــ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن.

ھۇن دېگەن نام ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش ئۇزۇنلىمەي كېلىۋاتىدۇ، ھەر كىم ئۆز قارىشىنى قويىدۇ. بەزىلەر موڭغۇلچە «بۆرى» دېگەن سۆز دېسە، بەزىلەر تۈركچە «ئون»، يەنە بەزىلەر تۈركچە «كۈچلۈك» دېگەن سۆز دەيدۇ. كۆپرەكى «ھۇن» موڭغۇلچە «ئادەم» دېگەن مەنىدە دەيدۇ.[1] تالاش ـ تارتىش كۆپ بولسىمۇ، تېخى نەتىجىسى چىقمىدى. ھەقىقىي ئىلگىرىلەش شۇكى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سوغدىچە ۋەسىقىلەردە «ھۇن» نىڭ سۇغدىچە VWN (بۇنى khun دەپ ئوقۇشقا بولىدىكەن) دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى بايقالغان[2].

ھۇنلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە تىلى تېخىمۇ كۆپ تالاش ـ تارتىش بولغان تېما[3]. پاللاستىن بۇيان ھۇنلار موڭغۇللاردۇر دېگەن پىكىر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەلدى. بىچۇرىنىنىڭ سۆزى ئەڭ تىپىك، ئۇ دەيدۇ: «ھۇن موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى مىللەت نامى، خەنزۇلار ئۇنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئىككى خەت بىلەن ئىپادىلىگەن: 匈 — 凶恶 (ياۋۇز)، 奴 — 奴仆 (قۇل)، لېكىن ھۇن دېگەن بۇ موڭغۇلچە سۆز خاس ئىسىم، ئۇنىڭ خەنزۇچىدىكىگە ئوخشاش مەنىسى يوق»[4]. بىچۇرىنىنىڭ ئاساسى ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ھۇنلار ھازىرقى موڭغۇللار يېرىدە ياشىغانىكەن، ئۇلار موڭغۇل بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. خوۋارىسمۇ شۇ قاراشتا. بۇ، يەرلىكلەشتۇرۇش خا-

تالىقى، مىللەتلەر ئەزەلدىن بىر ئورۇندىن قوزغالماي ياشايدۇ دەيدىغان يەرلىكلەشتۈرۈش قارشى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر سەپسەتە ئىكەنلىكى ئېنىق. J. شمىت، B. بېرگمانلارمۇ ھۇنلار موڭغۇلچە سۆزلەيدۇ دەپ قارايدۇ. مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، شىراتورى كۇراكىچى ھۇنلار تۈركىي قەۋم دېگەن تەشەببۇسنى ھۇنلار موڭغۇل دېگەن قاراشقا ئۆزگەرتتى. مۇنداق ئۆزگەرتىشكە ئەينى چاغدىكى ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق سىياستىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش سەۋەب بولغانلىقى روشەن. شىراتورىنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق تەشەببۇسنىڭ مەقسىتى ياپون پۇقرالىرىدا موڭغۇللارغا نىسبەتەن «قىزىقىش پەيدا قىلىش» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان[5]. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاساسەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۇنلار موڭغۇل دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. ئالدىنقى ئەسىردە باشلانغان ھۇنلار تۈرك دېگەن قاراشنىڭ ئورنىنى بۇ ئەسىردە ھۇنلار موڭغۇل دېگەن قاراش ئىگىلىدى. V. رادلوف، ئىدۋارد شاۋان، پول پېلىيوت، كلاۋۇس كارلىگرېنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەرەپتە تۇردى. بەزى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركلوگلىرى ھۇن تىلىنى تۈركىي تىللارنىڭ ئەجداد تىلى دەپ قاراپ، تۈركىي تىللارنىڭ شەرق ـ غەرب ئىككى چوڭ تارمىقىنىڭ ئىككىلىسى ھۇن تىلىدىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتاي تىلى تەلىماتى، ئەسلىدىكى چۇۋاش ـ تۈرك تىلى تەلىماتى قاتارلىقلارمۇ بار[6].

ئەلۋەتتە، تىل مىللەت تەۋەلىكىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئامىلى. ھۇنلارنىڭ تىلى توغرىسىدا يازما ماتېرىياللاردا بەزى نەرسىلەر بار. غەربىي خەنلىكلەر ھۇنلارنى «ئەدەپسىز، سۆز ـ جۈملىسى تەتۈر»[7] دېگەن، بۇ كىشىگە تەبىئىي ھالدا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تولدۇرغۇچى ـ خەۋەرلىك جۈملە شەكلىنى ئەسلىتىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان تېلېلارنىڭ «تىلى ھۇنلار تىلىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئازراق پەرق قىلىدۇ»[8]. شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭدا قۇرغان ياپبان ئېلىدىكىلەرنىڭ «ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تىلى قاڭقىللار بىلەن ئوخشاش»[9]. بۇ خاتىرىلەر ھۇنلار جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان مەلۇم بىر تىلدا سۆزلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى ئېھتىماللىق بار: بىرىنچى، ھۇن تىلى ئەزەلدىن تۈركىي تىل ئىدى، ئىككىنچى، ھۇنلارنىڭ تىلى بىر نەچچە يۈز يىل جەريانىدا تۈركىي تىلغا ئاسسىمىلاتسىيە بولغان، بۇمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى، ھۇنلار خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىن قۇملۇقنىڭ شىمالىغا چېكىنگەندىن كېيىن، تۈركىي تىللار دېڭىزىغا كىرىپ قالغان، بىر نەچچە ئەسىر ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشىگە يېتىپ ئاشىدۇ. يەنە بەزى ئالامەتلەرمۇ ھۇنلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل ئىدى دەيدىغان تەسىراتنى كۈچەيتىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى ئابافان ئەتراپىدىكى ھۇن ئوردىسى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كاھىش پارچىلىرىدا بايقالغان تۆت تامغا قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى Le (ياكى C)، La (ياكى I)، A، Sa غا بەك ئوخشايدۇ[10].

خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ھۇنچە بىر نەچچە سۆز خەنزۇ يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن ۋە مەنىسى قوشۇمچە قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا، چىن، خەن، ۋېي، جىن (晋) دەۋرلىرىدىكى كىتابلاردا ئاھاڭ تەرجىمىسىدە بېرىلگەن نۇرغۇن ھۇن كىشى ئىسىملىرى بار. ئالىملار بۇ تىل ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىپ، ھازىرغىچە ھېچقانچە نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، نۇرغۇن يەكۈنلەر قىياس، زورمۇ زور باغلاش، ھەتتا بەزى كۈلكىلىك گەپلەردىنلا ئىبارەت بولدى. پەقەت ئايرىم سۆزلەرنىڭ يەشمىسىدىن گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، «撑里» نىڭ مەنىسى tengri (تەڭرى). بىراق، بۇ «تەڭرى»

www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆز ئالتاي تىل سىستېمىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ھۇن تىلى قايسى تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شىراتورى كۇراكىچىنىڭ يەككە سۆزلەر تەھلىلى ۋە ئەبجەش مېتودولوگىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان ھۇن ــ موڭغۇل تەلىماتىدا خالىغانچە ئېلىنغان ھازىرقى زامان تىلى ۋە دىئالېكت ماتېرىياللىرى بىلەن ھۇن تىلى تىل سىستېمىسى ۋە تىل ئائىلىلىرىدىن ھالقىپ سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇ تىل ۋە دىيالېكتلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنمىغان. مەسىلەن، ئاران نەچچە يۈز يىللىق تارىخى بار يېقىنقى زامان بۇرىيات دىيالېكتىدىكى shuhutai (قانلىق) دېگەن سۆزنى ھۇنچە «روت» (若鞮، ۋاپادار) دېگەن سۆزگە ئوخشىتىپ، «قانلىق» بىلەن «ۋاپادار» نىڭ مەنىسى نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاشمىغان. چىن ـ خەن دەۋرىدە خەنزۇچە «屠»(do*)[11] خېتى sho دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئويلاشمايلا، «屠耆» (贤، تۇغ، دانىشمەن) سۆزى موڭغۇلچە chike (تۈز)، ياپونچە «贤» (saka)، «直» (sugu) سۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئىلمىي بولمىغان مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشنىڭ نەتىجىسى مۇنداق چىققان: 17 سۆزدىن موڭغۇلچە دېيىلگىنى 2، تۈركچە دېيىلگىنى 2، تۇنگۇسچە دېيىلگىنى 3، تۈرك، موڭغۇللارغا ئورتاق دېيىلگىنى 1، موڭغۇل، تۇڭگۇسلارغا ئورتاق دېيىلگىنى 4، موڭغۇل، تۈرك، تۇنگۇسلارغا ئورتاق دېيىلگىنى 6[12]. بۇ يەردە «تۇڭگۇسچە» دېيىلگەن سۆزلەر ئەڭ كۆپ («ئورتاق» دېيىلگىنى بىلەن قوشۇلۇپ 13 سۆز بولۇپ، 17 سۆزنىڭ 76% ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ)، شۇنداق تۇرسىمۇ، ھۇنلار موڭغۇل تىلىدا سۆزلەيدۇ دەپ خۇلاسە قىلىنغان!

شىراتورى كۇراكىچى ياپونىيەنىڭ ئېلىمىزنىڭ موڭغۇل رايونىغا تاجاۋۇز قىلىش «قىزىقىشىنى قوزغاش» ئۈچۈن قۇتۇلالماس زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشتە ئىشجامىسىن (伊什札姆茨) شىراتورىدىنمۇ ئۆزاپ كەتكەن، ئۇنىڭ «ھۇنلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»[13] دېگەن ماقالىسى پۈتۈنلەي فىلولوگىيەلىك ھەزل ـ چاقچاقلار بىلەن تولغان. ئۇ موڭغۇل تىلى لېكسىكىسى ۋە مورفولوگىيەسىنىڭ تارىخىنىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرماي (قەدىمكى خەنزۇ تىلى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايلا تۇرايلى)، «ئەكسىيەتچى تۈركىي تارىخچى» لارغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھۇنلار موڭغۇل تىلىدا سۆزلەيدۇ دەپ جاكارلىغان، «屠耆» (贤) نى zhugiin (ھازىرقى موڭغۇل تىلىدا: يۆنىلىش، تەرەپ) دەۋالغان. ئۇ «屠» نىڭ ھېچقانداق چاغدا zhu ئوقۇلمىغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن، ھەتتا موڭغۇل تىلىنىڭ تارىخىدىنمۇ قىلچە ساۋادى بولمىغان: zhugiin قەدىمكى موڭغۇل تىلىدا پەقەت un — zhugدەپلا ئوقۇلىدۇ. ئۇ «顿冒» نىڭ «墨毒» (mak*) ئوقۇلىدىغانلىقىغىمۇ قارىماي، ئۇنى موڭغۇل تىلىدىكى modun (دەرەخ، ياغاچ) دەۋالغان ــ شۇنىڭ بىلەن بۇ تەڭرىقۇت ياغاچ پادىشاھقا ئايلىنىپ قالغان! ئۇ «单于» (تەڭرىقۇت) نى «单干» دەپ ئوقۇپ، ئاندىن «单干» نى «تارخان» ۋە «دارۇغاچ» قا ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇ كۇسەنلىك مەشھۇر بۇددا ئۇستازى راھىب بۇددۇچىڭا (232 ــ 348) نىڭ ئاياغ قاپىيەلىك ئىككى مىسرا شېئىرى (موڭغۇل نەزملىرى باش قاپىيەلىك بولىدۇ) «秀支替戾冈 仆谷勾秃当» (تەرجىمىسى: قوشۇن چىقتى يولغا، پۈگۈ چۈشتى قولغا) نى ھېچ كۈچىمەيلا يېقىنقى زامان موڭغۇل تىلىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ يەنە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنداق كەشپىياتىمۇ بار: «须卜当» (سۇبتان)، «稽粥» (غىجۇ)، «狐鹿姑» (غولىقۇ) قاتارلىق ھۇن كىشى ئىسىملىرىنى «سۇبۇتاي»، «كۈيۈك»، «ھىلاكۇ» قاتارلىق موڭغۇل كىشى ئىسىملىرى قىلىپ قويغان! ئەگەر ئىشجامىسىننىڭ مۇشۇ ئۇسۇلىنى قوللانساق، ھۇن تىلىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى ھەر قانداق تىلغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ھۇنلار موڭغۇل تىلىدا سۆزلەيتتى دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھەر قانداق ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

بىز ھازىرمۇ ھۇن تىلىنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمىز. كىشىلەر ھازىرقى زامان تىللىرىدىن ھۇن تىلىنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن. بىراق، ئۇلار مۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى: ھۇن تىلى تامامەن يوقالغان بولۇپ، ھازىرقى ھەر قانداق تىلغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى موڭغۇل، تۈرك، تۇنگۇس قاتارلىق ئۈچ تىل ئائىلىسى يېقىن قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تىل ئائىلىرى بولۇپ، بۇرۇن ئالتاي تىل سىستېمىسىدا تۆتىنچى بىر تىل ئائىلىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرمەيدىغان باشقا بىر تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. يەرلىكلەشتۈرۈش نەزەرىيەسىنى تىل تارىخى ساھەسىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ھازىر قانچە تىل بولسا، بۇرۇنمۇ شۇنچە تىل بار ئىدى، تىل بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ئوخشاش، پەيدا بولمايدۇ، يوقالمايدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ھۇن تىلى ماتېرىياللىرىغا مۇئامىلە قىلغاندا، ھۇنلار بىلەن ھۇن دۆلىتىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ھۇنلار ئورتاق تىل، رايون، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئىگە ئېتنىك ئورتاق گەۋدە. ھۇن دۆلىتى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى زور ھەربىي ـ مەمۇري بىرلەشمە، ئۇ خىلمۇخىل قەبىلە، مىللەت ۋە تىللارنى ئىچىگە ئالىدۇ. ھۇن دۆلىتى دائىرىسىدىن ئىختىيارىي ھالدا سۆز ـ جۈملىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ھۇن تىلىنى ئىسپاتلاش ھېچقانچە نەتىجە بەرمەيدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك ۋە ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بار. ھۇن دەۋرىدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ سۆڭىكى بولۇشى ناتايىن. ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ھەر خىل كىشىلەرنى توپلاپ، دۆلەت ئاپپاراتىنى بەرپا قىلغان، ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ھەر مىللەتنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا كىشىلىرى، ھەتتا خەنزۇلارمۇ بار. مەسىلەن، دىڭلىڭ خانى ۋېي لۈ (卫律)، ئوڭ قول دورغاپ لىلىڭ (李陵) ھۇن دۆلىتى ھۆكۈمران گۇرۇھىدىكى خەنزۇلار ئىدى. ھۇن دۆلىتىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە نۆكەرلەردىن نۇرغۇنى ھۇن ئەمەس ئىدى. ئارخېئولوگىيەلىك ۋە ئانروپولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش، خالىغانچە يېشىپ چۈشەندۈرمەسلىك كېرەك.

ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى ئەڭ ئاساسىي شەخسلەرنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ھۇنلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى چۈشەندۈرۈش رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، چۈنكى، ئۇلار كەم ـ كۈتىسىز ھۇندۇر. بۇ جەھەتتە موڭغۇلىيە نويانئولا يادىكارلىقىغا ئوخشاش ماتېرىياللار بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى، نويانئولادىن قېزىۋېلىنغان ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى تولۇق تەتقىق قىلىنىدى دېگىلى بولمايدۇ. ئاساسىي قازغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان p. كوزلوۋ قەبرىدىكىسى موڭغۇل ئىرقى (يەنى «سېرىق تەنلىك») دېگەندىن كۆرە، ئۇنى ئارىيان ئىرقى (يەنى ياۋروپا ئىرقى، «ئاق تەنلىك») دېگىنىمىز تۈزۈك[14] دەيدۇ. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخېئولوگلىرى نويانئولا قەبرىسىدىكى سۆڭەكلەرنى موڭغۇل ئىرقى دەپ ھۆكۈم قىلدى[15] ھەم تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئايرىم باش سۆڭەكلىرىنى ئۇزۇن باش، ياپىلاق يۈز موڭغۇل ئىرقىنىڭ بايقال تىپى دەپ بېكىتتى[16]. لېكىن، بۇ باش سۆڭەكلىرى تېپىك ھۇن قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئەمەس. نويانئولادىكى 25 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان كەشتە ئادەم سۈرىتى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سانغۇن خو چۈبىڭ (霍去病) نىڭ قەبرىسى ئالدىدىكى ھۇن تاش ھەيكىلىگە بولغان قا-

www.uyghurkitap.com

راشلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر ياۋروپا ئىرقى دىسە، بەزىلەر موڭغۇل ئىرقىغا ئوخشايدۇ دەيدۇ،[17] يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار يازما ھۆججەتلەردىكى ھۇنلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «ھۇنلار زەبەردەس» بولۇپ، كىن ئوڭچۇرنىڭ بويى 8 چى 2 سۇڭ. ليۇ يۈەن 8 چى 4 سۇڭ، قولان بوبو 8 چى 5 سۇڭ، ليۇ ياۋ 9 چى 3 سۇڭ كېلىدۇ (ھەممىسى 8.1 مېتىردىن يۇقىرى) دېيىلگەنلىكىگە قاراپ، ھۇنلار شىمالىي ياۋروپالىقلاردەك ئېگىز ئىدى دەيدۇ.[18] ھەم يېزىقى، ھەم يىل دەۋرى يوق بەزى ئاسار ـ ئەتىقىلەر، مەسىلەن، بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان، ئوردوستىن يىغىۋېلىنغان ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىرونزا تاختىدىن پايدىلىنىپمۇ ھۇنلارنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ. گەرچە مۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھۇنلار بىلەن ئالاقىسى بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، ھۇنلار موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئاساس بولىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك، ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىيالار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاساسەن ۋېنگرىيە (ئونغۇرىيە) دىن قېزىۋېلىنغان. ۋېنگرىيە قاتارلىق جايلاردىن قېزىلغانلىرى ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ قەبرىسى بولۇپ، ياۋروپا ھۇنلىرى راستتىنلا موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدۇ. بىراق، ئېتنىك ئەھمىيىتى جەھەتتىن ياۋروپا ھۇنلىرىنى ھۇنلار دەپ كېسىپ ئېيتىشنىڭ تېخى يېتەرلىك قايىل قىلىش كۈچى يوق. مىسسىيونېر ليۇ يىڭ، سۇڭ چۈەنرۇڭلار 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۇنلار ياۋروپا ھۇنلىرىنىڭ ئۆزىدۇر دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان، كېيىن بۇ تەشەببۇس خىلمۇ خىل، كۆپىنچە زىددىيەتلىك ھالدا تولۇقلانغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. مۇنداق ئەسەرلەر كۆپ بولۇپ، كىشىگە گويا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھۆكۈمدەك تەسىرات بېرىدۇ.[19] F. تاكاتېر، W. ماك گوۋېن قاتارلىقلار خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى رىم ئىمپېرىيەسىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلەن باغلاپ، ھۇن تارىخىنىڭ ياۋروپانىڭ تارىخىي قىياپىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ[20]. بىراق، مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىدى. تارىخىي يازمىلاردا ناھايىتى چوڭ بوشلۇق بار، كۆپىنچە يەرلىرى مۇجمەل، ئىشەنچسىز، بەزى يەرلىرى زورمۇزور قۇراشتۇرۇلغان پاكىتلار بىلەن تولغان، تىل ماتېرىياللىرى كەمچىل، مەنىسى ئېنىق يېشىپ بېرىلگەن بىرمۇ ھۇنچە سۆز يوق. گىرېك، رىمچە سۆزلەر شەكلىدە شەرھلەنگەن ھۇنچە كىشى ئىسىملىرى تۈركچە، پارسچە، گېرمانچە تىل بولۇپ چىقىدۇ[21]. ھۇنلار بىلەن ياۋروپا ھۇنلىرى ئوخشاش دېگەن نەزەرىيەنىڭ ھىمايىچىسى ئۇچىدا گىنفۇمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ھۇنلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ياۋروپا ھۇنلىرىغا ئوخشىمايدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ياۋروپا ئىرقى، ياۋروپاغا كىرگەن ھۇنلار ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ بىر بۆلۈك پۇقرالىرى بولۇپ، موڭغۇل ئىرقى دەيدۇ[22]. بۇ ئەمەلىيەتتە ياۋروپا ھۇنلىرى ھۇن ئەمەس دېگەنلىك.

ھازىرچە ھۇنلارنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئاخىرقى يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن مۇقەررەر ئالاقىسى بار دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

ھۇنلار موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، ئۇلارنىڭ بەزى تۇزۇم ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بۇ ئېگىزلىكتىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزاق يىللار داۋاملاشقان، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئوڭ قانات، سول قانات دەپ ۋە ئونلۇق سىستېما بويىچە ئايرىش تاكى مىڭ ـ چىڭ سۇلالىرى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا ھازىرمۇ سول، ئوتتۇرا، ئوڭ خوشۇن دېگەنناملار قوللىنىلىۋاتىدۇ. ھۇنلارنىڭ «ئاي تولغاندا ھۇجۇم قىلىش» دېگەن ھەربىي خۇراپاتلىقىنى چىڭگىزخاننىڭ نايمانلار ئۈستىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ[23]. ھۇنلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىزنالىرى موڭغۇللار ئارىسىدا ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ[24]. ئەمما، ھۇنلارنىڭ

تۈزۈملىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغىنى يالغۇز موڭغۇللارلا ئەمەس، كۆك تۈركلەرمۇ ھەربىي ـ مەمۇرىي بىرلىكلەرنى ئوڭ قانات ۋە سول قانات دەپ ئايرىغان، «قاراقچىلارغا سوققا بېرىشتە ئاي تولۇشنى كۈتۈپ تۇرغان»[25]. شەرقىي غۇزلارنىڭ پۇشتى بولغان جۇرجانلار تۈركىي تىللىق قاڭقىللارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن «مىڭ كىشى بىر قوشۇن»، «يۈز كىشى بىر تۇغ» بولغان ئونلۇق سىستېمىدىكى ھەربىي تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرگەن[26]. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھۇنلارنىڭ تۈزۈمى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي شارائىتى بەلگىلىگەن، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. ھۇنلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن قانداقتۇ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسى چىقمايدۇ.

تارىختىكى ھۇنلاردىن موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن مۇھىم ئالاقىسى بارلىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھۇنلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە تېخىمۇ يېقىن. ناۋادا ھۇنلار ئەسلىدە ئالتاي تىل سىستېمىسىغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر تىلدا سۆزلەشكەن دېيىلسە، بۇ باشقا بىر گەپ. ئەگەر ھۇنلارنىڭ كېيىنكى موڭغۇللار بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بار دېيىلسە، ئېھتىمال مۇنداق بىر مۇمكىنچىلىكنى ئويلىشىپ بېقىشقا بولار: بىر بۆلۈك ھۇنلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قېلىپ، بۇ يەردىكى باشقا مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن، بۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخىي ھۆججەتلەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە ئائىت خاتىرىلەر بىر قەدەر ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك. قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى تارىختىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى يازما ماتېرىياللار ئاساسىدا پەرقلەندۈرۈشنى ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى. تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى، قۇملۇقنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىي تىل دۇنياسى ئىدى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭلىڭ، كەنكۇن (جيەنكۇن 坚昆)لار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىدى، ھازىر بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قالمىدى. بۇ جيەنكۇنلار ئادەتتە كېيىنكى 黠戛斯، 乞儿吉思 (قىرغىز) دەپ قارىلىدۇ. قىرغىزنىڭ مەنىسى قىرىق (تۈركچە سۆز، كۆپلۈك سان) بولۇپ، قىرىق ئۇرۇق ـ قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسىنى كۆرسىتەتتى. 6 ـ ئەسىرلەردىكى رىۋايەتلەردە ئۇلار بىلەن كۆك تۈركلەرنىڭ ئەجدادى بىر ئىدى دېيىلىدۇ[27]. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى يازما ھۆججەتلەردە ئۇلار تۈرك تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇلارنىڭ يېزىقى، تىلى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن پەرقسىز» دېيىلگەن. ئېنىساي بويلىرىدىن تېپىلغان تاش پۈتۈكلەردىكى يېزىقلار قىرغىزلارمۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىمۇ قىرغىزلارنىڭ «تىلى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاش» دەپ قەيت قىلىنغان. «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»دە قىرغىزلارنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى «ئېگىز بوي، قىزىل چاچ، ئاق يۈز، كۆك كۆز» دەپ خاتىرىلەنگەن، دېمەك، ياۋروپا ئىرقى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە[28].

نۇرغۇن ئالىملار «دىڭلىڭ» (丁令)، «چىلې» («敕勒»)، «تېلې» («铁勒»)[29]لارنى turkler (تۈركلەر) سۆزىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. ھازىرچە تۈركلەرنىڭ تارىخى شۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈنمۇ يوق بۇنى قويۇپ تۇرايلى، دىڭلىڭ، قاڭقىل، چىلى، تېلېلارنىڭ ھەممىسى خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىللىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. بىچۆرىن قاتارلىقلار دىڭلىڭلارنى موڭغۇل دېيىشنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى دەپ قارايدۇ.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى ۋە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شىلىنغول (شىلىنغول)، ئۇلانچاپ، باياننۇر ئايماقلىرىنىڭ شىمالىي يېرىمى جۇرجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. جۇرجان خانى گەرچە «شەرقىي غوزلارنىڭ پۇشتى» دېيىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى، يەنى قۇملۇقنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىي تىللىق كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە نەچچە يۈز مىڭ تېلېلار چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن. «سۇينامە»دە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تېلېلارنىڭ جايلىششى توغرىسىدا تەپسىلىي بايانلار بار. «تىنچ جاھاننامە» (太平寰宇记)دە تاڭ سۇلالىسى قورۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قۇملۇقنىڭ شىمالىغا تارقالغان «تېلېلارنىڭ جەمئىي 15 قەبىلە»ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن[30]. توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى توققۇز تېلېلارنىڭ يايلىقى ئىدى، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالى تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ماكانى ئىدى. ئۆزلۈمەي داۋام قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قەبىلىلەر ھەمىشە كۆچۈپ يۈرگەن. 552 ـ يىلى كۆك تۈركلەر جۇرجان خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، تۈرك خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق تېزلا شىمالىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرككە پارچىلاندى. شىمالىي تۈركلەر بارا ـ بارا سۇي ـ تاڭلارغا سىڭىشىپ كەتتى، كېيىن يەنە كېيىنكى تۈرك خانلىقى بارلىققا كەلدى. 745 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنى يوقاتتى، ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئاسىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بىراق، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۇلالە ئالمىشىش، ئېتنىك تۈرغۇدىن قارىغاندا، ھېچقانچە چوڭ ئۆزگىرىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى تۈركچە، سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان تۈركچە (ئۇيغۇرچە) يازما ھۆججەتلەر كۆك تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان قەدىمكى تۈرك تىلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاق ئاقسۆڭەكلىرى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى قىتان، سىرۋى ـ تاتارلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە قىتان، سىرۋى رايونلىرىدا ئەمەلدار تۇرغۇزغان، كېيىنكى تۈركلەر تېخى ھىنگان دىيارىغا ئاھالە كۆچۈرگەن. تۈرك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىگە كىرىشى بۇ رايوندىكى قەبىلىلەرنىڭ چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا يۆرۈش ئىشىكىنى ئاچتى: بىر بۆلۈك سىرۋى ـ تاتارلار 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چوغاي تاغلىق رايونغا كىردى. قىتان ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئۆز كۈچىنى سىرۋى ـ تاتار رايونىغا كېڭەيتتى. غەرب، جەنۇب تەرەپلەردىنمۇ باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ئېقىپ كىردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى، ئۇلارنى تۈرك، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئاسرايتتى، موڭغۇل ئېگىزلىكىگە بەزى خەنزۇلارمۇ كەلدى. چياڭلاشقان تۇيغۇنلار ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىگە ئېقىپ كىردى، شاداپىت (ساتار 沙陀) تۈركلىرىمۇ چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كىردى.

قىرغىز (黠戛斯) لار ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى كۆرەشلەر ئارقىلىق، ئاخىر 840 ـ يىلى ئۇنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇيغۇرلار گەنسۇ ۋە شىنجاڭغا تۈركۈملەپ يۆتكەلدى. قىرغىزلارنىڭ جەنۇبقا سىل-

جىغانلىقىنىڭ ئېتنىك ئەھمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ: تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى، شىمالىي تېلېلار دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، بۇ دىيالېكت كۆك تۈرك، ئۇيغۇر دىيالېكتىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، بۇ دىيالېكتتا «ج» تاۋۇشى بەك كۆپ، كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر دىيالېكتىدا بۇ تاۋۇشنىڭ ئورنىدا كۆپىنچە «ي» تاۋۇشى قوللىنىلىدۇ، بۇ نۇقتىنى سىرۋى - تاتارلار تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە كىرگەندىن كېيىن قوبۇل قىلغان تۈركچە سۆزلەر بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ[31].

## 2

تەخمىنەن ھۇنلار بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغىنى 东胡 (شەرقىي غۇزلار) دۇر. شەرقىي غۇزلار يېغىلىق دەۋرىدە ھەممىشە يەن بەگلىكى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. يەن بەگلىكى شەرقىي غۇزلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن سېپىل سوققان. بۇ سېپىل زاۋيالىڭ (ھازىرقى خېبېينىڭ شۇەنخۇا شەھىرى) دىن شياڭپىڭ (ھازىرقى لياۋنىڭنىڭ لياۋياڭ شەھىرى) گىچە سوزۇلغان بولۇپ، سېپىلنىڭ سىرتىدىكى رايونلارنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىسمى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇئۇد ئايمىقىدىن ئىبارەت. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھۇنلار شەرقىي غۇزلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى سول قول بىلىكخانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قويىدى. «شەرقىي غۇز» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئۇرۇقى ئوخشاش ياكى يېقىن ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ئاتىغان ئومۇمىي نام. فۇ چيەن شەرقىي غۇزلار: «ھۇنلارنىڭ شەرقىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان»[32] دەيدۇ. بەزى غەرب ئالىملىرى «东胡» نى تۇنگۇسنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەيدۇ. تەبىئىيكى، بۇ قىلچە ئاساسى يوق قارىسىغا قىلىنغان ھۆكۈمدۇر. شەرقىي غۇزلار دەۋرىدە «تۇنگۇس» قەۋمى تېخى بارلىققا كەلمىگەنىدى، ھازىر «东胡» نى تۇنگۇسنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەنگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

شەرقىي غۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرغان يەرلەر تەخمىنەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا توغرا كېلىدۇ. جۇئۇد قۇملۇقىدىن ئەرگۇنە دەرياسى ساھىللىرىغىچە بولغان جايلار شەرقىي غۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى سيانپىلار، قىتانلار، سىرۋى - تاتارلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تىلى ئوخشاش ياكى يېقىن، ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى تۇتاش، ئۆرپ - ئادىتى يېقىنلىشىدىغان ھەر قايسى قەبىلىلەر جايلاشقان يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەرنى شەرقىي غۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىي ئېتنىك رايونى دېيىش مۇمكىن. بۇ تارىخىي ئېتنىك رايوندىكى ھەر قايسى ئاساسىي ئېتنىك ئورتاق گەۋدىلەرنى بىر قاتار تارىخىي ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئوبيېكتلىرى سۈپىتىدە چۈشىنىش كېرەك[33]. بۇ موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم.

شەرقىي غۇزلار موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە. ئارخېئولوگىيەلىك - ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللاردا بۇنىڭدىن باشقىچە خۇلاسە چىقىرىشقا ئاساس بولىدىغان ماتېرىيال يوق[34].

شەرقىي غۇزلارنىڭ تىلى قەدىمكى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىلدۇر. يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، سيانپىيلار ۋە سىرۋىلار، قىتانلارنىڭ تىلى بىر - بىرىگە باغلانغان تومۇرداش تىللار ئىكەن. گەرچە ساقلىنىپ قالغان تىل ماتېرىياللىرى كۆپ بولمىسىمۇ، بەزى تىللارنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرستەلەيمىز ۋە شەرقىي غۇزلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى ھەق-

uyghurkitap.com

قەدە تەخمىنىي ھۆكۈم چىقىرالايمىز. چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىنغان ئالىملار ھەممىشە شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى موڭغۇل تىلىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. مۇنداق قاراشنىڭ مۇۋاپىق تەرىپى بار، لېكىن، ئوڭايلا بۇ تىللار ھازىرقى موڭغۇل تىلى ۋە دىيالېكتلىرىنىڭ قەدىمكى شەكلى دېگەندەك خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى بىلەن ھازىرقى موڭغۇل تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدىكى قەدىمكى - ھازىرقى دەپ پەرقلەندۈرىدىغان مۇناسىۋەت ئەمەس. شەرقىي غۇز ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى ئۆز ئالدىغا قەدىمكى بىر تىل گۇرۇھى بولىدۇ، ئۇ كۆپ قېتىم بۆلۈنۈش، يۇغۇرۇلۇش جەريانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ سىيانپى، توبا (تابغاچ، 拓跋)، قىتان، سىرۋى قاتارلىق نۇرغۇن تىل ۋە دىيالېكتلىرى بار. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر يوقالغان، ھازىرقى موڭغۇل تىلى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر - ئىككى خىل تىل، دىيالېكتتىن تەرەققىي قىلغان. مىسالى بىز شەرقىي غۇز ئەۋلادلىرىنىڭ تىلىنى بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاتساق، ئۇنىڭ غولى ۋە نۇرغۇن شاخلىرى قۇرۇپ، باشقا تۈپراققا كۆچۈرۈلگەن ئايرىم شاخلىرىلا قالغان، بۇ شاخلاردىن يېڭى غول ۋە شاخلار ئۆسۈپ، ھازىرقى موڭغۇل تىلىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، ئاددىي ھالدا شەرقىي غۇز ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى قەدىمكى موڭغۇل تىلى ئىدى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم، بولمىسا، قەدىمكىنى ھازىرقىغا ئاساسەن شەرھلەپ، ساددا ئېتىمولوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا ماڭىدىغان، قىلچە نەتىجىسى چىقمايدىغان، يەنى ھەربىر تىل ماتېرىيالىغا ماس كېلىدىغان موڭغۇلچە سۆزلەرنى تېپىش بىلەن ھەپىلىشىپ، شەرقىي غۇز ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى موڭغۇل تىلى ئىدى دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بەزى چەت ئەل ئالىملىرى ئابستراكت ھالدا قانداقتۇر 7 - ئەسىردىن بۇرۇنقى «ئورتاق موڭغۇل تىلى»، «قەدىمكى موڭغۇل تىلى» ئۇستىدە گەپ يورغىلىتىدۇ ھەم ئۇنىڭ قىلچە تارىخىي پاكىتى بولمىغان بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ[35]. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇلار شەرقىي غۇز ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلمايدۇ، چۈشەنمەيدۇ.

شەرقىي غۇزلار سىيانپىلار ۋە ئوغانلاردۇر. فۇ چيەن: «ئوغانلارنىڭ ئەجدادى شەرقىي غۇزلار، ئەۋلادى سىيانپىلاردۇر» دەيدۇ. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» دە: «ئوغانلار، سىيانپىلار قەدىمكى شەرقىي غۇزلاردۇر» دېيىلگەن. ۋاڭ شېن «ۋېينامە» دە: «ئوغانلار قەدىمكى شەرقىي غۇزلاردۇر»، «سىيانپىلار شەرقىي غۇزلارنىڭ پۇشتىدۇر»[36] دېگەن. بۇلار تولىمۇ ئېنىق خاتىرىلەردۇر. ئوغانلار باشتا لوخا دەريا ساھىللىرىدا ياشىغان، كېيىنچە شەرقتە دالىڭ دەرياسىدىن غەربتە ئوردۇسقىچە تار بەلۋاغقا تارالغان. ئۇزاققا بارماي سىيانپىيلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن، بەزىلىرى ئىچكى رايونلارغا كەتكەن. سىيانپىلارنىڭ «تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئوغانلارغا ئوخشايتتى»[37]. 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىيانپىلار ھۇنلارنىڭ ئاجىزلىششىدىن پايدىلىنىپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنى ئىگىلەپ، ھازىرقى ئۇلانچاپ ئايمىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا خىلمۇ - خىل مىللەت ۋە قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ «جەنۇبى خەنزۇلار يېرى بىلەن، شىمالى دىڭلىڭلار بىلەن، شەرقى پۇيۇكلەر بىلەن، غەربى ئۇسۇنلار بىلەن تۇتاشقان» بۈيۈك ئىتتىپاق قۇردى، ئۇ شەرق، ئوتتۇرا، غەرب قاتارلىق ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن، 12 ئۇلۇغى بولۇپ، بىر مەھەل راسا كۈچەيگەن ئىدى. «بەش غۇز - ئون ئالتە پادىشاھلىق» دەۋرىدە، سىيانپىلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاق سۆڭەكلىرى بىر قانچە بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنى قۇردى. كېيىن توبا سىيانپىلىرى خۇاڭخې ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇردى. 7 - ئەسىردىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن سىيانپىلار بارا - بارا خەنزۇلارغا سىڭىشىپ كەتتى.

سىيانپىلار مۇرەككەپ ئېتنىك گۇرۇھ، مۇرۇن سىيانپىلىرى بىلەن دۇەنشى سىيانپىلىرى كەم – كۇتسىز شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادى، سىيانپى ۋە ئوغانلاردىن قالغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرقى ۋە چىرايى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە، «چاچ قويۇش شەكلى» بېشىنىڭ چۆرىسىدىكى چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ چوققا چېچىنى قويۇۋالىدۇ ياكى چېچىنى ئۆرۈۋالىدۇ[38]. غەربىي جىن دەۋرىدە مۇرۇن سىيانپىلىرىدىن تۈيغۇنلار بۆلۈنۈپ چىقىپ گەنسۇغا، ئاندىن كۆكنۇرغا (چىڭخەيگە) كەتتى. يۈۋېن سىيانپىلىرى ئەسلىدە چوغاي تېغى رايونىدىكى هۇنلار بولۇپ، «ئۇلارنىڭ تىلى سىيانپىلاردىن كۆپ پەرقلىنەتتى»[39]. كېيىن شاڭدۇ دەرياسىنىڭ شەرقىگە كۆچۈپ كەتتى. شەرقىي سىيانپىلار تەركىبىدىمۇ هۇنلار ئاز ئەمەس ئىدى.

يەنە بىر مەشهۇر سىيانپىلار گۇرۇھى توبا (拓跋، تابغاچ) سىيانپىلىرىدۇر. ئۇلار خۇلۇنبېر ئېگىزلىكىدە پەيدا بولغان، ئۇزاق مۇددەت كۆچۈپ ئايلىنىپ يۈرۈش جەريانىدا هۇن، قاڭقىل قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ تۇموچۇەن تۈزلەڭلىكىگە كەلگەن[40]. توبا سىيانپىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئۇلار 258 – يىلى شىڭلې (هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئۇلانچاپ ئايمىقى ۋە لىنگېر ناهىيەسىدىكى تۇچېڭزى) غا كىرگەن چاغلاردىلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغان، دۇەنشى، مۇرۇن قاتارلىق شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرى هەم هۇنلار، قاڭقىللار، جۇرجانلارمۇ بار ئىدى[41]. قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارمۇ توبا سىيانپىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى خىلمۇخىل ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. جىن دەۋرىدىكى قەبرە تام رەسىملىرىدىن ئۆرۈمە چاچ قويغان توبالارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى هەم موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە، هەم روشەن ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ[42].

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغانلىقى ئۈچۈن، توبا سىيانپىيلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى – سىرتىدىكى تەسىرى ناهايىتى چوڭ بولدى. تۈرك دۇنياسىدا توبا دېگەن سۆز خەنزۇلار دىيارىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالدى هەم پارس، ئەرەب ۋە ۋىزانتىيەلەرگىچە تارالدى[43]. 8 – ئەسىردىكى تۈركچە ئابىدىلەردە تاڭ سۇلالىسى يەنىلا Tabrac دەپ ئاتالغان، گەرچە ئۇ چاغلاردا توبالار قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاللىقاچان مەۋجۇد بولمىسىمۇ. جىن (金)، يۈەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خەنزۇلارنى يەنىلا «桃花石» (tabghash) دەپ ئاتايتتى.

سىيانپىلار تىلى ئېنىق يېشىپ بېرىلگەن خاتىرىلەر كۆپ ئەمەس. «سۇيىنامە. كىتابلار تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلگەن سىيانپىي كىتابلىرى ئەپسۇسكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. «ۋېينامە» دىكى سىيانپىچە خاس ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. مەسىلەن، 佛厘 «سۇڭنامە. سولۇنىڭ تەرجىمھالى» دا 佛狸伐 دەپ، 元提 بولسا 宣勒库莫提 دەپ يېزىلغان، «سۇڭنامە. ليۇ شونىڭ تەرجىمھالى» دا 元仁 دېگەن ئىسىم 宣勒库仁真 دەپ يېزىلغان ۋە باشقىلار[44]. فىلولوگىيەلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ۋېينامە» دىكى خاتىرىلەر تولىمۇ ئىشەنچسىز، جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخنامىلىرىدە بۇنداق خاتىرىلەر بەك ئاز. مۇنداق ئەھۋالدا سىيانپىلار تىلىنىڭ قىياپىتىگە هۆكۈم قىلىشتا تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. تۈپ سۆزلەر، يەنى بىرەر مىللەتنىڭ تىلىدا ئەسلىدە بار هەم بىر قەدەر مۇقىم سۆزلەر (مەسىلەن، شۇ يەردىكى تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ نامى، ئۇرۇق – قەبىلە تەشكىلىنىڭ نامى، دەسلەپكى ساناق سان قاتارلىقلار) سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت سۆزلىرىگە (مەسىلەن، شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا ئەسلىدە يوق شەيئىلەرنىڭ نامى، ئەمەل – مەنسەپ نامى، دىنىي ئاتالغۇ قاتارلىقلار)غا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بىرەر مىللەتنىڭ تىلىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم، مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاشنىڭ ياردىمىمۇ بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ، گەرچە مۇنداق پۇرسەت كۆپ بولمىسىمۇ. مەنىسى ئېنىق ۋە بىۋاستە شەرھلەنگەن ماتېرىياللار يوق ئەھۋالدا، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ماتېرىياللارغا خالىغانچە ئىزاھ بېرىش كۆپ ھاللاردا كۈلكىلىك گەپ بولۇپ چىقىدۇ[45].

«سۇڭنامە. تۈيغۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە شەرقىي سىيانپىلارنىڭ ئىككى سۆزى ساقلىنىپ قالغان، بۇلار «处可寒» ۋە «阿干» دۇر. بىز بۇنىڭدىن 可寒 (khaghan) ئەسلىدە شەرقىي غۇزلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، ھۇنلارنىڭ «تەڭرىقۇت» دېگەن سۆزىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شەرقىي غۇزلارنىڭ پۇشتى بولغان جۇرجانلار شاھىنى قاغان دەيدۇ، تۈرك، ئۇيغۇر دەۋرىدىن بۇيان بۇ سۆز ھازىرقى موڭغۇل تىلى ۋە نۇرغۇن تۈرك تىللىرىدا قوللىنىلىپ كەلمەكتە. «阿干» (ئاكا) نى موڭغۇلچە «阿合» (ئاكا) بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن شەرقىي سىيانپىلارنىڭ تىلى موڭغۇل تىلى بىلەن مەنبەداش ئىكەنلىكىنى، ئالدىنقىسىنىڭ شەكلى كېيىنكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى بىلىمىز[46].

توبا سىيانپىلىرى خۇلۇنبۇيردا پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ تىلى شەرقتىكى سىيانپىلارغا قارىغاندا موڭغۇل تىلىغا تېخىمۇ يېقىن، چۈنكى، خۇلۇنبۇير سىرۋى - تاتارلارنىڭ ئانا يۇرتى. تاڭ دەۋرىدىكى جۇغراپىيە كىتابى «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت - ناھىيەلەرنىڭ تەزكىرىسى» دە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يۈنجۇڭ ناھىيەسى (ھازىرقى داتۇڭ) ئۈستىدە توختالغىنىدا: «纥真 (خېجېن) تېغى ناھىيەنىڭ شەرقىگە 30 چاقىرىم كېلىدۇ، بەدەۋىلەر ‹خېجېن› دەيدۇ، خەنزۇلار ئوتتۇز چاقىرىم دەيدۇ دېيىلگەن». بۇ ماتېرىيال نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. «خېجېن» روشەنكى موڭغۇلچە تۈپ سان ghu chin (ئوتتۇز) بىلەن ئوخشاش، ھالبۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئونلۇق سانلارنى ئاسان قوبۇل قىلمايدۇ. پىڭچېڭ شەھىرى توبا سىيانپىلىرى 4 - ئەسىردە ئىگىلىگەن كونا جاي، بۇ يەردىكى «خېجېن» دېگەن تاغ ئىسمى پەقەت توبا سىيانپىلىرىنىڭ تىلى بولۇشىلا مۇمكىن[47]. «جەنۇبىي چىنامە · ۋېيلۇ تەزكىرىسى» دە سىيانپى تىلىدا 13 مەرتىۋە نامى خاتىرىلەنگەن، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىغا موڭغۇل تىلى شەكلىدىكى «真» (chin) قوشۇمچىسى ئۇلانغان. بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرىنى موڭغۇل تىلى ۋە تۈرك تىللىرىدىن پايدىلىنىپ خاتاسىز ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. روشەنكى، «真» قوشۇمچىسى سىيانپىي تىلىنى پەرقلەندۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى، ئۇ بىرەر تىلنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سىيانپى تىلىدا تۈرك تىلى تەركىبىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى، سىيانپىلار تۈركىي تىللىق ئاھالىلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان[48].

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، سىيانپىلار شەرق سىيانپىلىرى ۋە توبا سىيانپىلىرىنى ئىدىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار موڭغۇلچە سۆزلىشىدۇ. تېخىمۇ توغرىراقى، سىيانپىلار تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى شەرقىي غۇزلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تىلىغا تەۋە، بۇ تىللار بىلەن موڭغۇل تىلى مەنبەداشتۇر[49].

موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي يېرىمىدا ئولتۇراقلىشىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن تىركىشىپ تۇرىدىغىنى جۇرجان خانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى شەرقىي غۇزلارنىڭ پۇشتى موغۇلۇي (郁久闾氏) ئۇرۇقىدىن ئىدى. بىراق، ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىدى. 402 - يىلى تولۇن (社仑) ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. 555 - يىلى جۇرجان خانلىقىنى كۆك تۈركلەر يوقاتتى. جۇرجانلار شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرى سۆزلىشىدىغان تىللارنىڭ مەلۇم بىر دىيالېكتىدا سۆزلىشەتتى، بىراق، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى تۈرك تىلى دۇنياسىدا

ئوخشايلا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى، بۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

سىيانپىلار ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچكەندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي غۇزلار ماكانلاشقان يەرلەردە ئاساسەن قىتانلار ۋە سىبىرۋىلار ئولتۇراقلاشتى. قىتانلار سىرامورەن دەرياسى (西拉木伦河) بىلەن لوخا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشايتتى، ئۇلار سەككىز قەبىلە ئىدى. ئىچكى نىزا، تاڭ سۇلالىسى ۋە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، قوشنا قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئېتنىك قىياپىتى، جۈملىدىن تىلى ۋە ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئۆزگىرىپ كەتتى. تۈرك خانلىقىنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن، قىتانلاردىن ئون مىڭ ئائىلە كورىيەگە كۆچۈپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى ۋە تۈرك، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قىتانلارنىڭ سىنىپىي بۆلۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى[50]. 916 - يىلى ياللۇغ ئاباۋجى قىتان دۆلىتى — لياۋ سۇلالىسىنى قۇردى. قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە كېڭەيدى. نۇرغۇن قەبىلىلەر لياۋ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى. 1125 - يىلى ئالتۇن خانلىقى (جىن سۇلالىسى) لياۋ سۇلالىسىنى يوقاتتى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتىدىن ياللۇغ تاشىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربىي لياۋ — قارا قىتان دۆلىتىنى قۇردى. قىتانلار كېيىن باشقا مىللەتلەرگە، ئالدى بىلەن خەنزۇلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. جىن - يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇل تىلىدا «قىتات» (khitat، قىتان، كۆپلۈك شەكلى) دېگەن مىللەت نامى «خەنزۇلار» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. ئۇ قىتانلار، جۇرجىتلار ۋە خۇەيخې، چىنلىڭنىڭ شىمالىدىكى خەنزۇلارنى كۆرسىتەتتى. ھازىرقى موڭغۇل تىلىدا خەنزۇلار يەنىلا «قىتاد» (khitad) دېيىلىدۇ. قىتان دېگەن بۇ سۆز جوڭگونىڭ نامى سۈپىتىدە پارس، ئەرەب ۋە ياۋروپانىڭ تارىخىي يازما ھۆججەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان، رۇسلار ھازىرمۇ جوڭگونى kitai (كىتاي) دەيدۇ.

جۇئۇد ئايمىقىنى مەركەز قىلغان خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار قىتانلارنىڭ كەم - كۈتىسىز موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى جانلىق ئىسپاتلايدۇ. لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەبرىستانلىق ۋە قەبرە تام رەسىملىرىدە قىتانلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ساقلىنىپ قالغان. رەسىمدىكىلەرنىڭ تۈرقى ۋە چىرايى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي رايونىدىكى موڭغۇللاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق، چېچىنىڭ ئوتتۇرىسى چۈشۈرۈلۈپ، چۆرىسى قالدۇرۇلغان، بۇ تىپىك ئالاھىدىلىكتۇر.

قىتانلارنىڭ «تىلى تۇيغۇنلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش»[51]، دۇنخۇاڭ (دۇخان) دا ساقلانغان كىتابلاردىكى بۇ خاتىرە تولىمۇ قىممەتلىك، ئۇ قىتانلارنىڭ تىلى سىيانپىلار پۇشتىنىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۇيغۇنلار غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىلا گەنسۇ، كۆكنۇر (چىڭخەي) تەرەپلەرگە كەتكەن. ئۇلارنىڭ تىلى تاڭ دەۋرىگە كەلگەندىمۇ قىتانلارنىڭ تىلىغا ئوخشاپ كېتەتتى، دېمەك، شەرقىي غۇزلاردىن قىتانلارغىچە ھەممىسى ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلەشكەن خەلقتۇر. شۇڭا، قىتانلارنىڭ تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدى: بۇ شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرى تىلىنىڭ ئاساسىي تارمىقىنى تەقىق قىلغاندەكلا بىر ئىش.

قىتانلار تىلى قىزىقارلىق ھەم تولىمۇ ئىستىقباللىق تەتقىقات تېمىسى. قىتان يېزىقىنى ئوقۇش يېقىندا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. چىڭگېرتەي، ليۇ فېڭجۇ، چېن نەيشيۇڭ، يۇ باۋلىن، شىڭ فولى قاتارلىقلارنىڭ «قىتانلارنىڭ كىچىك خېتى ئۈستىدە تەتقىقات»[52] دېگەن ئەسىرى بۇ ساھەدە نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ ئەسەردە خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىپ يېزىلغان قىتان كىچىك خېتىدىن قول سېلىنىپ، 124 ～130 چە خەت ئوقۇلغان، يەنى ھازىر ساقلىنىۋاتقان 378 قىتان كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېتىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتكەن[53]. بۇ ئەسەردە 120 دىن ئارتۇق خەتنىڭ بىر قەدەر ئىشەنچلىك ئوقۇلۇشى بېرىلىپلا قالماي، قىتان تىلى لېكسىكا، مورفولوگىيە جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىنغان. بىز بۇنىڭدىن بەزى قىتانچە تۈپ سۆزلەرنىڭ موڭغۇل تىلىغا ئوخشاش ۋە يېقىنلىقىنى كۆرەلەيمىز. گەرچە موڭغۇل تىلى بىلەن قىتان تىلى زىچ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار تىللار بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا ئىككى خىل تىلدۇر. خۇددى «قىتانلارنىڭ كىچىك خېتى ئۈستىدە تەتقىقات» تا كۆرسىتىلگەندەك: «گەرچە قىتان تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى بىر تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، بۇ ئىككى تىلنىڭ لېكسىكىسى ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇش توغرا ئەمەس»، «قىتان تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى لېكسىكىسىدىكى ئوخشاش تەركىبلەرنى چەكسىز كېڭەيتىپ، قىتانچە خەتلەرنى ساپ موڭغۇل تىلى بىلەن ئوقۇش ئەكسىچە نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ»[54].

لياۋ – جىن دەۋرىدىكى قىتانلار قۇمۇقلارنى ئىچىگە ئالاتتى. قۇمۇقلار يۈۋېن سيانپىلىرىنىڭ «باشقا بىر خىلى»، قىتانلار بىلەن «تۈرى بىر، خىلى باشقا»، بۇلار قۇمۇقلارنىڭ قەدىمكى ھۇنلار بىلەن مەلۇم بىر خىل مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ[55]. «شىمالىي رايونلاردىكى پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» غا ئاساسلانغاندا، تۈركلەر قۇمۇقلارنى «تاتابى» (Dadbyi) دەيدىكەن. قۇمۇقلار ئاخىر قىتانلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى.

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، قىتانلارنىڭ كۆپ قىسمى كېيىن خەنزۇلىشىپ كەتتى، بىر قىسمى شەكىللىنىۋاتقان موڭغۇل مىللىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. قىتانلار بىر ئېتنىك ئورتاق گەۋدە سۈپىتىدە، يۈەن دەۋرىدە ئاخىر يوقالدى. بىراق، بەزىلەر قىتانلارنىڭ ھازىرقى سارقىندىلىرى ئۈستىدە كۆچەپ ئىزدىنىپ، ھەممىشە داغۇرلارنى قىتان دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى داخې ئۇرۇقى (大贺氏)نىڭ پۇشتى دەيدۇ، مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇنداق قاراش چار رۇسسىيە دەۋرىدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە[56]. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچقانداق تارىخي ئاساسى يوق بىمەنە خىيالدۇر. ئەڭ دەسلەپتە چيەنلۇڭ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ياللانما ئەدىبلىرى داخې ئۇرۇقىنى داغۇر بىلەن زورمۇ زور سېلىشتۇردى[57]. داخې (大贺) دېگەن نام «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى قىتانلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان خېداخې (何大何) دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. خېداخې «قانۇنلار قامۇسى» (通典)نىڭ 200 ـ جىلد «شىمالىي دىلار» دا ئاداخې (阿大何) دېيىلگەن. تاڭ دەۋرىدە خېداخې ghadhaigha دەپ ئوقۇلاتتى. بۇلارنىڭ داغۇر (Daur – Daghur) بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

سىبىرۋىلار خۇلۇنبىر يايلىقى، چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربى، ئەرگۈنە دەرياسى ۋە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ياقىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، «تىلى قۇمۇق، قىتان، 豆莫娄 لارنىڭكىگە ئوخشايتتى»، «قىتانلارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ جەنۇبىدا قىتانلار ياشايدۇ، شىمالدىكىلىرى سىبىرۋى دېيىلىدۇ»، «ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆرۈمە چاچ قويىدۇ، ئاياللىرى چېچىنى بوغۇپ چوققىسىغا تۈرمىلەكلىۋالىدۇ». «توڭگۇز، بېلىق يەيدۇ، كالا، ئات باقىدۇ، ئەزەلدىن قوي باقمايدۇ»[58].

سىبىرۋىلارنىڭ نامى ھەققىدە پائۇل پېللىيوت كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ دەيدۇ: «سيانپى دېگەن نام ئەسلىدىكى سۆز، كېيىن ئۇ سىبىرۋى دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ *serbi، *sirbi، *sirviلارنىڭ ئاھاڭغا ماس كېلىدىغاندەك قىلىدۇ، بىز بۇ يەردە يەنە n – نىڭ r – دەپ تەرجىمە قىلىنغان مىسالىنى كۆردۇق. پەقەت خەن دەۋرى ۋە خەن دەۋرىدىن بۇرۇن شۇنداق تەرجىمە قىلىنغان. كېيىن چىش تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان خەتلەر ئارقىلىق تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغان. بۇ يەردە مەن سيانپىنىڭ تۈنگۈس ئېكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن»[59]. نا-

ۋادا بۇ قاراش ئورۇنلۇق بولسا، سىرۋىلارنىڭ سىيانپى دەپ ئاتالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: يۇكسەك خەنزۇلاشقان توبا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى خۇلۇنبىردىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش بىر مىللەت نامىنى قوللىنىشىغا يول قويمىغان. مۇنداق ئېھتىماللىق يوق ئەمەس، توبا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھەتتا مۇرۇن، دۇەنشى قاتارلىق كەم ـ كۈتىسىز شەرق سىيانپىلىرىنىڭ سىيانپى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماي، ئۇلارنى، «تۇخې» ۋە «بەيبۇ» دەپ ئاتىغان.

سىرۋىلار دەسلەپكى خاتىرىلەردە ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان بولۇپ، تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئۇققىلى بولمايدۇ. سىرۋى دەپ ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، شەرقىي غۇزلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى سىرۋىلارنىڭ تىلىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، سىرۋىلارنىڭ بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان قىسمى تاتارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 732 ـ يىلقى «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا ئوتتۇز تاتار، 732 ـ يىلقى «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا توققۇز تاتار دېگەن سۆزلەر بار. «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»دا ئىككى يەردە ئوتتۇز تاتار تىلغا ئېلىنغان، شەرق تەرەپتىكى 14 ـ قۇردا «ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تا توبالار (تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ)، سول تەرەپ (شىمال) تە باز قاغان باشچىلىقىدىكى توققۇز ئوغۇزلار، قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنىمىز ئىدى» دېيىلگەن[61]. بۇ يەردە قىرغىزلارنىڭ كەينىدىكى ئىسىملار غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ، ئېنىساي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار، بايقال كۆلىنىڭ شىمالى، شەرقىدىكى قۇرىقانلار، جۇئۇد ئېگىزلىكىدىكى قىتان ۋە تاتابىلار تەرتىپىدە كۆرسىتىلگەن. قۇرىقانلار بىلەن قىتانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇز تاتارلار بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى خەنزۇچە كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن سىرۋىلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەرگە توغرا كېلىدۇ. 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ جۇغراپىيەسى ئىنتايىن ئېنىق خاتىرىلەنگەن، «قارا بالغاسۇننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىككى مىڭ چاقىرىم ماڭسا سىرۋىلارغا بارىدۇ». «خۇلۇنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدا پۈتۈنلەي سىرۋىلار ياشايدۇ»[62]. سىرۋىلار قۇرىقانلارنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىغا ئولتۇراقلاشقان، تاۋىر دەريا ساھىلىدىن شىمالدىكى سىلكا دەريا ساھىلىغىچە ھەممىسى سىرۋىلارنىڭ ماكانى ئىدى، بۇ سىرۋىلار تۈركچە ئابىدىلەردە تاتارلار دەپ ئاتالغان. ئۇ چاغلاردا تەخمىنەن 30 قەبىلىسى بار ئىدى، شۇڭا ئوتتۇز تاتار دېيىلگەن. تاتار دېگەن نام خۇلۇنبىر يايلىقىدىكى تاتار قەبىلىسىدىن كەلگەن. راشىددىن «جامىئۇت تەۋارىخ» تا مۇنداق يازىدۇ: «يىراق قەدىمكى زاماندىكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇلار (تاتارلار) نۇرغۇن قەبىلە ۋە يەرلەرنى بويسۇندۇرغان ۋە خوجايىنلىق قىلغان. قۇدرەتلىك ھەم شۆھرەتلىك ئىدى. ئۇلار تولىمۇ ئالىيجاناپ ۋە شۆھرەتلىك بولغاچقا، باشقا تۈركىي قەۋملەر (راشىددىننىڭ كىتابىدىكى تۈرك دېگەن نام يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ تۈرى، نامى ھەر خىل بولسىمۇ، ھەممىسى شۇلارنىڭ نامىدا دۇنياغا تونۇلۇپ، ھەممىسى تاتارلار دەپ ئاتالغان»[63]. دېمەك، قەدىمدە سىرۋى دېگەن ئومۇمىي نامدىن باشقا، تاتار دېگەن يەنە بىر ئومۇمىي نامىمۇ بولغان. سىرۋى، تاتار دېگەن ناملار خەنزۇچە كىتابلاردا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن، «قارا تاتارلار» «قارا سىرۋىلار» دەپ، «چوغاي تاتارلىرى» «چوغاي سىرۋىلىرى» دەپ قوللىنىلىۋېرىدۇ[64]. بىز بۇ ئىككى ئىسىمنى بىرلەشتۈرۈپ سىرۋى ـ تاتارلار دېسەك بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى تېخى كېيىنكى تۈركلىشىش تارىخى جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەي، شەرقىي غۇزلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى ۋە دىيالېكت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ

www.uyghurkitap.com

قالغان. مۇنداق تىل ۋە دىيالېكت سېرۋى ـ تاتار تىلى دەپ ئاتىلىشى كېرەك. سېرۋى ـ تاتار تىللىنىڭ بەزى ئىزنالىرى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ كېيىنكى تۈركلەشكەن موڭغۇل تىلىدىن ناھايىتى زور پەرقى بار. لېكسىكا جەھەتتە، مەسىلەن، بەزى ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان خاس ئىسىملار (كىشى ئىسمى، ئۇرۇق ـ قەبىلە نامى، يەر نامى)دا سېرۋى ـ تاتار تىلىنىڭ سارقىندىلىرى بار، مورفولوگىيە جەھەتتە، سېرۋى ـ تاتار تىلىدا ھەقىقىي جىنس كاتېگورىيەسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ قاتتىق ـ يۇمشاق سوزۇق تاۋۇشلار قاتارىدىكى پەرق بىلەن بىر گەپ ئەمەس. سان كاتېگورىيەسىمۇ ناھايىتى چىڭ. ئېھتىمال، كېيىن ئاتالمىش «كېلىشلەرنىڭ ئۆزگىرىشى» نىڭ كۆپىنچىسى ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ ئارقا ياردەمچى بولۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش بولماي، بەلكى ھەقىقىي كېلىش كاتېگورىيەسى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ تىلى موخې (靺鞨) لارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش دەيدىغان خاتىرىلەرمۇ بار. بۇ سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ تىلىنى تۇنگۇس تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈپ قويغانلىقتۇر. مۇشۇنداق قالايمىقان خاتىرە دۇ يۈنىڭ «قانۇنلار قامۇسى» («چېگرىلارنى قوغداش. شىمالىي دىلار» سېرۋىلار تارمىقى)دا كۆرۈلىدۇ. «قانۇنلار قامۇسى» 766 ـ يىلى كىتاب بولۇپ پۈتكەن. ئاپتور سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ ئەھۋالىنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ تارىخنامىلىرىدىن تېرىپ ـ تۆشەپ، بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ ـ ئېلىپ يېزىپ چىققان. ئۇ توققۇز قەبىلىدىن سەككىزىنىلا يازغان، ئاخىرىدا قارا ـ قويۇقلا «لېۇچېڭ ئايمىقى (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى شىڭچېڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) نىڭ شەرقىي شىمالىدا» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، دۇ يۇ سېرۋىلار توغرىسىدا ئانچە كۆپ بىلمەيدۇ. بۇ يەردە تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرنىڭ ئوخشاشلىق ـ پەرقىنى كۆرۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ:

«ۋېينامە . سېرۋىلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق يېزىلغان: «تىلى قۇمۇق، قىتان ۋە 豆莫娄 دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش. سۆك، ئارپا ۋە تېرىقنى كۆپ تېرىيدۇ. توڭگۇز، بېلىق يەيدۇ، كالا، ئات باقىدۇ، قوي باقمايدۇ، ھاراق ئېچىتىدۇ».

«سۈينامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق يېزىلغان: «قىتانلارنىڭ بىر خىلى. جەنۇبتىكىسى قىتانلار، شىمالدىكىسى سېرۋىلاردۇر... ھاۋاسى سوغۇق، ھوسۇلى بەك ئاز، قوي يوق، ئېتى ئاز، توڭغۇز، كالىنى كۆپ باقىدۇ. ھاراق ئېچىتىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكى موخېلار بىلەن ئوخشاش».

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. سېرۋىلار ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق يېزىلغان: قىتانلارنىڭ بىر خىلى. جەنۇبتىكىسى قىتانلار، شىمالدىكىسى سېرۋىلاردۇر... تىلى قۇمۇق، قىتان ۋە 豆莫娄 دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش، سۆك، ئارپا ۋە تېرىقنى كۆپ تېرىيدۇ... ھاراق ئېچىتىدۇ... ھاۋاسى سوغۇق، ھوسۇلى بەك ئاز... قوي يوق، ئېتى ئاز، توڭگۇز، كالىنى كۆپ باقىدۇ، ئۆرپ ـ ئادىتى موخېلار بىلەن ئوخشاش».

لى يەنشۇ تۈزگەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» غىچە، يەنى دەسلەپكى تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە سېرۋىلار قىتانلارنىڭ بىر خىلى، تىلى ئوخشاش دېيىلگەن. «ۋېينامە» دىكى «توڭگۇز، بېلىق يەيدۇ» دېگەن سۆز «سۈينامە» دە «يېمەك ـ ئىچمەكى موخېلار بىلەن ئوخشاش» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، چۈنكى، موخېلارمۇ «سۆك، ئارپا، تېرىقنى كۆپ تېرىيدۇ»، «توڭگۇزنى كۆپ باقىدۇ، ھاراق ئېچىتىدۇ»[65]. «ۋېينامە» بىلەن «سۈينامە» نىڭ ئىككىلىسىدە سېرۋىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكى موخېلار بىلەن ئوخشاش دېيىلگەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق، پەقەت يېزىش ئۇسۇلىلا ئوخشىمايدۇ. بىراق، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا «ۋېينامە» بىلەن

«سۇينامە» دىكى خاتىرىلەر ئۇمۇملاشتۇرۇلغاندا، «ئۆرپ ـ ئادىتى موخېلار بىلەن ئوخشاش» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، بارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تامامەن ئوخشاش قىلىپ قويۇلغان.

ئوتتۇرا تاڭ دەۋرىدىن كېيىنكى خاتىرىلەر بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

«قانۇنلار قامۇسى. چېگرىلارنى قوغداش» تا مۇنداق يېزىلغان: «سېرۋىلار يۇرتىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، ھوسۇلى بەك ئاز، قوي يوق، ئېتى ئاز، توڭگۇز، كالىنى كۆپ باقىدۇ. ھاراق ئېچىتىدۇ، يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە تىلى موخېلار بىلەن ئوخشاش».

«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە مۇنداق يېزىلغان: «سېرۋىلار قىتانلارنىڭ باشقا بىر خىلى... ھاۋاسى سوغۇق، ھوسۇلى بەك ئاز، قوي يوق، ئېتى ئاز، توڭگۇز، كالىنى كۆپ باقىدۇ. تىلى موخېلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ».

«يېڭى تاڭنامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق: «ئۇلارنىڭ قويى يوق، ئېتى ئاز، كالىسى بولسىمۇ ئىشلەتمەيدۇ. يۇرتىدا قاۋان بار، گۆشىنى يەيدۇ، تېرىسىنى يېپىنچا ۋە سېلىنچا قىلىدۇ. تىلى موخېلار بىلەن ئوخشاش».

«قانۇنلار قامۇسى»دىكىسى، «سۇينامە» دىن كۆچۈرۈلگەن، يېڭى تارىخىي ماتېرىيال يوق. بىراق، «يېمەك ـ ئىچمىكى» نىڭ ئاخىرىغا «تىلى» نى قوشۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن سېرۋىلار بىلەن موخېلارنىڭ تىلى ئورتاق بولۇپ قالغان. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دىكىسىمۇ «قانۇنلار قامۇسى» دىن كۆچۈرۈلگەن، پەقەت ئازراق ئۆزگەرتىلىپ، ئىككىسىنىڭ تىلى «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» 11 ـ ئەسىردە پۈتكەن، سېرۋىلارنىڭ تىلى مەسىلىسىدە «قانۇنلار قامۇسى» ۋە «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىن كۆچۈرۈلگەن، ئەمما مەسىلە تېخىمۇ قەتئىي قويۇلۇپ، خاتالىق ئىزچىل داۋاملىشىپ بارغان.

تاتارلار موخېلاردۇر دېگەنگە كەلسەك، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. يات ئەللەر ھەققىدە قوشۇمچە خاتىرىلەر» دىكى «تاتارلار موخېلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەندەك گەپلەر ھېچكىمنى قايىل قىلالمايدىغان قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى. ئىناي موتو بۇنى سۆڭ بەيدىن قېلىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خاتالىق دەپ كۆرسىتىدۇ[66].

تاڭ دەۋرىدە سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ ئېتنىك قىياپىتى غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. تۈرك، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سېرۋى ـ تاتارلارنى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى بىلەن تۇتاشتۇردى. تۈركلەرنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى سېرۋى ـ تاتارلارنى بۇ رايونلارغا تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە قىتانلارنىڭ يىراق تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە يۈرۈش قىلىشى سېرۋى ـ تاتارلارنى تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي رايونلىرىغا تۈركۈملەپ ئېقىپ كىرىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدە چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا سېرۋى ـ تاتارلار پەيدا بولدى. تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىمۇ نۇرغۇن سېرۋى ـ تاتار قەبىلىلىرى كۆچۈپ كەلدى. تۈركىي تىللىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر تارقالغان تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە موڭغۇللىشىش تارىخىي جەريانى باشلاندى.

**3**

لياۋ سۇلالىسىدىن كېيىن موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بارغانسېرى روشەنلەشكەن مىللەتشۇناسلىق خەرىتىسى نامايان بولدى. «لياۋ تارىخى» ۋە «جىن تارىخى» دا موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەر توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. گەرچە بۇ خاتىرىلەر ئاددىي ۋە يۈزە بولسىمۇ، ناھايىتى قىممەتلىك، بولۇپمۇ خىرونولوگىيە جەھەتتە قىممىتى زور. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار توغرىسىدا نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار بار، بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل قەبىلىسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بەكمۇ تەپسىلىي. راشىددىنىنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەت، قەبىلىلەر توغرىسىدىكى قىسمى كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال[67]، ئۇنىڭدا تارىختىكى قەبىلىلەر بىرمۇ بىر خاتىرىلەنگەن. گەرچە تەپسىلىي ـ ئىخچاملىقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، پۈتكۈل موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىشى بەكمۇ ئوچۇق تەسۋىرلەنگەن. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە «جامىئۇت تاۋارىخ» تىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى يايلاق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە رىۋايەتلەر بىلەن تولغان. بۇ قەدىمىي ھېكايىلەر تارىخىي پاكىتلاردىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن تارىخنى ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خۇددى ماركس: «ئۆتمۈش رېئاللىقى بىمەنە ئەپسانىلەردىمۇ ئەكس ئېتىدۇ»[68] دېگىنىدەك.

موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەبىلىلەر «لياۋ تارىخى» دا 阻卜 دەپ، بەزىدە 术不姑 دەپمۇ يېزىلغان[69]. بۇ قىتانلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەبىلىلەرنى ئاتىغان ئومۇمىي نام، بۇ ئىككى سۆزنى «* zubug*−zhubug (جۇبۇگ ــ زۇبۇگ)» دەپ ئوقۇشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. جۇرجىتلار بۇ نامنى داۋاملىق قوللانغان، «جىننامە» دە ئۇ «阻轐» دەپ خاتىرىلەنگەن. زۇبۇگنىڭ دائىرىسى سېرۋى ـ تاتار قەبىلىلىرىنى ۋە بەزى تۈركىي قەبىلىلەرنى ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە «سېرۋى»، «تاتار» دېگەن ناملاردىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى سېرۋى ـ تاتارلارنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەرنىڭ يەنە بىر ئومۇمىي نامى كۆرۈلدى.

لياۋ ـ جىن دەۋرلىرىدىكى سېرۋى ـ تاتارلار جالايىرلار، تاتارلار، مەركىتلەر، بايىرخۇلار، ئويراتلارنى ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا موڭغۇل دەپ ئاتىلىدىغانلاردىن نىرۇن موڭغۇللىرى ۋە دېرلېكىن موڭغۇللىرىلا بار ئىدى.

موڭغۇل دېگەن نامنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر تاڭ دەۋرىدىلا بىلەتتى. بۇ نام تارىخىي ماتېرىياللاردا دەسلەپتە «蒙兀» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» دە 蒙兀室韦 تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا «ھازىرقى سېرۋىلارنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چېگرىداش يەردە ئۇسۇگ (乌素固) قەبىلىسى بار، ئۇلار خۇلۇننۇرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان» دېيىلگەن، شۇڭا، ئۇنى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (745 ــ 840) دىكى ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ، بىراق، ئۇنىڭدا يەنە: «بۈيۈك سېرۋى قەبىلىلىرى ۋاڭجېيەن دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. دەريا تۈركلەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خۇلۇننۇردىن باشلىنىپ، ئەگرى ـ توقاي ئېقىپ، غەربتىكى سېرۋىلار يېرىدىن، ئاندىن شەرقتىكى بۈيۈك سېرۋىلار يېرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا شەرقتىكى 蒙兀 يېرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «تۈركلەرنىڭ شەرقىي شىمالى» دېگەن سۆز 745 ـ يىلى تۈركلەر مۇنقەرز بولۇشتىن بۇرۇنقى ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردىن تۈرك ـ ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە موڭغۇل 蒙兀 لار ئەرگۈنە (ۋاڭجېيەن) دەريا ساھىللىرىدا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[70]. ئۇلارنىڭ تاشقى موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كىرىشى 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئىش.

موڭغۇللارنىڭ تارىخىي رىۋايەتلىرى «كونا تاڭنامە» دىكى سېرۋىلار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ دەلىلى ۋە تولۇقلىمىسى. «جامىئۇت تەۋارىخ» تا ئېيتىلىشىچە، موڭغۇللار باشتا ئەرگۈنەقۇن دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ تىك چوققىلىرىدا ياشىغان، كېيىن ئادەم ئاۋۇپ كەتكەچكە، تاغدىن رودا قېزىپ،

ئېرىتىلگەن تۆمۈر بىلەن يول ياساپ چىققان، كىشىلەر بەس - بەستە يايلاققا كۆچكەن[71]. ئەرگۈنەقۇن دېگىنى ئەرگۈنە دەريا ئېقىنىدىكى تاغلىق يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رىۋايەتتە موڭغۇل 蒙兀室韦 قاتارلىق سىېرۋى - تاتار قەبىلىلىرىنىڭ ئەرگۈنە دەريا ۋادىسىدىن موڭغۇل يايلىقىغا كۆچكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» نى ئاچساقلا تۇتېم شەكلىدىكى رىۋايەت: بۆرتېچىنو (كۆك بۆرە) ۋە غوۋا مارال (ئاق مارال) ئونون دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە كۆزگە چېلىقىدۇ. «جامىئۇت تاۋارىخ» تىمۇ ئەرگۈنەقۇندىن چىققان موڭغۇللارنىڭ ئىچىدە بۆرتېچىنو بىلەن غوۋا مارال بار[72].

«موڭغۇل»، Mongkhol سۆزىدە mong سۆز يىلتىزى، ol - كۆپلۈك قوشۇمچىسى، «جامىئۇت تەۋارىخ» تا «موڭغۇل» نىڭ مەنىسى «مۆڭ، كۈچسىز»[73] دېيىلگەن.

موڭغۇللار بارا - بارا خېلى چوڭ قەبىلە گۇرۇھى بولۇپ شەكىللەندى، ئۇ نېرۇىن موڭغۇللىرى ۋە دېرلېكىن موڭغۇللىرى دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نېرۇىن موڭغۇللىرى چىڭگىزخاننىڭ 10 - ئەجداد مومىسى ئالان غوۋانىڭ ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن يورۇقلۇقتىن ھامىلدار بولۇپ تۇغقان ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن، بۇ ئەلۋەتتە خەلق ئىچىدە تارالغان گەپلەر. باشقا بىر تۈركۈم موڭغۇللار، يەنى ئالان غوۋانىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولمىغان موڭغۇللار دېرلېكىن دەپ ئاتالغان. قارىغاندا، نېرۇىنلار تاغ ئۈستىدە ياشىغان موڭغۇللار، دېرلېكىنلار پەستە ياشىغان موڭغۇللاردەك قىلىدۇ[74]. نېرۇىنلار بىلەن دېرلېكىنلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. بۇنداق مۇناسىۋەت يىراق قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان ئىككى ئۇرۇق — قىياتلار بىلەن نۆكۆسلەردىن داۋاملىشىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. «جامىئۇت تاۋارىخ» تا نېرۇىن موڭغۇللىرى ئىچىدە قىيات ئۇرۇقى، دېرلېكىن موڭغۇللىرى ئىچىدە نۆكۆس ئۇرۇقى بارلىقى ئېيتىلغان.

12 - ئەسىرگە كەلگەندە، نېرۇىن موڭغۇللىرىنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرى بولغان، راشىددىننىڭ ئىلگىرى - كېيىن دېيىشىچە 20 گە يېقىنلىشىدىكەن. بۇ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان ئالان غوۋانىڭ ئەۋلادىدۇر. راشىددىننىڭ زىيادە مۇبالىغىلەشتۇرۇپ خاتىرىلىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ 4 - ئەجداد بوۋىسى تۇنبىنايىنىڭ توققۇز ئوغلى بولۇپ، ھەر بىرى بىر ئۇرۇق - قەبىلىنىڭ بوۋىسى بولغان. ھەر قەبىلىدە 30 مىڭ تۇتۇن بولۇپ، ئەر - ئايال 100 مىڭ كىشىگە يېتىدىكەن[75]. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»، «جامىئۇت تاۋارىخ»، «يۈەن تارىخى. خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» قاتارلىق كىتابلاردا بۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەردىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى شۇ ئۇرۇقنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى دېيىلگەن، بىراق، نوپۇسنىڭ مۇنداق كۆپىيىش سۈرئىتى تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. B. ۋلادىمىرسوۋ بۇ ئەھۋالنى تۇنجى بولۇپ ئىلمىي تەھلىل قىلدى[76]. ئۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن: «11 -، 12 - ئەسىرلەردىكى موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بىلەن ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق»، «پۈتۈنلەي باشقا بىر ئەھۋال» دەپ كۆرسەتتى. ئۇرۇق پەقەت تاشقى پوستىدىنلا ئىبارەت، ئىچىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىنىڭ ئورتاق بىر ئەجدادتىن تۆرەلگەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە خوجايىنلار بىلەن قۇللار، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئۇلارغا بېقىنغۇچىلار بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە كۆچمەن چارۋىچى ئاھالىلەرنىڭ قوشىنلار كوممۇنىسىدۇر. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» غا ئاساسلانغاندا، نېرۇىن موڭغۇللىرىنىڭ كۆپىنچە ئۇرۇق - قەبىلىلىرى چىڭگىزخاننىڭ 6 - ۋە 4 - ئەجدادىنىڭ ئەۋلادلى-

www.uyghurkitap.com

رىدىن شەكىللەنگەن: مەنەن تۇتۇن (چىڭگىزخاننىڭ 8 ـ ئەجدادى) نىڭ يەتتە ئوغلىدىن ئون ئۇرۇق شەكىللەنگەن، قايدۇ (چىڭگىزخاننىڭ 6 ـ ئەجدادى) نىڭ ئۈچ ئوغلىدىن يەتتە ئۇرۇق شەكىللەنگەن. مەنەن تۇركچە «تۇتۇن» (tutun) مەنسۇبگە ئېرىشكەن ئاقسۆڭەك، ئۇنىڭ مال ـ چارۋىلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز[77]. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىپتىدائىي كوممۇنىنىڭ ئاقساقىلى ئەمەس، ئۇ تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. «جامىئۇت تەۋارىخ» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ دۈشمىنى بولغان جالايىرلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى دېگۈدەك قىرىۋەتكەن[78]. ئۇنىڭ نەۋرىسىگە كەلگەندە، لياۋ سۇلالىسىدىن مەنسەپ ئالغان چارغاي لىڭقۇ بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئوغلىمۇ مەنسەپ تۇتقان سەڭگۇم بىلگە بولۇپ، بۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىسى نىرۇن موڭغۇللىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە بولغان تايچىغۇت قەبىلىسىنى بەرپا قىلغۇچىلار دەپ قارىلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھوقۇق ـ كۈچى بولغان ئاقسۆڭەكلەرلا ئۇرۇق ـ ئەمەلىيەتتە قوشنىلار كوممۇنىسىنى تەشكىللىيەلەيدۇ، بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچ ـ ھەيۋىسى لياۋ سۇلالىسىنى ئارقا تېرەك قىلىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى لياۋ سۇلالىسى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا بارغانسېرى چوڭ ھوقۇققا ئېرىشكەندەك قىلىدۇ. لياۋ سۇلالىسى خاتۇنبالىغ قاتارلىق يەرلەردە زور قوشۇن تۇرغۇزۇپ تاشقى موڭغۇل ئېگىزلىكىنى تىزگىنلىگەن، لياۋ سۇلالىسى كۈچلىرىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تېزدىن بېيىشىغا يېتەرلىك ئىمكان بەرگەن. ئۇلار باشقا قەبىلە ۋە مىللەت ئاھالىلىرىنى، جۈملىدىن موڭغۇللار ۋە يەرلىك تېلېلارنى بۇلاپ ـ تالاپ قۇرغان قوشنىلار كوممۇنىسى كونا ئەنئەنە بويىچە ئۇرۇق دەپ ئاتالغان. باشقا قەبىلە ۋە مىللەت ئاھالىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ئۇرۇقنى كېڭەيتىش شۇ ئۇرۇق ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇ پەقەت قورال كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىدۇ. نىرۇن موڭغۇللىرى ئۇرۇقىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىلا شۇنچىۋالا تېز كۆپىيىشىنىڭ سىرى مۇشۇ يەردە.

موڭغۇللار موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاساسەن لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمى يېمىرىلدى. قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ئىگىلىدى. ئېتنىك تۇرغۇدىن قارىغاندا، بۇمۇ موڭغۇللارنىڭ شۇ يەرلىك تېلېلار بىلەن ئارىلىشىش، تېلېلار موڭغۇللارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇش جەريانىدىن ئىبارەت. بىز موڭغۇللار خىنتەن تاغلىق رايونىغا كەلگەندىن كېيىن تۈركىي ئاھالىلەرنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقىغا دائىر بىۋاستە خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىدۇق. بىراق، موڭغۇللار كەلگەندە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ يايلاقلىرىدا ئادەم قالمىغان ئىدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. موڭغۇل تىلىدا نۇرغۇن تۈركىي سۆزلەرنىڭ بولۇشى، موڭغۇللار ئىچىدىكى قويۇق تۈرك تەسىرى، تۈركچە يەر نامىلىرىنىڭ ساقلىنىشى نۇرغۇن تېلېلارنىڭ موڭغۇللار تەركىبىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ[79].

دېرلېكىن موڭغۇللىرى ئىچىدە نۆكۈس. قوڭگىرات. ئۇلاڭقا، يىكىرەس، ئولقۇنۇت، قوڭقۇتان، قورولاس، ئەلجىگىن، ئۆرونار، ئارۇلات، نوياگىن، ئۈيىشۈن، سۇلدۇس، باياۇت، كەنەكەس قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بار. ئۇلاردىن بەزىلىرىنى، مەسىلەن، ئارۇلات، ئۆرونار، سۇنىت قەبىلىلىرىنى نىرۇن موڭغۇللىرى بويسۇندۇرغان. دېرلېكىن موڭغۇللىرى ئىچىدە بەزى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ناھايىتى تېز كۆپەيگەن. مەسىلەن، قونفىراتلاردىن يىكىرەس، ئولقۇنۇت، قورولاس، ئەلجىگىن قاتارلىق ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئايرىلىپ چىققان[80]. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ كۆپە-

يىش ئۇسۇلى نىرۇن موڭغۇللىرىغا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش، بىراق، ئىتنىك مۇھىتى تېخى-مۇ مۇرەككەپ بولغان. ئۇلار تېلېلار، قىتانلار، جۇرجىتلار، خەنزۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ مىللەت-لەردىن ئاھالە قوبۇل قىلغان. «جامىئۇت تاۋارىخ» تا مۇنداق قىزىقارلىق بىر ھېكايە بار: بىر قىتان — خەنزۇ قىزى ياتلىق بولۇش مەقسىتىدە ئېشەك مىنىپ موڭغۇللار يېرىگە كېلىپ، قونگىراتلار-نىڭ بوۋىسى مىسىلغۇلۇغا ياتلىق بولغان ھەم ئوغۇل تۇغقان، ئاپىسى ئېشەك مىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەلجىگىن (موڭغۇلچە ئېشەك مەنىسىدە) دەپ ئات قويۇلغان. ئەلجىگىن قەبىلىسى-دىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئەۋلادى ئىكەن، بۇ ھېكايە قونگىراتلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنىڭ مۇ-رەككەپلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

نىرۇن موڭغۇللىرى بىلەن دېرېلېكىن موڭغۇللىرى قوشۇلۇپ خامخاي موڭغۇللار — بارلىق موڭغۇللار دېيىلىدۇ. جىنيۈەن (金源) دەۋرىدە، چىڭگىزخاننىڭ 3 - ئەجدادى قابۇل خان خامخاي موڭغۇللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئاندىن ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى قامباغاي، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قابۇل خاننىڭ ئوغلى قۇتۇلا خامخاي موڭغۇللارغا خان بولدى. قابۇل خاننىڭ رەئىيەتلىرى بار-لىق نىرۇن ۋە دېرېلېكىن موڭغۇللىرىنى ئىچىگە ئالغان - ئالمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بىراق، موڭغۇللارنىڭ ھەممە قەبىلىلىرى ئورتاق بىر خان سايلاپ تارقاق بىر ئىتتىپاقنى ساقلاپ تۇرغانلى-قى ھامان بىر پاكىت. 12 - ئەسىردە بەزى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتتى. مە-سىلەن، ئوڭگىرات (قونگىرات)، سالجىغۇت، قاتاگىن قەبىلىلىرى قاتارلىقلار[81].

خامخاي موڭغۇللاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن سىرۇۋى - تاتارلار بار.

جالايىرلار لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇدرەتلىك قەبىلە بولۇپ، چاتاي، توغراغۇن، زالۇنگىر قاتار-لىق ئون قەبىلىسى بار ئىدى. ئونون دەرياسى ياقىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كە-چۈرەتتى. جالايىرلار لياۋ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. لياۋ سۇلالىسى جالايىرلار قەبىلىسىدە ھېراۋۇل بەگ توختىتىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ قەبىلە 12 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاجىزلاپ كەتتى.

تاتارلار بويىر كۆلى ئەتراپىدا مال باقاتتى. «جامىئۇت تاۋارىخ» تا ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن ئۇلار نا-ھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى تاتار دەر ئىكەن. جىن (金) سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تاتار قەبىلىلىرىدىن تۇتۇقلىغۇت، بۇيرۇغۇت تاتارلىرىنىڭ نامى ئاقساقاللى-رىنىڭ «تۇتۇق»، «بۇيرۇق» دېگەن مەنسەپلىرى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئەھۋال بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇنلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. راشىددىننىڭ ئېيتىشىچە، تاتارلار 70 مىڭ تۈتۈن[82]، يەنى 300 مىڭچە ئاھالە ئىكەن. بۇرۇنقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، «جىننامە» دە تىلغا ئېلىنغان زۇبۇگ (阻轐) لار دەل تاتارلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «لياۋ تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان زۇبۇگلار كۆپ ھاللاردا تاتارلاردۇر. داڭقى كەتكەن بۇ قەبىلىنى ئاخىر چىڭگىزخان يوقىتىپ، پۇقرالىرىنى قەتلىئام قىلدى.

مەركىتلەرمۇ سىرۇۋى - تاتارلاردىن بولۇپ، سېلىنگا دەريا ياقىلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن تۇر-مۇش كەچۈرەتتى. راشىددىننىڭ دېيىشىچە، «بۇ قەبىلىنىڭ ئادىمى كۆپ، چېرىك ۋە ئاتلىرى خىل»[83] ئىدى. مەركىتلەر لياۋ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ئۇلار جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ كۈچلۈك قەبىلە ئىدى. ئاخىر چىڭگىزخان ئۇلارنى يوقاتتى. راشىددىننىڭ كىتابىغا ئاساسلانغاندا، چىڭگىزخان مەركىتلەرنى قىرىپ تۈگىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن[84].

ئويراتلار، بايىرقۇلار سىرۇۋى - تاتارلاردىن بولۇپ، غەربىي شىمال تەرەپتە ياشايدىغان قەبىلىلەر ئىدى. «جامىئۇت تاۋارىخ» تا دېيىلىشىچە، بايىرقۇلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان تۇماتلار بۇرۇن ئويى-

راتلارغا يېقىن ماكانلاشقان ئىكەن[85]. بەزى ئېتنىك ماتېرىياللارمۇ ئويرات، بايىرقۇ دېگەن بۇ ئىككى تارماق سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ ئەجدادى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ[86]. گاۋانسالابۇ «ئويراتلار تارىخى» دا بايىرقۇ، بورىياتلار ئەسلىدە ئويراتلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى دەيدۇ. تىل جە- ھەتتىن قارىغاندا، بايىرقۇ ۋە ئويراتلارنىڭ تىلى ز، س دىيالېكتىغا تەۋە، يەنى ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ز، س تاۋۇشلىرى باشقا سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ تىلىدىكى ج، چ تاۋۇشلىرىغا ماسلىشىدۇ. بايىرقۇلار بالقاش كۆلى ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان، ئاساسىي قىسمى قورى ـ تۇماتلاردىن ئىبارەت. ئويراتلار ئېنىساي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئويراتلار ئەڭ ئاخىرىدا ئەل بولغان.

9 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە سېرۋى ـ تاتارلار ھەر خىل دەرىجىدە تۈركلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. ئەرگۈنە دەريا ساھىلىدىكى سېرۋى ـ تاتارلار باشتا كۆچمەن ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلاتتى ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. باقمىچىلىق قىلاتتى. «ۋېينامە» دە سېر- ۋىلارنىڭ «قويى يوق، ئېتى ئاز» دېگىنى ئىشەنچلىك گەپ. موڭغۇل تىلىدىكى «قونىن» (قوي) تۈركچە «قونى» (قوي) دىن كىرگىنى ئېنىق. سېرۋى ـ تاتارلار قوي بېقىشنى تېلېلاردىن ئۆگەن- گەن. شۇڭا، لېكسىكىسىدا مۇشۇنداق سۆزلەر بار. موڭغۇل تىلىدىكى چارۋىچىلىق ئاتالغۇلىرىدا تۈركچىدىن كىرگەن سۆزلەر بەك كۆپ[87]. چارۋىچىلىقنى ئۆگىنىش جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە چارۋىغا ئىگە بولۇش جەريانى بولىدۇ، ئەسلىدىكى چارۋىدار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ بىر قىسمى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قالغان تۈركىي قەۋم بولۇپ، ئۇلار چارۋىلىرى بىلەن بىللە سېرۋى ـ تا- تارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. تېلېلار بىلەن ئارىلىشىش سەۋەبىدىن سېرۋى ـ تاتارلارنىڭ ئېتنىك قىياپىتى ئۆزگىرىشكە باشلىغان. تىلى سېرۋى ـ تاتار تىلىدىن قەدىمكى موڭغۇل تىلىغا، يەنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل تىلىغا ئايلانغان، تۈرك تىلىدىكى تىل ئالدى ـ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى موڭغۇل تىلىغا بۆسۈپ كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن سېرۋى ـ تاتار تىلىدا يوق قەدىمكى موڭغۇل تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تا- ۋۇش سىستېمىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. سېرۋى ـ تاتار تىلىدىكى بىر تۈركۈم سۆزلەر شاللى- نىپ، ئورنىغا بىر تۈركۈم تۈركىي سۆزلەر كىرگەن. مورفولوگىيەدىمۇ ئاددىيلىشىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەن. تۇرمۇش شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ، تېرە كەپىلەرنىڭ ئورنىنى كىگىز ئۆي ئىگىلىگەن، يېمەك ـ ئىچمەكتىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئۆرپ ـ ئادەت تۈركلىشىشكە باشلىغان.

لياۋ ـ جىن دەۋرلىرىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىن تۈرك تەسىرى ئۈزۈكسىز كېلىپ تۇردى. موڭغۇل رايونىدا يەنە كۈچلۈك ئۈچ قەبىلە: نېستورىيان دىنىغا ئىشىنىدىغان تۈرك ئاقسۆ- ڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى كېرەي، نايمان ۋە ئوڭغۇتلار بارئىدى.

كېرەيلەر «لياۋ تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان شىمالىي زۇبۇگلار[88] بولۇپ، بۇرۇنقى ئۇيغۇر خان ئوردىسى ئەتراپىدىكى چوڭ بىر پارچە يايلاقنى ئىگىلىگەن ئىدى. «لياۋ تارىخى» دا نېستورىيان دىنى بويىچە قويۇلغان قەبىلە سەردارىنىڭ يۇغۇنەن دېگەن ئىسمى، ئاندىن يەنە موغۇس دېگەن ئىسىم كۆزگە چېلىقىدۇ. موغۇس كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئۇن خاننىڭ ئەجدادى بولۇپ، «جامىئۇت تاۋارىخ» تا ئۇنىڭ ھېكايىسى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن[89]. كېرەيلەر سېرۋى ـ تاتارلارغا ئوخشىمايدۇ. تۈركلەشكەن سۈرىيەچە دىنىي ئىسىم قويغاندىن باشقا، تارىخ كىتابلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، كېرەي- لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈركىي ئىسىم قويىدۇ. ئۇلارنى سېرۋى ـ تاتارلار دېگەندىمۇ، تۈركلە- شىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى سېرۋى ـ تاتارلار ھېسابلىنىدۇ. كېرەيلەر قىرغىزلارنىڭ قالدۇق

قىسمى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن[90]. كېرەيلەر موڭغۇللارغا ئارىلىقى ئەڭ يېقىن ۋە ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولغاچقا، نۇرغۇن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئادەملىرىنى باشلاپ كېرەي خانىغا ئەل بولغان. كېرەي قەبىلىسى بىر مەھەل كۆچەيگەندىن كېيىن، ئاخىر چىڭگىزخاننىڭ قولىدا مۇنقەرز بولدى.

نايمانلارمۇ نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. دەسلەپتە قىرغىزلار يېرىدە تۇرغان[91]، تەخمىنەن قىرغىزلار جەنۇبقا يۆرۈش قىلغان چاغلاردا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئېرتىش دەرياسىدىن قارا قۇرۇمغىچە كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن. نايمانلارنىڭ كۈچلۈك بىر تارمىقى بولغان كۈچگۈتلەرنىڭ نامى دەسلەپ دۇنخۇاڭدىكى زاڭزۇچە پۈتۈك «شىمالدىكى پادىشاھلارنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئېچىۋېتىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان نايمانلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز[92].

ئوڭغۇتلار قارىغاندا تۈرك، تۇيغۇن، سېرۋى ـ تاتار ۋە تاڭغۇتلارنىڭ ئارىلاشمىسىدەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەبىلە نامى جىن سۇلالىسى سالدۇرغان «تام» سۆزىدىن كېلىپ چىققان[93]. ئوڭغۇت ئاقسۆڭەكلىرى يۇزىنى تىلىپ قايغۇسىنى بىلدۈرىدىغان تۈركلەردۇر. كېيىنكى تاڭ دەۋرىدىن بېرى چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان چوغاي سېرۋى ـ تاتارلىرى، تۇيغۇنلار، تاڭغۇتلار ئوڭغۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يۇقراسى ئىدى. بۇ قەبىلە «ئاق تاتار» (白达达) دەپ ئاتالغان. ئوڭغۇتلار چىڭگىزخاننىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇپ، چىڭگىزخان جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا چېگرا قورۇلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەنىدى.

چىڭگىزخان موڭغۇل خانلىقىنى قۇرۇشتىن بۇرۇنلا موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى قەبىلىلەر قەبىلە ھالقىپ بىرلىشىش يولىغا ماڭدى. سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى قەبىلىلەرنىڭ پەرقىنى بۇزۇۋەتتى. بىر ئۇرۇقتىن چىققان كىشىلەر ھەر خىل قەبىلىلەردە پائالىيەت قىلىدىغان بولدى. يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاھالە، چارۋا مالغا بولغان تەشنالىقى بارغانسېرى كۈچەيدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپلا قەبىلىلەر ئارا ئۈزۈلمەس جەڭگى ـ جېدەللەر باشلاندى. قەبىلىلەر جەڭگى ـ جېدەللىرىدە بىتەرەپ تۇرغان قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى تەسلەشتى. 13 ـ ئەسىر كىرىشى بىلەنلا، ئون نەچچە قەبىلىدىن تەركىب تاپقان قەبىلە بىرلەشمىسى بارلىققا كېلىپ، كېرەيلەرنىڭ ئونخانى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ بىرلەشمە كۈچلىرىگە تاقابىل تۇردى. چىڭگىزخاننىڭ 1206 ـ يىلى قەبىلەلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ موڭغۇل خانلىقىنى قۇرۇشى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەبىلىلەر تېخىمۇ چوڭ بىرلىشىش يولىغا مېڭىش تارىخىي پائالىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

موڭغۇل خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر مىڭ تۈتۈن تۈزۈمى بويىچە مىڭ بېشىلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. يېڭىلگەن قەبىلىلەر، مەسىلەن، تاتار، كېرەي، نايمانلارمۇ مىڭبېشىلارغا پارچىلاپ بېرىلدى. ئەسلىدىكى قەبىلىلەرنىڭ پەرقى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ موڭغۇل مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقى ئىدى.

لياۋ، جىن دەۋرلىرىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر موڭغۇل مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي ئەزالار بولدى. خامخاي موڭغۇل دىيالېكتى ئاساس قىلىنغان قەدىمكى موڭغۇل تىلى مىللەتنىڭ ئورتاق تىلى بولدى. موڭغۇل ئېگىزلىكى مىللىي ئورتاق رايونغا ئايلاندى. سوغدىچە ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللارنىڭ مىللىي يېزىقى قىلىندى. تېخىمۇ كەڭ دۇنيا سەھنىسىگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن «موڭغۇلجىن ئۇلۇس» (موڭغۇل قەۋمى)[94] دېيىلىدىغان ئېتنىك ئۇقۇم شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ئورتاق نۇقتىسى شۇكى، ھەممىسى كىگىز ئۆيلەر-

دە ئولتۇرىدىغان قەۋم — كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى.

ئەينى چاغدىكى موڭغۇل خانلىقى قۇللۇق تۈزۈم پۇرىقى قويۇق ھەربىي - فېئودال ئاقسۆڭەكلەر دۆلىتى بولۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ ئۇرۇشىنى بىرىنچى ۋەزىپە قىلغانىدى. ئۇزاققا بارماي، چىڭگىزخاننىڭ كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنى باشلىدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇل خانلىقى ياۋرو - ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن چوڭ ئىمپېرىيەگە ئايلاندى. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش شەكىللىنىشكە باشلىغان موڭغۇل مىللىتىگە غايەت زور تەسىر قىلدى. نۇرغۇن موڭغۇللار يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتتى، بۇنىڭ بەدىلىگە بويسۇندۇرۇلغان ئەللەر ئاھالىسى موڭغۇللار تەركىبىگە ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇپ تۇردى.

كۆپ يىللىق بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ۋە يات ئەللەرنى ئىگىلەش نەتىجىسىدە نۇرغۇن موڭغۇللار سىرتقا ئېقىپ كەتتى. بۇ بەزىدە كىشىگە موڭغۇللار تۈگەپ قالىدىغاندەك تەسىر بېرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىدىن شۇ تىڭ موڭغۇل ئوغۇللىرىنىڭ تۈركۈملەپ غەربكە ماڭدۇرۇلغانلىقىنى، ئۇلار ئۇ يەرلەردە ئەڭ ياش چىرىك بولغانلىقىنى كۆرگەن[95]. بۇ ئاھالىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كەتكەنلىكى، ئەسكىرىي كۈچ جىددىيلىكىنىڭ جانلىق تەسۋىرى. بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە موڭغۇل ئىسىملىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ماڭغۇت، قوڭغىرات، كەنەكەس، نۆكۆس، قىيات، جالايىر، ئۇيشۇن دېگەندەك. ئافغانىستاندا ھىلاكۇ خانلىقىنىڭ قالدۇقلىرى ئۆزلىرىنى موغۇللار (莫古勒) دەپ ئاتايدۇ. بۇلار ئەينى زامانلاردا چەت ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر بولۇپ چىقىپ قايتىپ كەلمىگەن موڭغۇللارنىڭ ئىزلىرىدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن، يات مىللەت ئاھالىسى موڭغۇل رايونىغا كۆپلەپ كەلدى. كېيىن بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى موڭغۇللىشىپ كەتتى. مۇقالى بىر قېتىم 100 مىڭ خەنزۇنى موڭغۇل رايونىغا مەجبۇرىي كۆچۈرگەن[96]. خەنزۇلار رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەسىر ئېلىنغان ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئەسكەرلەر، تۈركۈم - تۈركۈم قىپچاقلار، ئاسۇلار، ئورۇسلار موڭغۇلىيە ۋە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. پارسلار، ئەرەبلەرمۇ موڭغۇل رايونىغا ئېلىپ كېلىندى. موڭغۇل مىللىتى تەركىبىگە كىرگەنلەردىن قىتانلار، جۇرجىتلار، كورېيەلىكلەرمۇ بار.

14 - ئەسىردە يۈەن سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى مۇرەككەپ مىللەتلەر تەركىبى بارا - بارا موڭغۇللارغا سىڭىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئاساسەن تاماملاندى. بۇ جەريان مۇھىم تېما، ھازىرغىچە تولۇق تەتقىق قىلىنمىدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىنىشنى كۈتمەكتە.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويراتلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئېگىزلىكىدە تىلنىڭ ئويراتلىشىش جەريانى كېلىپ چىقتى. ئويرات تىلى فونېتىكىسى قۇملۇقنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرگە، بولۇپمۇ تاشقى موڭغۇل ئېگىزلىكىگە تەسىر قىلدى: ئەنئەنىۋى ج، چ تاۋۇشلىرى ئويرات تىلى فونېتىكىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ز، س غا ئۆزگەردى[97]. ئويراتچە گىراماتىكا شەكلى بەزى ئەنئەنىۋى موڭغۇلچە شەكىللەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى[98]. ئويراتلىشىش جەريانىدىن كېيىن، قەدىمكى موڭغۇل تىلى يېقىنقى زامان موڭغۇل تىلىغا ئۆزگەردى.

موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى تولىمۇ مۇرەككەپ مەسىلە، يۇقىرىدا بۇ ھەقتە قىسقىچە توختالدۇق. موڭغۇل مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە يادرو قەبىلە — سېرۋى - تاتارلاردۇر. موڭغۇل تىلى سېرۋى - تاتار تىلى ئاساسىدا تۈركلىشىش جەريانىدىن كېيىن شەكىللەنگەن. ماكان

جەھەتتىن ئالساق، سىرۋى ـ تاتارلار شەرقىي غوزلار ئەۋلادىنىڭ تارىخىي ئېتنىك رايونى (ئاساسەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي قىسمى) دىن پۈتكۈل موڭغۇل ئېگىزلىكىگە تارقىلىپ، تېلېلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ئولتۇراقلاشقان. ئانتروپولوگىيەلىك ئامىللار جەھەتتىن ئالساق، موڭغۇل مىللىتى شەكىللىنىش جەريانىدا ھەر خىل باشقا مىللەت ئاھالىلىرىنى، جۈملىدىن موڭغۇل بولمىغان بىر بۆلۈك ئاھالىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالساق، موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى مىللىي يېزىق قىلىپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ۋە سەنئەت شەكىللەندۈرگەن. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتىن ئالساق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە دېگۈدەك پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بولدى. بىز موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە ئومۇملاشتۇرۇپ چىققان مۇھىم نۇقتىلار ئاساسەن مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

(تەرجىمان شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن)

**ئىزاھلار:**

① ئۇچىدا گىنفۇ (内田吟风) «شىمالىي ئاسىيا تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات. ھۇنلار» (توكيو، 1975) نىڭ 40 ـ بېتىگە قاراڭ. «ھۇن» موڭغۇلچە «ئادەم» دېگەن مەنىدە دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغانلار كۆپرەك، بۇلارنىڭ ئىچىدە شىراتورى كۇراكىچى (白鸟库吉)، كاتاسۇيۇ (方状猷) قاتارلىقلار بار. مۇنداق دېيىش پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. 13ـ ئەسىردىكى موڭغۇللار «ئادەم» نى kuhun دەيتتى، بەزى دىئالېكتلاردا kumun دېيىلەتتى. كېيىنكىسى ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش. ئېھتىمال، بۇ تېخىمۇ قەدىمكى تاۋۇش بولۇشى مۇمكىن. شىراتورى قاتارلىقلارنىڭ «ھۇن» دېگەن سۆزنى ئۆزگىرىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرىدىن پايدىلىنىپ ئەڭ روشەن ھازىرقى زامان موڭغۇلچە سۆز khun بىلەن سېلىشتۇرۇشىنىڭ تارىختا ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئېنىق. «ھۇن» موڭغۇلچە «بۆرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگەندەك قاراشلار ئۈستىدە توختىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

② ئۇچىدا گىنفۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىنىڭ 39 ـ، 172 ـ، 173 ـ بەتلىرى.

③ ھۇنلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ھەر خىل تەشەببۇسلار بار. K. ئىنوستىرانسىۋنىڭ «ھۇنلار ۋە ۋېنگرىيەلىكلەر» (لېنىنگراد، 1926) دېگەن ئەسىرى، ماك گوۋېننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» (1939. خەنزۇچە تەرجىمىسى، جۇڭخۇا، 1958) دېگەن ئەسىرى، ما چاڭشۇنىڭ «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» (سەنليەن، 1962) دېگەن ئەسىرى، ئۇچىدا گىنفۇنىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىڭ.

④ بىچۇرىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» 1 ـ توم (موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1950) 39 ـ بەت.

⑤ «موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «شىراتورى كۇراكىچى ئەسەرلىرى» 4 ـ توم 24 ـ بەت.

⑥N. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش» (موسكۋا، 1962)118 ــ 122ـ بەتلەرگە، بارتولد: «تۈرك ـ موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ تارىخى» (تولۇق توپلام) 5 ـ توم (موسكۋا، 1968) 198 ـ بەتكە قاراڭ.

⑦ «خۇەينەنزى» 11 ـ جىلد «چى بېگىگە تەنبىھ».

⑧ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ـ جىلد «قاڭقىلىلار ھەققىدە قىسسە». «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «قاڭقىلىلار ھەققىدە قىسسە».

⑨ «ۋېينامە» 102 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

⑩ تامغىنى S. كىسلېيېف: «جەنۇبىي سىبىرىيەنىڭ قەدىمكى تارىخى» (موسكۋا، 1951) نىڭ 481 ـ بېتىدىن كۆرۈڭ. جۇ ليەنكۇەنىڭ قارىشىچە، ئاباقان ئەتراپىدىكى بۇ خارابىلىق ئەسلىدە ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قىزى شۈبۇجۈسى 须卜居次 نىڭ تۇرالغۇسى ئىكەن («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1956 ـ يىلى 4 ـ سانىغا بېسىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيەدە بايقالغان جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى ئوردا خارابىسى» غا قاراڭ).

⑪ چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى توغرىسىدا بېمخارد كارلگرېن تۈزگەن «قايتا تۈزۈلگەن قەدىمكى خەنزۇچە خەتلەر» (ستوكھولم. 1957) دىن پايدىلىنىلدى. تۆۋەندىمۇ ئوخشاش. بۇ خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى ئاھاڭىنىڭ توغرىلىقى نىسبىي ئىكەنلىكى ئېنىق.

⑫ «موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «شىراتورى كۇراكىچى ئەسەرلىرى» 4 ـ توم 23 — 61 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑬ «ئىلىم ـ پەن جەمئىيىتى ئىلمىي ماقالىلىرى (تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات)» 1 ـ قىسىم (ئۇلانباتۇر، 1957) 17 — 38ـ بەتلەر.

⑭ P. كوزلوف: «شىمالىي موڭغۇلىيەدىكى نويانئۇلا يادىكارلىقى» (ياپونچە تەرجىمىسى)، شەنلىڭ ئىلمىي جەمئىيىتى «موڭغۇلىيە» ژۇرنىلى، 1935 ـ يىلى 10 ـ ئاي سانى.

⑮ Ts. دورجى سۈلۈڭ: «شىمالىي ھۇنلار» (ئۇلانباتۇر، 1961) غا قاراڭ.

⑯ مانخىنخېلغان: «ھۇنلار دۇنياسى» (بېركلى ـ لوس ئانجېلېس، 1973) 369 ـ بەت.

⑰ مىزۇنو سېيچى: «ئالدىنقى خەن دەۋرىدىكى قەبرە بۇتلىرى ھەققىدە»، «شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى» كيوتو 3 ـ سان، 1933. ما چاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» 45 ـ بەت.

⑱ مانخىنخېلغاننىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى 273 ـ بەت. ئۇچىدا گىنفۇنىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى 150 ـ بەت.

⑲ ئۇچىدا گىنفۇنىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىنىڭ 167 — 200 ـ بەتلىرىدىن پايدىلىنىڭ.

⑳ F. تاكاتېر: «رىم ۋە جۇڭگو» (ياپونچە تەرجىمىسى) 295 — 310 ـ بەتلەر. ماك گوېننىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزى.

㉑ مانخىنخېلغاننىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىنىڭ 376 — 443 ـ بەتلىرى.

㉒ ئۇچىدا گىنفۇنىڭ باشتا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىنىڭ155 — 156ـ بەتلىرى.

㉓ «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇن تۆرىلىرى تەرجىمىھالى». «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 193 ـ ئابزاس.

㉔ ئۇمېخارا سۇئېجى: «موڭغۇلىيەدىكى نويانئۇلادىن تېپىلغان يادىكارلىقلار» (توكيو، 1960) رەسىملىك باسمىسى 49 — 58 ـ بەتلەر.

㉕ «سۈينامە» 84 ـ جىلد «شىمالىي دىلار تەزكىرىسى».

㉖ «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «جۇرجانلار تەزكىرىسى».

㉗ كەنكۇن (坚昆) دېگەن نام «خەننامە» 70 ـ جىلد «چېن تاڭ تەرجىمىھالى» 94 ـ جىلد «هۇنلار تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «هۇنلار ھەققىدە قىسسە»دىكى «鬲昆»، «خەننامە» 94 ـ جىلد «هۇنلار ھەققىدە قىسسە» (1) دىكى «隔昆»، «سۇينامە. تېلېلار تەزكىرىسى» دىكى «纥骨»، «قانۇنلار قامۇسى. چېگرىلارنى قوغداش» تىكى «结骨» لارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش بىر نامنىڭ ھەر خىل تەرجىمىسى دەپ قاراش كېرەك. «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد(2) دىكى «قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە «قىرغىزلار (黠戛斯) قەدىمكى جيەنكۇن (坚昆)لاردۇر» ۋە 纥扢斯، 纥骨، 结骨، 居勿(?忽) دەپمۇ ئاتىلىدۇ دېيىلگەن. قىرغىز (黠戛斯) قەدىمكى تۈركچە QIRQaS دەپ يېزىلىدۇ. بۇ نام «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا 乞里吉思، 吉利吉思، 乞里乞思، 乞而吉思، 乞儿吉思، 乞儿乞思 قاتارلىق شەكىللەردە تەرجىمە قىلىنغان. khirkh نىڭ كۆپلۈك شەكلى khirkhis بولىدۇ. پائۇل پېللىيوت «جيەنكۇن (坚昆)» بىرلىك شەكىلدىكى khirkhun نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 63 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە ئەينى چاغدىكى مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: «دەسلەپتە خەن سۇلالىسى دىيارىدىن قىرىق قىز غۇزلارنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن توي قىلغان، 吉利吉思 (قىرغىز) دېگەن نام شۇنىڭدىن كەلگەن». khirkhis نى khirkh (قىرىق) قا khis (قىز)نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن دەپ شەرھلەيدىغان بۇ قەدىمىي رىۋايەتنىڭ ھازىر مۇنداق ۋارىيانتى بار: ئوتتۇز قىزنىڭ تاغدا تۇغقان باللىرىدىن ong — قىرغىزلارنىڭ ئوڭ قانات قەبىلىلىرى، ئون قىزنىڭ تۈزلەڭلىكتە تۇغقان باللىرىدىن Sol — سول قانات قەبىلىلىرى شەكىللەنگەن. قىرغىز «قىرىق قىز» دېگەن سۆز دېيىلگىنى روشەنكى خەلق ئارىسىدا تارالغان ئېتىمولوگىيە ھەققىدىكى ساددا قاراشلاردۇر. قەدىمكى تۈركچە يازمىلاردا مۇنداق گەپ يوق. «جۇنامە» 50 ـ جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» دە تۈركلەرنىڭ بوۋىسى نىشتۇرنىڭ ئىككى خوتۇنىدىن تۆت ئوغۇل تۇغۇلغان، ئۇلاردىن بىرىنىڭ دۆلىتى ئوف دەرياسى بىلەن كېم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، چىگۇ (契骨 — قىرغىز) دەپ ئاتىلاتتى دېگەن بىر رىۋايەت بار، بۇ ئۇلارنىڭ كۆك تۈركلەر بىلەن ئورتاق مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

㉘ تاڭ دەۋرىدىكى قىرغىزلارنىڭ «قىزىل چاچ، ئاق يۈز، كۆك كۆز» لۈك ئالاھىدىلىكىنى ھازىرقى ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇش تولىمۇ قىزىقارلىق. ھەر خىل قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزلىرىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كۆپىنچىسىنىڭ چېچى قارامتۇل بولۇپ، قارا چاچلىقلار ئەڭ كۆپ. كۆزىنىڭ رەڭگى ئارىلاش بولۇپ، ئاساسەن قوڭۇر كۆز. ئالاي، پەرغانە قىرغىزلىرىنىڭ تېرىسى تۇتۇق، تەڭرىتاغ، تالاس دەرياسى، چۇ دەرياسى بويلىرىدىكى قىرغىزلارنىڭ تېرىسى بىر قەدەر ئاق. بويى ئوتتۇرا ھال، تەخمىنەن 63.1 — 66.1 مېتىر ئارىلىقىدا (N. مىكلاشېۋسكايا «قىرغىزلار ئۈستىدە سوماتولوگىيەلىك تەتقىقات»، «قىرغىزلارنى ئارخېئولوگىيەلىك ـ ئېتنولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» 1 ـ قىسىم، موسكۋا، 1956، 22 ـ، 25 ـ، 55 ـ بەتلەر). تاڭ دەۋرىدىكى يازمىلاردا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇبالىغە قىلىنغان جايلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدا قىرغىزلارنىڭ ئىرقى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرگەن، ياۋروپا ئىرقى ئامىللىرى زور دەرىجىدە ئازايغان، باشقا ھەر قانداق مىللەتكە ئوخشاش، ھازىرقى قىرغىزلارنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى 黠戛斯، 坚昆 بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «ساپ ئىرق»، «ساپ قان سىستېمىسى» دېگەنلەر ئەسلىدىلا تارىخىي، ئىلمىي بولمىغان نائې-

www.uyghurkitap.com

نىق قاراشتۇر.

㉙ تېلې ئومۇمىي نام، ئۇنى تۈركچە ئابىدىلەردىكى Orus (乌护، ئوغۇز) غا ئۇدۇللاش مۇمكىنچىلىكى بار، توبا سىيانپىلىرى ئوغۇزنى چىلې (铁勒، يەنى 敕勒) دېگەن، بۇ نام تاكى سۈي ـ تاڭ دەۋرلىرىگىچە قوللىنىلغان، بەزى غەرب ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى 铁勒 (تېلې) نى tolos (تۆلۆس) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەيدۇ. بۇ سۆز 铁، 勒 خەتلىرىنىڭ ئاھاڭىغا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ قاراشنى ئورۇنلۇق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 铁勒 نى terek (ھارۋا)، tirek (تىرەك) دېگەن سۆز دېگۈچىلەرمۇ بار، قارىغاندا، بۇلارمۇ پەرەز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان گەپلەر. ئۇچىدا گىنفۇ: «شىمالىي ئاسىيا تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات، سىيانپى، جۇرجان، تۈرك بابى» (توكيو. 1975) 427 ـ بەتكە قاراڭ.

㉚ «سۈينامە» 50 ـ جىلد «شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە. تېلېلار»، «تىنچ جاھاننامە» 198ـ جىلد «تېلېلار» غا قاراڭ. بۇ قەبىلىلەردىن ئۇيغۇر، دۇبو (都播)، قۇرىقان، بايىرقۇ، تۇڭرا قاتارلىق نامىلار ھەر خىل تۈركچە يازمىلاردا ئۇچرايدۇ. باشقا قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنى نۇرغۇن ئالىملار ئەسلىگە قايتۇرۇشقا ئورۇنۇپ كۆرگەن. مەسىلەن، 多览葛 دېگەن قەبىلە نامىنى شاۋان، شىراتورى كۇراكىچىلار teleng - gut (帖良) دەيدۇ. بۇ نام «كىتابلار جەۋھىرى» 986ـ جىلدىدا 多腊葛 دەپ يېزىلغان. تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى بويىچە 多 خېتى ta، 览 خېتى lam، 腊 خېتى lap، 葛 خېتىkat ئوقۇلىدۇ، شۇڭا، سەممىيلىك بىلەن ئەسلىگە قايتۇرساق T(D)al(r)am(b)ghat(r*) بولۇشى كېرەك، ھالبۇكى، Telenggut بۇنىڭدىن كۆپ يىراقتا. 思结 دېگەن قەبىلە نامىنى ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دا isgil (يەنى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى») دىكى «ISGel» دەيدۇ. لېكىن، سېن جۇڭمىيەن ISGel نى 黠质略 كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. گېرمانىيەلىك ھىرت (Friedrich Hirth) يەنە 薛延陀 نى tardush–sir (سىرتاردۇش) دەپ ئوقۇيدۇ. 薛 نى sir دەپ ئوقۇشنىڭ توغرىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 延陀 نى tardush دەپ ئوقۇشنى توغرا دېمەك تەس. ماتېرىيال ۋە دەلىللەر تولۇق بولمىغان ئەھۋالدا، پەرەزگە تايىنىپ زورمۇ زور ھۆكۈم قىلىدىغان مۇنداق ئەھۋاللار خەتەرلىك ھەم ئىشەنچسىز بولىدۇ.

㉛ مىسال: قەدىمكى تۈركچىدىكى «يىل» موڭغۇل تىلىدا «جىل» غا، «يارلىق» «جارلىق» قا ئۆزگەرگەن. دەرۋەقە، بۇ موڭغۇل تىلى بىلەن تۈرك تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدە بار ماسلىق مۇناسىۋىتىنى ئەمەس، سۆز قوبۇل قىلىش مەنبەسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. موڭغۇلار بۇ تۈركچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان چاغدا، تۈركچە دىيالېكت مۇھىتى ئۆزگىرىپ، «ي» دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەتكەن، موڭغۇللار «ج ياكى چ» دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان بىر بۆلۈك تېلېلار بىلەن ئۇچراشقان. ھازىر تۈرك تىلى دۇنياسىدا «ي» تاۋۇشى ئورنىغا «ج» تاۋۇشىنى ئالماشتۇرۇپ سۆزلىشىدىغانلاردىن تاتار، تۇۋا، قازاق، قىرغىز قاتارلىقلار بار.

㉜ «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە. سويىن».

㉝ بۇ جەھەتتە شىراتورى كۇراكىچىنىڭ ئەسىرى «شەرقىي غۇزلار ئۈستىدە تەتقىقات» («ئەسەرلەر توپلىمى» 4 ـ توم، 63 — 320 ـ بەتلەر) نى تىلغا ئېلىش كېرەك. بۇ ئەسەردە شەرقىي غۇز، ئوغان، سىيانپى، يۇۋېن، تۇيغۇن، چىپۇ، تۇباس، توبا، تاتابى، شى، سېرۋى، كېش، جۇرجان، قۇمۇق، قىتانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان قەدىمكى موڭغۇللار دەپ تەتقىق قىلىنىغان. ئۇ ماتېرىياللارنى خېلى تولۇق يىغقان، بەزى يەرلەردە خېلى

كۆچ سەرپ قىلغان. ئۇ يەنە بىر ئەسىرى «سېرۋىلار ئۈستىدە تەتقىقات» (يۇقىرىقى كىتاب، 339 — 473 - بەتلەر) دە سېرۋى، تاتار، زۇبۇگلارنى ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربى، چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئۈچ خىل ئومۇمىي نامى دەپ كۆرسەتتى. بۇ جەھەتتە شىراتورى كۇراكىچىنىڭ تۆھپىسى بار دېيىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئەسەرلەردىكى بايانلاردا روشەن نۇقسانلارمۇ بار. مەسىلەن، ئۇ ئۆزى قۇراشتۇرۇپ چىققان ھۇنلار موڭغۇلدۇر دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى تۇپەيلىدىن، «ھۇنلارنىڭ ئايرىم قەبىلىسى» بولغان كېشلەرنىمۇ شەرقىي غۇزلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، دائىرىنى كېڭەيتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى تولىمۇ ئىختىيارىي بولۇپ، ئۇدۇل كېلىپ قالغان بەزى جايلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلمىي قىممىتى بار تىل ئانالىزى بەكمۇ ئاز.

㉞ «چىفېڭ، نىڭچېڭدىكى شىياجىيادىيەن يۇقىرى قاتلام مەدەنىيىتىگە تەۋە ئادەم سۆڭىكى ھەققىدە تەتقىقات» (ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى) 1975 - يىلى 2 - سانىدىن پايدىلىنىڭ.

㉟ G. سانسىيېۋ «موڭغۇل تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى» 1 - توم (موسكۋا، 1953) ۋە N. بوپې: «موڭغۇل تىللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا كىرىش» (خېلسىنكى، 1955) لەردە 6-، 7- ئەسىرلەردىكى موڭغۇل تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىياس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن قاراشلار ئىسپاتلانمىغان، تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خىيالىي ھۆكۈمدۇر.

㊱ «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 - جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە. سويىن»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» 30 - جىلد «ئوغانلار، سىيانپىلار، شەرقىي بەدەۋىلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئەسلىي تېكىستى ۋە ئىزاھى.

㊲ «كېيىنكى خەننامە» 120 - جىلد «ئوغانلار، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە».

㊳ ۋۇ رۇڭزېڭ: «خورىنگېردىكى خەنزۇ قەبرە تام رەسىمىدە ئەكس ئەتكەن شەرقىي خەننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار» 1974 - يىلى 1 - سان.

㊴ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 89 - جىلد «ھۇن، يۈۋېن، موخۇەي (莫槐) لەر ھەققىدە قىسسە».

㊵ بۇ كۆچۈش جەريانىنى ئالدىنقىلار «ۋېينامە» 1- جىلد «كىرىش سۆز» دىكى رىۋايەتلەر ۋە شۇ كىتاب 100 - جىلد «ئۇلاخۇ (乌洛侯) ھەققىدە قىسسە» 108 - جىلد «قائىدە - يۇسۇن» دىكى شىمالىي ۋېي خان جەمەتى ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن تۇرغۇزغان. شىراتورى كۇراكىچى «شەرقىي غۇزلار ئۈستىدە تەتقىقات» («ئەسەرلەر توپلىمى» 4 - توم 153 — 155 - بەتلەر) ۋە ماچاڭشۇ «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» (شاڭخەي، 1962) 237 — 239- بەتلەرگە قاراڭ. ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى يەنە بۇ جەريانىنى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. سۇ بەي «شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل رايونىدىكى سىيانپىلار يادىكارلىقلىرى — سىيانپىلار يادىكارلىقلىرى توپلىمى(1)» («مەدەنىي يادىكارلىقلار» 1977 - يىلى 5 - سان) دىن پايدىلىنىڭ. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ئۈزلۈكسىز تېپىلىشىغا ئەگىشىپ، توبا سىيانپىلىرىنىڭ كۆچۈشى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقۇسى.

㊶ قاراڭ: ياۋ ۋېيپۇەن «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خۇ(胡) فامىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات» (جۇڭخۇا، 1963) ئىچكى ماتېرىيال. ما چاڭشۇ «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» 248 — 254 - بەتلەر.

㊷ «جيۇچۇەن، جيايۇگۇەنلەردىكى جىن (晋) سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەرنى قېزىش»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار» 1979 - يىلى 6 - سان.

㊸ «جۇڭگو – غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللار مەجمۇئەسى» 1 – قىسىم (جۇڭخۇا، 1977) 88 — 93 – بەتلەر. پائۇل پېللىيوت «چىن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىز تارىخ – جۇغراپىيەسىگە دائىر تەكشۈرۈش ماقالىلىرى تەرجىمە توپلىمى(1)» (شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1962) 41 – بەت.

㊹ ياۋ ۋېييۈەن «سوڭنامە سۇلۇنىڭ تەرجىمالى، جەنۇبىي چىنامە ۋېيلۇنىڭ تەرجىمىھالىدىكى شىماللىقلارنىڭ ئىسىم – فامىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «چىڭخۇا ئىلمىي ژۇرنىلى» 2 – توپلام 8 – سان.

㊺ مەسىلەن، 乌桓 (ئوغان) نى موڭغۇلچە ukhaan (ئەقىل) دەپ، 柔然 (جۇرجان) نى موڭغۇلچە chechen (چېچەن) دەپ قارىغانغا ئوخشاش («شىراتورى كۇراكىچى ئەسەرلىرى» 4- توم 111 –، 230 – بەتلەر).

㊻ «سۇڭنامە» 96 – جىلد «تۇيغۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «بەدەۋىلەرنىڭ 处، 可寒 (قاغان) دېگىنى سۇڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ 尔 ، 官家 (باشلىق) دېگىنىگە ئوخشاش» دېيىلگەن. شىراتورى كۇراكىچى «处(尔)» سۆزى «خوپ» دېگەنلىك، يەنى ماقۇللۇقنى بىلدۈرىدىغان ئۇندەش سۆز، ئۇ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى «zhe» (خوپ) بىلەن ئوخشاش دەپ چۈشەندۈرىدۇ. «处» (بېمخارد كارلگرېن بۇنى *iwo'ts/io't دەپ ئوقۇيدۇ) نى موڭغۇلچە zhe غا زورمۇ زور تېڭىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. سىيانپىلار تىلى كېيىنكى موڭغۇل تىلى بىلەن ھەر قانچە يېقىن بولسىمۇ، ئۇندەش سۆزلىرىمۇ ئوخشاش دېگىلى بولماس، شۇنداق ئىكەن، ئەنە شۇنداق كىچىككىنە بىر سۆزنى قانداقمۇ تىللارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولسۇن. 可寒 بىلەن «قاغان» بىر – بىرىگە تولۇق ماس كېلىدۇ، بىراق، بۇ «قاغان» سۆزى شەرقىي غوزلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى زامانىدا كېلىپ چىققانلىقىنىلا چۈشەندۈرىدۇ. جىن – يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇلچە «合罕» (خاقان) دېگەن سۆز تۈرك، ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، شۇ قىسسەدە «سىيانپىلار ‹ئاكا› نى 阿干 دەيدۇ» دېيىلگەن. 阿干 بولسا *akan نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، بۇ يەردىكى k جىن – يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇلچە kh غا ماس كېلىدۇ. سۇي – تاڭ كىشىلىرى تۈركچىدىكى ياغلاقارنى 药罗葛 دەپ يازغان، 葛 نى 曷 دەپ يازمىغان. khurikhan (قۇرىقان) نى 骨利干 دەپ يازغان. 骨 نى 窟 ياكى 忽 دەپ يازمىغان، 干 مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. يەنە بىر تەرەپتىن، موڭغۇل تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، جىن – يۈەن دەۋرىدىكى kh تاۋۇشى مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە kh، gh لارغا بۆلۈنگەن. بۇنىڭغا پەقەت نەچچە يۈز يىللا كەتكەن. شۇڭا، ئالتە سۇلالە دەۋرىدە جىن – يۈەن دەۋرىدىكىگە ئوخشاش جەزمەن kh تاۋۇشى بار ئىدى دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، مەيلى خەنزۇلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىش ئادىتى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ياكى سىيانپى تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنىڭ ئوخشاشلىقى – پەرقى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، «干» بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى «合» (يەنى g-k بىلەن kh) نى ئۆزئارا ئالماشمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. *akan نىڭ ئاخىرىدىكى n- نى تېخىمۇ قەدىمكى مورفولوگىيەلىك شەكىلنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دېيىش كېرەك. ئۇ كىشىگە يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى n- نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرقى موڭغۇلچىدا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن، usun ← us (سۇ)، darasun ← dars (ھاراق) دېگەندەك. موڭغۇللارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى ئىچىدە، ئالتە سۇلالە دەۋرىدىمۇ akha نىڭ ئاخىرىدا n- تاۋۇشى بولغانمىدۇ؟

㊼ 纥真 (خېچېن) موڭغۇلچە ghuchin (ئوتتۇز) دېگەن سۆز، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇ سا-

ناق سان توبا سىيانپىلىرىنىڭ تىلى موڭغۇل تىلىغا ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، ئاتالمىش «i» نىڭ ئىككىلەمچى پۈكۈلۈش «قانۇنى» غا قاتتىق زەربە بېرىدۇ. سانسىيېۋنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا، 7 — 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى موڭغۇل تىلىدىكى chi چوقۇم ti بولۇشى كېرەك ئىكەن (ئۇنىڭ ئالغان مىسالىدا دەل ghuchin دېگەن سۆز بار، سانسىيېۋ: «موڭغۇل تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسى» 1 - توم 93 - بەتكە قاراڭ). لېكىن، تەخمىنەن 4 - ئەسىردىكى يەر ناملىرىدا پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ تاۋۇش chi بار ئىدى. بۇ يەردە ti ← chi ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقىنى ئەمەس، بەلكى سانسىيېۋنىڭ ھېلىقىدەك مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن قانۇنىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى دەلىللىدۇق. ئۇنىڭ لوگىكىسى بويىچە، 7 — 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى موڭغۇل تىلىدىكى ch، zh تاۋۇشلىرىنىڭ ئاخىرىدا i سوزۇق تاۋۇشى يوق (ئۇ نېمە ئۈچۈن يوق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمىگەن)، كېيىنكى كۈنلەردىكى chi، zhi لار ئەينى چاغدىكى *ti، *di نىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بوپتۇ. سانسىيېۋ فىلولوگىيەلىك ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانماي، مەلۇم بىر خىل ئالدىن بەلگىلەنگەن ئالدىنقى شەرتنى ئاساس قىلغاندەك، مەسىلەن، رۇس تىلىدىكى تىل ئالدى پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش قانۇنىنى ئەينەك قىلغاندەك قىلىدۇ.

⑱ «جەنۇبىي چىنىامە» 57 - جىلد «ۋېيلۇ تەزكىرىسى» دە: «直真، 乌矮真، 比德真، 朴大真، 胡洛真، 乞万真، 可薄真، 佛竹真، 咸真، 契害真، 折溃真، 附真، 羊真» دېگەن ئەمەل - كەسىپ ناملىرى بار. بۇ 13 سۆز ئىچىدە 比德真 ۋە 可薄真 نىڭ bitekchin* (پۈتۈكچى)، khapakhchin (قاپقاقچى) ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. «شەرقىي غوزلار ئۇستىدە تەتقىقات» تا 附真، 咸真، 乞万真 لار قەدىمكى موڭغۇل تىلى kelemechin) urchin..kelelm)، zhamchin (yamchin)، bahurchin لار بىلەن سېلىشتۇرۇلغان، بۇمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن ۋە يوقالغان تىللارنىڭ قالدۇقلىرىنى تولۇق يازما ماتېرىياللار يوق ئەھۋالدا بىر - بىرلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس (مۇنداق قىلىش بىكار ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، ناۋادا يازما خاتىرىلەر بولمىسا، چىڭگىزخان دەۋرىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى ھازىرقى كۈندە چۈشەنگىلى بولمايدۇ). ئەڭ مۇھىمى «真» خېتى، ئۇ سىرۋى - تاتار تىلىدىكى ئارقا قوشۇمچە chin- گە ئوخشاش. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا chin- بولسا chi (... چى) نىڭ كۆپلۈك شەكلىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، «阿干» (ئاكا)ھەققىدىكى مىسال بىلەن باغلاپ قارىغاندا، chin نى 6 - ئەسىردىمۇ ھازىرقى موڭغۇل تىلىدىكىگە ئوخشاش بىرلىك شەكىلدە ئىدى دەپ پەرەز قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟ بۇ يەردە پائۇل پېللىيوتنىڭ بىر ئېغىز غەلىتە گېپىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ: «بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرى chi- بىلەن ئەمەس، chin- بىلەن تۈگىگەن بولسىمۇ (بۇ گەپنىڭ مەنىسى: تۈركچە شەكىلدە ئەمەس، موڭغۇلچە شەكىلدە بولسىمۇ دېگەنلىك — ئىرىنچىن)، ۋېي پادىشاھلىقىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرى موڭغۇلچە شەكىلدە ئەمەس، تۈركچە شەكىلدىكىدەك قىلىدۇ» («خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تۈركچە ئاتالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيەسىگە دائىر تەكشۈرۈش ماقالىلىرى تەرجىمە توپلىمى(2)» 53 - بەت). ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە «موڭغۇلچە» قوشۇمچىنى نەزەرگە ئالماي، ئارىيەت ئېلىنغان بىر نەچچە تۈركچە سۆز تومۇرىغا مەپتۇن بولۇش پائۇل پېللىيوتتەك مۇنداق داڭلىق تارىخ، فىلولوگىيە ئالىمىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئۇسۇلى ئەمەس ئىدى.

⑲ ما چاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» دا: «شەرقىي غوز تىل گۇرۇپپىسىنىڭ ئەۋلادى ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خىل دەۋرلەردىكى ئوغان، سىيانپى تىل گۇرۇپپىسى، قىتان تىل گۇرۇپپىسى، موڭغۇل تىل گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارنى ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن (50 ــ بەت). گەرچە «تىل گۇرۇپپىسى» دېگەن ئاتالغۇ ئانچە جايىغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، بۇ قاراشنىڭ ماھىيىتى توغرا، يەنى بۇ تىللارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى تۇتۇۋېلىنغان.

⑤⓪ 648 ــ يىلى تاڭ سۇلالىسى قىتانلار زېمىنىدا قۇملۇق تۇتۇق مەھكىمىسى قۇردى، قىتانلاردىن قوغا تۇتۇق بولدى، قول ئاستىدا ئون ئەمەلدار قويۇلدى. كېيىن قىتانلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن كەسكىن ئۇرۇش قىلدى، ئاخىر تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشتى، تۈرك خاندانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قىتانلار يەنە تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى، تاڭ سۇلالىسى قىتانلارغا مەلىكە ياتلىق قىلدى. 8 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىتانلار يەنە ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغات نامى بېرىشى ۋە يۆلىشى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. تۈرك، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ قىتانلارغا زور تەسىر قىلدى. قىتان خانلىقى بولغان لياۋ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدە نۇرغۇن تۈركچە ئەمەل ناملىرى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، تېگىن، ئېلتەبىر، ئىركىن، تارقان دېگەندەك، لياۋ دۆلىتىدە «زور تۆھپە ياراتمىغانلارغا ئەمەل بېرىلمەيدۇ» دېگەن تۈزۈمنى يولغا قويغان مەشھۇر ئەمەلدار 于越 نىڭ ئىسمىمۇ تۈركچە ئۆگە ــ ئۆگە (ئەقىللىق) دېگەن ئىسىم، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى 兀格 (wuge)، 59 ــ ئابزاس)، «چىڭگىزخانىنىڭ زەپەرنامىسى» دىكى 斡怯 (woqie) لار دەل 于越 (ئۆگە) دۇر.

⑤① «شىمالىي رايونلاردىكى پادىشاھلارنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، پائۇل پېللىيوتنىڭ ساقلانغان ئەسەرلىرى 1283 ــ نومۇرلۇق، بۇ ماتېرىيالنى يولداش ۋاڭ ياۋ تەرجىمە قىلغان. تۆۋەندىنمۇ ئوخشاش).

⑤② «ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1977 ــ يىلى 4 ــ سانى، يەنى قىتان كىچىك يېزىقى تەتقىق قىلىنغان مەخسۇس سانىغا قاراڭ.

⑤③ بۇ كىتابتا شەرھلەنگەن قىتان كىچىك يېزىقىدا يەككە سوزۇق تاۋۇشلۇق، ئىككى، ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ سوزۇق تاۋۇشلۇق، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملۇق خەتلەر، شۇنىڭدەك ساپ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق خەتلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى ساپ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق خەتنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ناۋادا ئەينى چاغدا قىتانلار ساپ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق خەتلەرنى لايىھەلىيەلىگەن بولسا، قىتانلارنىڭ كىچىك يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولىدۇ، ئۇ ھالدا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق خەت ئىجاد قىلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى قالمايدۇ. ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىنى، بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ــ بىرىگە قوشۇپ يېزىلىدىغان بوغۇملۇق يېزىق بولغانلىقى ئۈچۈن (قەدىمكى تۈرك يېزىقى، موڭغۇللارنىڭ باسپا يېزىقى سەرخىل بوغۇملۇق يېزىقتۇر)، ئۇلار ھەر بىر يېڭى بوغۇمغا دۇچ كەلگەندە بىر خەت ئىجاد قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن، بەزى تاۋۇشلارنىڭ تۈزۈلۈشىنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، قىتان كىچىك يېزىقىدا u (20#)بار دېيىشكە ئاساس يېتەرسىز دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە پائۇل پېللىيوتنىڭ پىكرىدىن پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ: ئۇ قىتان تىلى تاڭلاي تاۋۇشى ناھايىتى ئېغىر بولغان موڭغۇل تىلىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. قىتان تىلىنى دېمەي تۇرايلى، يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇل تىلىدىمۇ u سوزۇق تاۋۇشى يوق (ھازىر موڭغۇل تىلىدا بۇ تاۋۇش بار)، پەقەت u لا بار ئىدى، مەسىلەن، ھازىرقى ئويرات دىيالېكتىغا ئوخشاش.

⑭ «ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1977 - يىلى 4 - سان 23 -، 26 - بەتلەر.

⑮ «ۋېينامە» 100 - جىلد «قۇمۇقلار ھەققىدە قىسسە» دە: «قۇمۇقلارنىڭ ئەجدادى شەرقىي يۇۋېن (宇文) لەرنىڭ باشقا بىر خىلى» دېيىلگەن. بۇ ئەڭ ئېنىق خاتىرىدۇر. «جۇنامە» 49 - جىلد «يات رايونلار تەزكىرىسى» دە قۇمۇقلار «سىيانپىلارنىڭ باشقا بىر خىلى» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «سىيانپى» يۇۋېن سىيانپىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «سۇينامە» 34 - جىلد «قۇمۇقلار ھەققىدە قىسسە» دە: قۇمۇقلار «شەرقىي غۇزلارنىڭ باشقا بىر خىلى» دېيىلگەن، بۇ باشقا بىر خىل يېزىلىش بولۇپ، مەنىسى ئۆزگەرمىگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 94 - جىلد «قۇمۇقلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلارنىڭ ئەجدادى شەرقىي غۇز يۇۋېنلىرىنىڭ باشقا بىر خىلى» دېيىلگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى «ۋېينامە»دىكىسى بىلەن ئوخشاش.

⑯ زاردىنتىنىڭ «قىتانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ. «مىللەت تارىخى تەرجىمە ماقالىلىرى توپلىمى» (ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1959) 55 — 69 - بەتلەر.

⑰ «خان بېكىتكەن لياۋ تارىخى يەشمىسى» 3 - جىلدتا: «داغۇر 32 - جىلدتا داخې (大贺) دېيىلگەن، ھازىر «سەككىز خوشۇن ئىسىم - فامىلىسىنىڭ ئومۇمىي نەسەپنامىسى» ئاساسىدا داغۇر (达呼尔) دەپ ئۆزگەرتىلدى» دېيىلگەن. بۇ يەردە پەقەت «سەككىز خوشۇن ئىسىم - فامىلىسىنىڭ ئومۇمىي نەسەپنامىسى» دا «داغۇر» دېگەن سۆز بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ سۆز خالىغانچە «لياۋ تارىخى»دىكى «داخې» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن.

⑱ «ۋېينامە» 100 - جىلد«سېرۋېلار ھەققىدە قىسسە». «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 94 - جىلد «سېرۋېلار ھەققىدە قىسسە».

⑲ «توخار تىلى ۋە كۇچار تىلى»، «توخار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» (جۇڭخۇا، 1957) 79 - بەت.

⑳ ما چاڭشۇ: «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» 171 - بەت.

㉑ S. مالوۋ: «قەدىمكى تۈركىي يازما يادىكارلىقلىرى» (موسكۋا، 1951) 22 -، 30 - بەتلەر. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983، 68 -، 82 - بەتلەر.

㉒ «يېڭى تاڭنامە» 42 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى».

㉓ راشىددىن: «جامىئۇت تەۋارىخ» (موسكۋا - لېنىنگراد، 1952) 1 - توم 1 - قىسىم 102 - بەت.

㉔ 9 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا «قارا تاتارلار (黑車子韃靼)» دېگەن نام بولغان (لى دېيۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر ئونمۇس تېكىن قاتارلىقلارغا يارلىق»، «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» 5 - جىلد، «لياۋ تارىخى» دا يەنە «قارا سېرۋېلار (黑車子室韦)» دېيىلگەن). ۋاڭ گوۋېي سۇكۇدا سوكىچىنىڭ «سېرۋېلار ئۈستىدە تەتقىقات» تا ئېيتىلغان قارا سېرۋېلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ دېگەن خاتالىقنى ئوڭشايمەن دەپ، ئۆزى يەنە قارا تاتارلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ دەيدۇ («قارا سېرۋېلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «گۇەنتاڭ توپلىمى» 14 - جىلد 1 — 2 - بەتلەر). «لياۋ تارىخى» 29 - جىلد «تيەنزو خاتىرىسى (天祚纪)»دا باۋدا 4- يىلى 7 - ئايدا «يەنە چوغاي سېرۋېلىرىدىن موغاش 谟葛失 نىڭ قوشۇنى كەلدى» دېيىلگەن. «ئۈچ پادىشاھ دەۋرىدىكى سۇڭ -جىن سۇلالىلىرى ئالاقىسى (三朝北盟会编)» 21 - جىلدتا «لياۋ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىش خاتىرىسى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن نەقىل ئېلىنىپ، «يەنە چوغاي تاتارلىرىدىن موغاش (毛割石) نىڭ قوشۇنى كەلدى» دېيىلـ-
گەن. بۇ يەردىكى موغاش كىشى ئىسمى، چوغاي تاتارلىرىنىڭ ئاقساقىلى، 1124 ـ يىلى خىسلەتلىك
ئۆگەخان نامى بېرىلگەن، 1125 ـ يىلى جىن سۇلالىسىغا بويسۇنغان. ۋاڭ گوۋېي «موڭغۇللار ئۈس-
تىدە تەتقىقات (萌古考)» تا ئۇنى كىشى ئىسمى ئەمەس، موڭغۇلنىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى
دېگەن، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ («گۇەنتاڭ توپلىمى» 15 ـ جىلد 4 ـــ 5 ـ بەتلەر).

(65) «سۇينامە» 81 ـ جىلد «شەرقتىكى بەدەۋىلەر ھەققىدە قىسسە».

(66) ئىناي موتومۇ: «تاتارلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتى» (توكيو، 1930).
سۆك بېيىنىڭ سۆزىنى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 253 ـ جىلدتىن كۆ-
رۈۋېلىڭ.

(67) «جامىئۇت تەۋارىخ» سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان نۇس-
خىسى 1 ـ توم 1 ـ قىسىم (موسكىۋا ـ لېنىنگراد، 1952). خوڭ جۈن ئۇنى «ئۇلۇس تەزكىرىسى»
دەپ ئاتايدۇ. رۇسچە نۇسخىدا موڭغۇل ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى ئېلىشتا نۇقسان بار. بۇ
كىتاب ئەسلىي ئەسەرنىڭ يەتتە خىل نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى
يەنىلا نۇقسانسىز دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، Yisut (193 ـ بەت) ئەسلىدە پارىژ، لوندون،
تېھران نۇسخىلىرى بويىچە Bisut (يەنى 别速惕) بولۇشى، Uryaut ـ Ortaut (78 ـ، 166 ـ
بەتلەر) لېنىنگراد، تېھران نۇسخىلىرى بويىچە Ornaut (يەنى 斡罗纳尔) بولۇشى، Kunzhin
(78 ـ بەت) ئىستانبۇل، لوندون، تېھران ۋە لېنىنگراد نۇسخىلىرى بويىچە Nunzhin (يەنى
嫩真) بولۇشى كېرەك ئىدى. تەرجىمانلار بىلىكىنىنىڭ بۇ ئىسىملارنى خاتا ئوقۇشىغا يېپىشىۋال-
غانلىقى ئۈچۈنلا كىتابتا مۇشۇنداق خاتا تەرجىمە قىلغان. بەزىدە بىلىكىنىنىڭ توغرا قىلغان تەرجە-
مىلىرىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان، مەسىلەن، Konkait، Tumaut (128 ـ بەت) دېگەنلەر بىلىكىن ۋە
لېنىنگراد، لوندون نۇسخىلىرى بويىچە Tunkait، Tubaut (يەنى 董合亦惕، 秃别延) بولۇشى
كېرەك ئىدى. رۇسچە تەرجىمىدىكى مۇنداق خاتالىقلارنى كۆرۈپ، شاۋشۈن چىڭشى (1909 ـــ
1973) كۆپ ھەسرەتلەنگەن.

(68) «مورگاننىڭ ‹قەدىمكى جەمئىيەت›، نامىلىق كىتابىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار» (خەلق نەشرىياتى،
1965) 173 ـ بەت.

(69) «لياۋ تارىخى» دىكى «شاھلارنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئۇلۇسلار نەسەبنامىسى» نى سېلىش-
تۇرساق، خۇيتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 4 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 5 ـ يىلى 7 ـ ئاي، تەيپىڭنىڭ
6 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «شاھلارنىڭ تەرجىمىھالى»دا 阻卜 دەپ يېزىلغان يەرلەردە نەسەبنامىدە 术不姑
دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(70) خەيلار دەرياسىنىڭ غەربكە ئېقىپ يېقىن بارگا سول خوشۇنىدىكى ئاباغايتۇ ئەتراپىدا شەرقىي
شىمالغا بۇرالغان قىسمى ئەرگۇنە دەرياسى دېيىلىدۇ. ئەرگۇنە دەرياسى بىلەن خۇلۇننۇر كۆلى ئەس-
لىدە سۇ يولى بىلەن تۇتىشاتتى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ۋاڭجىيەن (ئەرگۇنە) دەرياسى خۇلۇن-
نۇردىن باشلىنىدۇ دېگەن. «شەرققە ئاقىدۇ» دېگىنى خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، شۇن-
داقلا تۈركلەرنىڭ تەرەپ قارشىنى پەرقلەندۈرمەي ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش (تۈركلەرنىڭ تەرەپ قا-
رشى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە 90 گرادۇس پەرقلىنىدۇ) سەۋەبىدىن سول
(شىمال) شەرق دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا «شەرقتىكى 蒙兀室
韦 لارنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ» دېيىلگىنى 蒙兀室韦 لارنىڭ غەربىدىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ بو-

لىدۇ، «شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» دە باشتىن ئاياغ ئەرگۇنە دەرياسى شەرققە ئېقىپ خەي (海، دېڭىز) گە قۇيۇلىدۇ دەپ يېزىلغان. خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسى 1 مىليون 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئەينى چاغلاردا بىرەر ئادەمدىن مۇنچىۋالا كەڭ دائىرىدىكى جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئەرگۇنە دەرياسى بويىدىكىلەرنىڭ شەرق دېگەنى شىمالنى (چۈنكى، ئۇلارنىڭ قوشنىسى تۈرك بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ تەرەپ قارشىنى قوللىنىدۇ)، خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكىلەرنىڭ شەرق دېگىنى شەرقنى كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبلىك، پۈتۈن تېكستتە شىمال بىلەن شەرق ئارىلىشىپ كەتكەن. مۇنداق ئارىلىشىپ كېتىش يۈەن دەۋرىدىمۇ يۈز بەرگەن. مەسىلەن، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب يۇ جى يازغان «قوچۇ خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» («يۈەن تارىخى» 122 ـ جىلد «بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ تارىخىي مەنبەسى) دە ئېيتىلىشىچە، بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) قا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ئۇنىڭ چېگرىسى «شىمالى ئامۇ دەرياسىغا يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبى جيۇچۈەن بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقى ئۇدۇن، قەشقەرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى تۇبۇت زېمىنىغا يېقىنلىشىدۇ» كەن. بۇ يەردىكى جەنۇب دېگىنى شەرقنى، غەرب دېگىنى جەنۇبنى، شىمال دېگىنى غەربنى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەرنىڭ تەرەپ قارشى بويىچە، تىلغا ئېلىنغان يەرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەمما شەرق (ئەمەلىيەتتە شىمال) دېگىنى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. خوتەن بىلەن قەشقەر تۈركلەرنىڭ تەرەپ قارشى بويىچە ياكى ئادەتتىكى تەرەپ قارشى بويىچە قارىغاندىمۇ، جىمسارنىڭ شەرقىدە ۋە شىمالىدا بولمايدۇ. يۇ جى چېغىدا گاڭگىراپ قالغان يەردە، تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەنلەرنىڭ ئېغىزچە ئېيتقانلىرى ئاساسىدا يازغان ماتېرىياللارغا تېخىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ۋاڭجيەن دەرياسىنىڭ ئەرگۇنە دەرياسى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ، شىراتورى كۇراكىچىمۇ «شەرقىي غۇزلار ئۈستىدە تەتقىقات» تا مۇشۇنداق قاراشتا بولغان. بىراق، كېيىن «سېرۋىلار ئۈستىدە تەتقىقات» تا ئۇنى سىلىكا دەرياسى بولۇشى كېرەك دېدى، ئەمما دەريانىڭ خۇلۇننۇر كۆلىدىن باشلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە قايىل قىلارلىق چۈشەنچە بەرمىگەن («شىراتورى كۇراكىچى ئەسەرلىرى» 4ـ توم 382 ـــ 387 ـ بەتلەرگە قاراڭ).

(71) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 153 ـــ 154 ـ بەتلەر.

(72) «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 1 ـ ئابزاس. «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 2 ـ قىسىم 9 ـ بەت.

(73) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 154 ـ بەت.

(74) نېرۋىن، دېرېلېكىن دەپ ئايرىش «جامىئۇت تاۋارىخ» تىلا ئۇچرايدۇ. راشىددىن خاتىرىلىگىنى بۇرۇئاق ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن موڭغۇل تارىخى. مۇنداق ئايرىش راستىنلا مەۋجۇدتەك قىلىدۇ. نېرۋىن پارسچە NIRWN دەپ يېزىلىپ، «ئومۇرتقا» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. تەبىئىيكى، بۇ موڭغۇلچە niruhun ~ nirihun دېگەن سۆز، بۇ سۆزنىڭ «ئومۇرتقا» دىن باشقا «تاغ چوققىلىرى» مەنىسىمۇ بار. دېرېلېكىن پارسچە «Derelekin» دەپ يېزىلغان، «جامىئۇت تاۋارىخ» تا بۇ سۆز ئىزاھلانمىغان. بۇ سۆزدە بىرلا «I» سوزۇق تاۋۇشى بولغاچقا، ھەر كىم ھەر خىل ئوقۇغان: دوسسان «دۇرلۇكىن» دېگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدە «دارلېكىن» دېيىلگەن. بىز «DRLKIN (迭列列斤)» دېدۇق. ئاساسىمىز مۇنداق: بۇ سۆزدە «ك» تاۋۇشى بولغانىكەن، ئۇ يۇمشاق سۆز — تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز. سۆز تومۇرى «دېرېلې ـ» (بۇ سۆزنىڭ ياستۇق قىلماق، بويلاپ، ياقىلاپ دېگەن مەنىلىرى بار)، «ـكىن» قوشۇمچىسى «مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەردىكى ئادەملەر»، «مەلۇم بىر خىل ئادەملەر» مەنىسىدە، شۇڭا، بىز «دىرلىكىن» نى «دېرېلىكىن» دەپ ئوقۇپ، «تاغ ياقىلاپ ئورۇنلاشقان ئادەملەر» دەپ چۈشىنىمىز.

(75) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 2 ـ قىسىم 28 — 29 ـ بەتلەر.

(76) «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى — موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق فېئودالىزمى» (لېنىنگراد، 1924)، لىۋ رۇڭجۈن تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 82 — 83 ـ، 92 — 94 ـ بەتلەر.

(77) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 2 ـ قىسىم 18 ـ بەت.

(78) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 ـ توم «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر». «جامىئۇت تاۋارىخ» 1 ـ توم 2 ـ قىسىم 18 — 19 ـ بەتلەر.

(79) «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن قارا سېرۋىلار 9 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق ئاھالىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئىككى قەبىلىنى باشلاپ، «شەرقىي شىمالدىكى بۈيۈك سېرۋىلار يېرىگە بارغانلىقى» ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرەلەيمىز، مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس.

(80) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 160 — 166 ـ بەتلەر.

(81) «جىننامە» 93 ـ جىلد «زۇڭخاۋ تەزكىرىسى (宗浩传)». ۋاڭ گوۋېي: «موڭغۇللار ئۈستىدە تەتقىقات (萌古考)» («گۇەنتاڭ توپلىمى» 15) تىن پايدىلىنىڭ.

(82) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 101 ـ بەت.

(83) يۇقىرىقى كىتاب 114 ـ بەت.

(84) يۇقىرىقى كىتاب 116 ـ بەت.

(85) يۇقىرىقى كىتاب 118 ـ بەت.

(86) مىۇللېر «سىبىرىيە تارىخى» دا 18 ـ ئەسىردىكى بورىياتلار ھەققىدىكى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن: بورىيات ۋە ئويرات ئاكا ـ ئۇكا بىر ئايغىرنى تالىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بورىيات ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ بايقال كۆلى بويىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە قىلىنغان بۇ قەبىلە ھېكايىسى بايىرقۇلار (بورىياتلار قەدىمكى بايىرقۇلارنىڭ بىر تارمىقى) بىلەن ئويراتلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

(87) Ts. نومىنخانوۋ «تۈركچە ۋە موڭغۇلچە چارۋىچىلىق ئاتالغۇلىرى» («شەرق ئىلمىي جەمئىيىتى ماقالىلىرى توپلىمى») ئالمۇتا، 1959) 87 — 116 ـ بەتلەردىن پايدىلىنىڭ.

(88) فېڭ چېڭجۈن «لياۋ، جىن دەۋرلىرىدە شىمالدىكى ئۇلۇسلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرىنىڭ تارىخى ـ جۇغراپىيەسىگە دائىر تەكشۈرۈش ماقالىلىرى توپلىمى» (جۇڭخۇا، 1959) 190 — 192 بەتلەر. چېن دېجى «لياۋ دەۋرىدە غەربىي شىمال يولىدىكى جازا مەھكىمىسى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى ماقالىلار توپلىمى» 2 ـ سان.

(89) «جامىئۇت تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 129 ـ بەت.

(90) كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، راشىددىن «جامىئۇت تاۋارىخ» نىڭ «قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە كېرەي، نايمان، ئۆڭغۇتلارنى تاڭغۇت، ئۇيغۇر، قىرغىزلار بىلەن بىللە 3 ـ بۆلۈم قىلىپ، ئۇلارنى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن پەقلەندۈرىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 ـ جىلد «سۇگې تەرجىمھالى»دە: «سۇگې موڭغۇللارنىڭ كېرەي قەبىلىسىدىن، ئاتا ـ بوۋىسى تاڭ سۇلالىسى-

نىڭ يات ئۇرۇقى» دېيىلگەن.

(91) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 63 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى». «جامىئۇت تاۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 136 ـــ 137 ـ بەتلەر.

(92) ئۇئېمۇرا سېئىجى: «نايمانلار ئۈستىدە قىسقىچە تەتقىقات»، «دوكتور ۋادانىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش ياپونشۇناسلىق ماقالىلار توپلىمى» 154 ـ بەت.

(93) راشىددىننىڭ دېيىشىچە، جىن سۇلالىسى خاقانى موڭغۇل، نايمان قاتارلىق قەبىلىلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىر تام (موڭغۇللار Awnkwh، تۈركلەر BWQWRQH دەيدۇ) سالدۇرۇپ ئوڭغۇتلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىغا تاپشۇرغان («جامىئۇت تاۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم 140 ـ بەت). رۇسچە نۇسخىدا تاشكەنت ۋە تېھران نۇسخىلىرىغا ئاساسەن utkuh دېيىلگەن، بۇ توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ. بۇ نام شەرق تەتقىقات ئورنى نۇسخىسى ۋە پارىژ نۇسخىسىغا ئاساسەن unkuh بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئوڭغۇت (Onggut) دېگەن نام onggu ~unggu دىن كېلىپ چىققان. BWQWRQH دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇنىڭ بىرىنچى ھەرپى B ئەسلىدە «Y» بولۇشى مۇمكىن، بۇ چاغدا YWQWRQH موڭغۇلچە Yohurkha (تام) دېگەن سۆزگە ماس كېلىدۇ.

(94) «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 202 ـ ئابزاسىنىڭ يان تەرجىمىسىدە «تاتار پۇقرالىرى (达达百姓)» دەپ خاتىرىلەنگەن. شوسىجىۋجېر (搠思吉斡节儿) موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان «入菩提行经» نىڭ كەمتۈك ۋارىقىدىمۇ «بارلىق موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغانلار» دېگەن گەپ بار، بۇمۇ مىللىي ئورتاق تىل ئۇقۇمىنى بېرىدۇ.

(95) «قارا تاتارلارغا دائىر قىسقىچە خاتىرىلەر». شۇ تىگىنىڭ كۆرگىنى كېيىنكى كۈنلەردە «بالا ئەسكەر» دېيىلگەنلەردۇر.

(96) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 147 ـ جىلد «شى تيەننى تەزكىرىسى».

(97) G. سانسىيېۋ قالقا دىيالېكتىدىكى c ← ch ،z ← zh بولۇپ ئۆزگىرىشنى ئۆزى لايىھەلىگەن «i نىڭ ئۈچ خىل پۇكۇلۇش قانۇنىيىتى» نىڭ نەتىجىسى دەپ، بۇ يەردە z ← zh ← d بولۇپ ئۆزگىرىش جەريانى زۆرۈر رول ئوينىغان دېمەكچى بولىدۇ. بۇ تارىخىي پاكىتلاردىن ئومۇملاشتۇرۇپ چىقىلغان يەكۈن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە قالقا دىيالېكتىنىڭ مۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىنى ئويراتلارنىڭ ئىشغالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

(98) ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى ۋە باسپا يېزىقىدا ئىپادىلەنگەن قەدىمكى موڭغۇل تىلىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى i ۋە yi ئويراتلاشمىغان شەرقىي قىسىم دىيالېكتىدا ھازىرغىچە شۇ شەكىلدە قوللىنىلماقتا. لېكىن، ئويراتلاشقان دىيالېكتلاردا بۇ شەكىل قەدىمكى تۈركچە igh ـ، ig ـ كە ئۆزگەرگەن.

www.uyghurkitap.com

# 1962 - يىلى 60 مىڭ شىنجاڭلىقنىڭ يۈز ئۆرۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى

مەمەت قەييۇم تەرجىمىسى

ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالا، ئىلىدىن ئىبارەت تۆت رايوندىكى يىگىرمە نەچچە ناھىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئۈچ مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگراسىغا جايلاشقان، بۇ يەرلەردىكى چېگرا ئېغىزلىرىدا، كىشىلەر چېگرادىن كەلكۈن سۈيىدەك ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكەن. كۈندۈزى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى يۇقىرى ئاۋازلىق رادىيو كانىيى ئارقىلىق يۆنىلىشنى ئېيتىپ بەرگەن، كېچىسى دەرىجىدىن تاشقىرى يورۇيدىغان ئېلېكتىر چىراغلىرى ئارقىلىق يوللارنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ چىراغلارنىڭ يورۇقلۇقى جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلارغىچە يېتىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئاي ئىچىدە، جۇڭگو چېگراسىدىكى ئاھالىلەردىن جەمئىي 67 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن، چېگرا ياقىسىدىكى ئىككى ناھىيەدە ئارانلا نەچچە يۈز ئادەم قالغان. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق چېگرا ھالقىپ قېچىش ۋەقەسى، شۇنداقلا جۇڭگو - سوۋېت چېگراسىدىكى ئومۇميۈزلۈك جىددىيلىشىشنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن زۇنۇن تېيىپوف ئوتتۇرا بوي، ئۇزۇن بۇرۇن، قىزىل يۈز، سېرىق چاچ ئادەم ئىدى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىدە كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى بۇ ئۈچ ۋىلايەتنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئارمىيەسىنى قۇرغان ھەم بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان. زۇنۇن تېيىپوف مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر رەھبىرى ئىدى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبەگ، بىرىنچى مۇئاۋىن قوماندانى دەلىلقان سۇگۇربايېف قاتارلىقلارنى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، بېيجىڭغا بېرىش يولىدا ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا قىلدى. 1949 - يىلى 12 - ئايدا مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، زۇنۇن تېيىپوف جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولدى.

1962 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى زۇنۇن تېيىپوف خۇرۇم سومكىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئىشخانىسىدىن ئالدىراش چىقىپ كەلدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يې گۋاڭلى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «باشلىق، غۇلجىغا بارامسىز؟» دەپ سورىدى.

زۇنۇن تېيىپوف: «نېمە، بولمامدۇ؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

يې گۇاڭلى: «ياق، ياق... مەن باشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، مۇھاپىزەتچى كېرەكمۇ قانداق؟» دەپ سورىدى.

زۇنۇن تېيىپوف: «هاجىتى يوق!» دەپ سوغۇققىنا جاۋاب بەردى.

تاش يولدىكى بىر جىپ ماشىنا ئۇ چۈشكەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى، زۇنۇن تېيىپوف شوپۇرغا ماشىنىنى شۇ ماشىنىنىڭ يېنىغا ھەيدەپ بېرىشنى بۇيرۇدى، قارشى تەرەپتىكى ماشىنىدىن ئىلى شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى، گېنېرال مايور مەرغۇپ چۈشتى.

ئىككىسى يېقىن كېلىپ بىر ھازا سۆزلەشكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى جىپ ماشىنا چاغانتوقاي ناھىيەسىگە قاراپ يول ئالدى. ماشىنا بىر كەنتتىن ئۆتكەندە كىشىلەر «چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ باشلىقى كەلدى!» دەپ ۋارقىراپ ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى، بەزىلەر گىتار چالدى، بەزىلەر بايان تارتىپ، ناخشا ئېيتىشتى.

كۈڭۈل ئېچىش ئاياغلاشقان بولسىمۇ، زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مەرغۇپنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى، بۇ ئىككىسى ماشىنىدىن ئاق ھاراق بىلەن گۆشلەرنى ئېلىپ كېلىشتى، بۇنى كۆرگەن چارۋىچىلار يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياغدۇرۇشتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ھاراق ئىچىپ مۇزىكا چالغاچ پاراڭلاشتى، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ سۆزلەشكىنى يەنىلا قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى بولدى.

زۇنۇن تېيىپوف بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەرغۇپقا كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ قويدى، مەرغۇپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بۇ بىر توپ ئادەمگە بىر قۇر سەپسېلىپ پەس ئاۋازدا: «كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قورسىقىنىڭ توق بولۇشىنى ئويلامدۇ؟ بۇنىڭ بىر ئامالى بار» دېدى.

كۆپچىلىك: «نېمە ئامال، نېمە ئامال، تېزراق ئېيتىڭە» دېيىشتى.

مەرغۇپ كۆپچىلىكنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىر: «ھازىر پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىش!» دېدى.

كىشىلەر توپى بىردىنلا غۇدۇراپ كېتىشتى، بەزىلەر: «سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتسەك، ئاسىيلىق قىلغان بولمامدۇق؟» دېيىشتى.

مەرغۇپ: «نېمىدىن قورقىسىلەر، جۇڭگومۇ سوتسىيالىستىك دۆلەت، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەت، شۇنداقتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا چوڭ ئاكا!» دېدى.

زۇنۇن تېيىپوف جىددىي قىياپەتتە: «كىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماقچى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلار جەمئىيىتىگە بېرىپ مۇھاجىرلىك گۇۋاھنامىسى ئالسا بولىدۇ، سوۋېت مۇھاجىرلىرى دېگەن گۇۋاھنامە بولسىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇقراسى بولالايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارسا قانۇنلۇق بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر توپى سوۋېت مۇھاجىرى دېگەن گۇۋاھنامىنى ئېلىشقا مېڭىشتى. بۇ ئىككىيلەن چارۋىچىلىق رايونىغا مانا مۇشۇنداق، كەنتمۇ كەنت، ئائىلىمۇ ـ ئائىلە ئىچكىرىلەپ كىرىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشتى. ئۇلاردىن باشقا «ك گ ب»نىڭ زور بىر تۈركۈم ئۇنسۇرلىرىمۇ تۇغقان، دوستلىرىنى يوقلاش، سودا سۆھبىتى قاتارلىق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن جۇڭگو چېگراسى ئىچىگە كىرىپ، ھەرىكەت قىلىپ، زور سۈيىقەستنى مەخپىي پىلانلىدى.

1962 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، «ئېلى، تارباغاتاي ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭى ۋەقەسى» تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنلىكتىن، يەرلىك ھۆكۈمەت ھېچ نېمىگە ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

غۇلجا شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان قورغاس چېگرا ئېغىزىدا، مۇھىم بىر يول ئېچىلغان ئىدى. قورغاس تاغ ئېغىزىنىڭ پەس تەرىپى بىر جىلغا بولۇپ، بۇ جىلغا يامغۇر كۆپ ياغسا كەلكۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىدىغان پەسىللىك دەريا ئىدى. بۇ جىلغىغا بىر بىتون كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل سىزىق سىزىلغان، بۇ قىزىل سىزىق جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسى ئىدى، يەنى شىمالى سوۋېت ئىتتىپاقى، جەنۇبى جۇڭگو ئىدى. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىشتىن ئىلگىرى، قورغاس چېگرا ئېغىزىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلار بار ئىدى. 1960 ـ يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەندە، بۇ ئاپتوبۇسلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتكەنىدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، باللىرىنى ئەگەشتۈرگەن نەچچە ئونلىغان چېگرا ئاھالىسى قورغاس چېگرا ئېغىزىغا كېلىپ، خەلقئارا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چېگرادىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ نۆۋەتچى خادىمى: «بۈگۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان ئاپتوبۇس يوق» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا، تىللىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. نۆۋەتچى خادىم بىلەن چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى ئۇلارغا شۇنچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ كار قىلمىدى. بۇ ۋاقىتتا چېگرادىن ئۆتمەكچى بولغانلار نەچچە يۈزگە يەتكەن بولۇپ، چېگرا ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان تاش يولدا ئادەملەر توختىماستىن كېلىۋاتاتتى. كېلىۋاتقانلارنىڭ قولىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى دېگەن گۇۋاھنامە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «يۇرتىمىزغا قايتىمىز!»، «سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىمىز!» دەپ توۋلاشتى.

چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ خادىمى گۇۋاھنامىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «سىلەر بۇ گۇۋاھنامىنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى، بۇ ۋاقىتتا چېگرادىن ئۆتمەكچى بولغانلار نەچچە مىڭ ئادەمگە يەتكەن ئىدى.

نۆۋەتچى خادىم جىددىيلىشىپ، دەرھال ئوبلاستلىق كومىتېتقا تېلېفون بېرىپ ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن بىر نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ رەھبىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەرمۇ ۋەقەنىڭ بۇنداق ئېغىرلىقىنى مۆلچەرلىيەلمىگەن ئىدى. ئوبلاستلىق كومىتېت رەھبىرىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چېگرادىكى پۇقرالارنىڭ بەزىلىرى غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشقا قۇترىدى.

ئوبلاستلىق كومىتېت رەھبىرى قورغاس چېگرا ئېغىزى چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلىپ، نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق كومىتېتمۇ نورمال بولمىغان ئەھۋاللارنى بايقىدى، يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنئالا پىلانلانغانىدى. غۇلجا شەھىرى ئىستالىن كوچىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە ھەربىي رايونى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم، شەرق تەرىپىدە ئوبلاستلىق كومىتېت بار ئىدى، بۇ ئۈچ ئورۇن بىر ـ بىردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا، ئىستالىن كوچىسىدا ماشىنىلار بىلەن ئادەملەر كۈندىكىدەك كېتىۋاتقان بولۇپ، تەرتىپ نورمال ئىدى. يول ئېغىزىدىكى خەلق ساقچىسى قاتناشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى، دۇكانلاردىمۇ تىجارەت نورمال ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا چوڭ كوچىغا بىر توپ ياشلار كىرىپ كەلدى، ئۇلار قوللىرىدا كالتەك، توقماق تۇتقان بولۇپ: «خەنزۇلارنى ئۆلتۈرەيلى، خەنزۇلارنى ئۆلتۈرەيلى!» دېگەن شوئارنى توۋلاشتى، ھەم يولنىڭ ياقىسىدا كېتىپ بارغان خەنزۇ ئاممىسىنى كالتەك ـ توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ، ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ ھويلىسىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولدى، دەرۋازىدا تۇرۇۋاتقان مۇھاپىزەتچى جەڭچى ئۇلارنى توسقاندا، مۇھاپىزەتچى جەڭچىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئوبلاستلىق كومىتېت ھويلىسىغا باسـ

تۇرۇپ كىردى.

ئوبلاستلىق كومىتېت بىناسىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى خىش پارچىلىرى ۋە تاشلار بىلەن چېقىۋېتىلدى. ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ كادىرى جىپ ماشىنا بىلەن سىرتقا ئىش بېجىرگىلى چىقماقچى بولۇپ، ئەمدىلا چىقىشى بىلەن توسۇۋېلىنىپ، ماشىنىنىڭ ئەينەكلىرى چېقىۋېتىلدى، ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ ماشىنا ئىچىدىكى يارىلانغان كادىرى ماشىنىنىڭ سىرتىغا چىقالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ماشىنا ئۆرۈۋېتىلدى. بەزىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ماشىنىنى كۆيدۇرۇۋېتەيلى، كۆيدۇرۇۋېتەيلى!» دەپ توۋلاشتى. ماشىنىنىڭ ماي باكى يېرىلغانلىقتىن بېنزىن ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى، بەزىلەر يەردىكى بېنزىنگە ئوت ياقتى، مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ كادىرى بىلەن مۇھاپىزەتچى جەڭچى ھېچنېمىگە قارىماستىن، ماشىنىنىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان ھېلىقى كادىرنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. ماشىنا كۆيۈپ، ئىس - تۈتەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا ئوبلاستلىق كومىتېت ھويلىسىدىكى ئادەم ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ مىڭغا يەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان يەرلىك قارا مىلتىقلارنى تۇتقان ھالدا، ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ بىناسىغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇشتى. ئۇلار قولىدىكى يەرلىك قارا مىلتىقلاردىن ئوبلاستلىق كومىتېت بىناسىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، بىنانىڭ دېرىزىلىرىدىن ئاپئاق ئىس - تۈتەك چىقتى، بۇ بىنا رۇسچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك سېرىق رەڭدىكى بىنا بولۇپ، بىنانىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان يۈز نەپەر كادىر ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى بىنا ئىشىكىگە تىرەپ مۇداپىئە قىلغاچ چېكىنىدى، بىر قىسىم كادىرلار 1 - قەۋەت قولىدىن كەتكەندە، ئارقا ھويلىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئوبلاستلىق پارتكوم ھويلىسىغا چېكىنىپ چىقتى، بىر قىسىم كادىرلار بىنانىڭ تۆپىسىگە چېكىنىپ چىقىپ، داۋاملىق چىڭ تۇردى. جېدەل تېرىغان كىشىلەر توپى ئارقىدىن بۆلۈمى بىلەن مەخپىي ھۆججەتلەر بۆلۈمىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قالايمىقان قىلمىۋەتتى. ئوبلاستلىق كومىتېت كادىرلىرى بىنانىڭ بالىخانىسىنى چىڭ تۇرۇپ ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاستىدىكىلەر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئۈستىگە چىقالماي، ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالدى.

نەچچە سائەتتىن كېيىن، توپلىشىپ ھۇجۇم قىلغان ئادەم توپى ئوبلاستلىق كومىتېتقا ئانچە يىراق بولمىغان ئوبلاستلىق پارتكوم ھويلىسىنى قورشىۋالدى. كىشىلەر توپى ئىچىدىكى بەزىلەر ئەكسىيەتچى شوئارلارنى توۋلاپ، ئاممىنى ئۇرۇپ - چېقىشقا قۇتراتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى زاھىر ساۋدانوف باشچىلىقىدىكى خىزمەت ئەترىتى ئىلىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، زاھىر ساۋدانوف بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەربىي رايوندىن دەرھال ئوبلاستلىق پارتكومغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سۇپىدا تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «كۆپچىلىك يامان ئادەملەرنىڭ قۇترىتىشىغا قۇلاق سالمايلى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگىنىغا باستۇرۇپ كىرىش قانۇنغا خىلاپ!» دەپ توۋلىدى.

ئادەملەر توپى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر: «ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايلى، ئۇ خەنزۇلارغا ئوخشاش نېمە، كوممۇنىست!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر توپى ئىچىدىن «ئۇرايلى، باستۇرۇپ كىرەيلى، بۇ خەنزۇنى ئۆلتۈرەيلى!» دېگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئادەملەر توپى يەنە دەرۋازىغا ئېتىلىپ كىرىشكە باشلىدى. زاھىر ساۋدانوف بىلەن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ كادىرلىرى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا چېكىنىدى، ئادەملەر توپى تۆمۈر رىشاتكىلاردىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ ۋاقىتتا ئىلى شۆبە ھەربىي

www.uyghurkitap.com

رايونى مۇھاپىزەتچىلەر روتاسىنىڭ جەڭچىلىرى يېتىپ كېلىپ، قوراللىق ئادەم تېمى ھاسىل قى-
لىپ باستۇرۇپ كىرگەن ئادەم توپىنى توستى، نەچچە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئادەم توپى يەنە دەۋرەپ
باستۇرۇپ كەلگەنلىكتىن مۇھاپىزەتچىلەر روتىسىنىڭ جەڭچىلىرى كەينىگە چېكىندى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن ئۇرۇمچى ھەربىي رايو-
نى تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن جىددىي تېلېفون بىلەن تېلېگرام-
مىلارنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇ ۋاقىتتا يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەربىي گازارمىلارنىڭ ھەممىسى ھۇ-
جۇمغا ئۇچراپ قورشىۋېلىنىپ، ھەربىي قىسىمنىڭ دەرھال ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى، ئەم-
ما يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ھەربىي قىسىمنى ئەۋەتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ھەرقايسى ئورۇنلار
ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىملىقىنى تەلەپ
قىلدى.

قورغاس چېگرا ئېغىزىدىكى كىشىلەر توپى بارغانسېرى زورىيىپ، كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقان چېگرا
مۇداپىئە جەڭچىلىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، بايراق دەستىسىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل باي-
راقنى چۇشۇرۇپ، يىرتىپ تاشلاپ كۆۋرۈك بېشىغا باستۇرۇپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى
چېگراسى ئىچىدىكى ئالمۇتا تەرەپتىن بىر تۈركۈم ئاپتوموبىللار يېتىپ كەلدى، كىشىلەر توپى ئى-
چىدىن ماشىنا، ماشىنا! دەپ توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، كىشىلەر: «بۇ ماشىنىلار بىزنى ئېلىپ
كېتىش ئۈچۈن كەلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشنى خالايدىغانلار كۆۋرۈكتىن باستۇرۇپ ئۆتەي-
لى!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كۆۋرۈكتىن كەلكۈن سۈيىدەك ئۆتتى.
بۇ ۋاقىتتا چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى توسۇماقچى بولدى، بى-
راق جەڭچىلەرنىڭ قورالى كىشىلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. كىشىلەر يىقىلغان چېگرا مۇداپىئە
جەڭچىلىرىنى دەسسىگەن پېتى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى.
ئوبلاستلىق كومىتېتنىڭ بىناسىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ قور-
شاۋدىن بۆسۈپ چىقىش قارار قىلىندى، ئوبلاستلىق كومىتېتتىكى كادىرلارنىڭ قولىدا پەقەت نەچ-
چە تاللا قورال بولۇپ، ئۇلار پەسكە چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا قايتۇرما زەربە بەردى. شۇنىڭ بى-
لەن قورشاپ ھۇجۇم قىلغۇچىلار قورقۇپ تەۋرىنىپ چېكىندى. ئوبلاستلىق كومىتېت بىناسىدىكى
كادىرلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى. ئوبلاستلىق پارتكوم ھويلىسىدا،
قورشاپ ھۇجۇم قىلغۇچى كىشىلەر توپى چېكىنمەي، بىنانىڭ ئالدىغا باستۇرۇپ بارغان ئىدى. مۇ-
ھاپىزەتچىلەر روتىسىنىڭ كوماندىرى جىددىي ھالدا يولنىڭ مەركىزىدىن بىر تال سىزىق سىزىپ،
«كىم بۇ سىزىقتىن ئۆتىدىكەن، ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلىمەن!» دەپ جاكارلىدى.
ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، روتا كوماندىرى ئەمدىلا سۆزىنى تۈگۈتىشى
بىلەن بەزىلەر: «باستۇرۇپ كىرەيلى، باستۇرۇپ كىرىۋېرەيلى، ئوق چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ!» دەپ
توۋلاشتى. كىشىلەر توپى ئالدى ـ كەينىگە دەۋرەپ مېڭىپ، بىراقلا باستۇرۇپ سىزىقتىن ئۆتۈپ
كەتتى. جەڭچىلەر ئوق چىقىرىشتا باشلىدى... كىشىلەر يەرگە يىقىلدى، جەڭچىلەر باستۇرۇپ كەل-
گەنلەرنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا باشلىدى، كىشىلەر توختىماستىن باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى، باس-
تۇرۇپ كەلگەن ئالدىنقى رەتتىكىلەرنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ، ئون نەچچە ئادەم يەرگە يىقىلدى...
كىشىلەر توپى «ئوق چىقاردى، ئوق چىقاردى!» دەپ تارقىلىپ كەتتى. كۆن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ
چۈشۈشكە باشلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشىدىغان ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرىدىكى تاش
يوللارنى ماشىنا، تىراكتورلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ توۋلاشقان ئاۋازلىرى قاپلىغاند-

دى. كىشىلەر كالا ـ قويلىرىنى ھەيدەپ، كالا قېتىلغان كۆتەك ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ بىر يۆنىلىش-
كە قاراپ ئاقماقتا ئىدى...

كۈندۈزى چېگرادىن ئۆتكەنلەر، يېنىپ كېلىپ: «ئۇ تەرەپتىكى چېگرادا سېرىق ماي بىلەن بولكا
ھەقسىزكەن، سۈت، كالباساغا پۇل ئالمايدىكەن، قانچىلىك يېسە، قانچىلىك ئالسا بولۇۋېرىدىكەن!
ھەممىسى كوممۇنىزم ئىكەن!»، «ئۆيلەر بىلەن بىرزىتلارنىڭ ھەممىسى تەييار قىلىنىپ بولۇپتۇ، يا-
تىدىغان ئۆيدىن غەم يېيىشنىڭ ھاجىتى يوقكەن...» دېگەندەك ئۇچۇرلارنى ئېلىپ كەلدى، بۇنى ئاڭ-
لىغان كىشىلەر خۇشاللىقىدىن ئالقىش ياڭراتتى... خايىر ئىسىملىك بىر كەنت كادىرى، سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قاچماقچى بولغانلارغا: «يۇرتداشلار، كەتمەڭلار، بىز زامان ـ زامانلاردىن تارتىپ جۇڭ-
گولۇق، ئۇ يەرگەن بارغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر» دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق
سالىدىغان ئادەم چىقماي، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر ماشىنىدىكى كىشىلەر ئۇنى
«غالچا ئىت!» دەپ تىللاپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىككى ياش بالا ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىد-
پاقىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇ بېرىشنى خالىماي ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قالدى.

ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالادىن، ئىلى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يىگىرمە نەچچە
ناھىيەنىڭ ئۈچ مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسىدىكى نەچچىلىگەن مۇھىم
چېگرا ئېغىزلىرىدىن، كىشىلەر ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئېقىن سۇدەك ئۆتتى، كۈندۈزى سوۋېت ئىت-
تىپاقى دائىرىلىرى يۇقىرى ئاۋازلىق رادىيو كانىيى ئارقىلىق يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى،
كېچىسى يورۇقى كۈچلۈك چىراغلارنى يورۇتۇپ بەردى، بۇ چىراغلار جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى
نەچچە كىلومېتىر دائىرىنى يورۇتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئاي ئىچىدە، جۇڭگودىن تەخمى-
نەن 67 مىڭدىن ئارتۇق چېگرا ئاھالىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى، ئىككى ناھىيەدە
نەچچە يۈزلا ئادەم قالدى. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق چېگرا
ھالقىپ قېچىش ۋەقەسى، شۇنداقلا جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قىسمەن جىد-
دىيلىكتىن ئومۇمىيۈزلۈك كەسكىن توقۇنۇشقا ئايلانغانلىقىنىڭ پىلتىسى بولدى.

(«مۇزلاش نۇقتىسىدىكى تىركىشىش» تىن ئېلىندى)

# سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگانلىرى شىنجاڭدا

ۋىكتور ۋوسوف (رۇسىيە)

ئابدۇقەييۇم مىجىت تەرجىمىسى

*[مۇھەررىردىن: رۇسىيەلىك تەتقىقاتچى ۋىكتور ۋوسوف تەرىپىدىن يېزىلغان «20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگانلىرى جۇڭگودا» ناملىق كىتاب رۇسچىدىن خەنزۇ تىلى ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 2013 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول. كىتابنىڭ ئىچىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگىنىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى مەزمۇنلارمۇ خېلىلا بىلىش قىممىتىگە ۋە ئۇچۇرلۇق قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تەرجىمە قىلىپ سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇ ماتېرىيال شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك مەنبە بولۇپ قالغۇسى. ئاپتور كىتابىدا خېلى كۆپ جايدا بىر تەرەپلىمىلىككە ۋە خاتالىقلارغا يول قويغان. بۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك.]*

دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش تۈپەيلى رۇسىيە 1921 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن رۇسىيەگە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىش توختاپ قالغانىدى، بۇ سېتىش بازىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى، بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە پۈتكۈل ئىقتىسادىغا ناھايىتى يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. باھاسى يۇقىرى، توشۇشقا قۇلاي، جۇڭگونىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەر ياكى ھىندىستانغا توشىسا گۈك كۆتۈرىدىغان خام ئەشيالاردىن باشقا خام ئەشيالارنىڭ قىممىتى ناھايىتى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. بۇنداق شارائىتتا، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ناتۇرال ئىگىلىككە قايتمىسا بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى. مەسىلەن، چارۋىچىلار قويلارنىڭ يۇڭىنى قىرقىشنى، تېرە ئاشلاش ۋە تازىلانغان ئۈچەيلەرنى يىغىشنى توختاتتى، دېھقانلار كېۋەزنى ئاز تېرىشقا، مېۋىلەرنى ئاز ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. بۇرۇن رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى سىقىپ چىقىرىۋەتكەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك قايتىدىن گۈللەپ ـ ياشناشقا باشلىدى. يەرلىك خەلقلەرگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە كۆرۈنەرلىك ئاشتى. يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۈزۈلگەنلىكتىن ناھايىتى چوڭ پايدىدىن قۇرۇق قالغاچقا، مۇشۇنداق ۋاستە بىلەن زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋاتاتتى. رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى جۇڭگونىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەر ۋە ھىندىستان

بىلەن بولغان سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بەلگىلىك شارائىت ياراتتى. ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇ-رۇشلۇق سابىق كونسۇلى سىكرايىن ئۆزىنىڭ 1930 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:

*«ئېشىنىمەنكى، قاتناشنىڭ قانچىلىك مۇشكۇل ۋە جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭى ئوتتۇرىسىدا لاداق ئارقىلىق يىراق، جاپالىق، ئەمما ناھايىتى جانلىق سودا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ئۆزۈن مەزگىل ياكى ۋاقىتلىق ئولتۇ-راقلىشىپ قالغان نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار بار ... بۇنىڭدىن باشقا، ھەممە رايونلاردا دېگۈدەك بىرد-تانىيەگە قارام مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ مۇھاجىرلىرى تۇرىدىغان جايلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.»*

ئەمما، ھىندىستان بىلەن شىنجاڭنىڭ سودىسى يولىنىڭ جاپالىقلىقى ۋە يۈك ترانسپورت ھەق-قىنىڭ قىممەتلىكى سەۋەبىدىن، رۇسىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ سودىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە يېتە-لىشى ناتايىن، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ رۇسىيە بازىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن تارتقان زى-يانىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.

جۇڭگو يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تىجارىتى كاپىتالى بىلەن شىنجاڭدىكى سودا كۆلىمىنى كېڭەي-تىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما توشۇش ھەققىنىڭ يۇقىرىلىقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور توسالغۇ بولدى. قوي يۇڭى، كۆن ـ خۇرۇم، پاختا دېگەندەك كۆپ خىل خام ئەشيالارنى سىرتقا تو-شۇش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان يەردە، مال ـ چارۋىلارنى ئېغىزغا ئېلىش تېخىمۇ ھاجەتسىز. جۇڭگو شىركەتلىرى پەقەت ئاز مىقداردىكى يۈك، تېرە ۋە ئۇچەي دېگەندەك بۇيۇملارنىلا سېتىۋالالايدۇ. چەت ئەل شىركەتلىرى — يەنى ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرى — بۇ ماللار تىجارىتىدە جۇڭگو شىركەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشىدۇ، ئۇلار بۇ ماللارنىڭ جۇڭگودىكى تىجارىتىنى مونوپول قىلىۋالغان، ھەمدە شىنجاڭدا شۆبە شىركەتلەرنى ئاچقان.

ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بۇ شىركەتلەرنىڭ ئىزىنى بېسىشقا باشلاپ، شىنجاڭغا تېخىمۇ دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. ھەر خىل تەتقى-قاتچىلار، سەيياھلار ۋە تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى كەينى ـ كەينىدىن مەزكۇر رايوننى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ياپونىيە ھەربىي ئىشلار ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئوتانى كوزى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1918 ~ 1920 ـ يىللىرى بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ، بۇ يەرنىڭ مول تەبىئىي بايلىقلىرىغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشىنى ئىپادىلىدى. ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستېيىنى-نىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭ رايونى ۋە ھىندىستان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرى-لىرىدا توپوگرافىك ئۆلچەش ئېلىپ باردى. شىنجاڭغا بارغانلاردىن يەنە شىۋېتسىيەلىك سەيياھ سى-ۋېن ھېدىنىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىمۇ بار. ئىتالىيە بىلەن فىرانسىيەمۇ بۇ جەھەتتە كەينىدە قې-لىشنى خالىمىدى. فىرانسىيەنىڭ «سىتروئېن» ماشىنا شىركىتى سەييارە ئېلان بېرىش باھانىسى بىلەن چوڭ كۆلەمدىكى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ، شۇ ئارقىلىق مەزكۇر رايوننىڭ قاتناش يوللىرى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۇرۇمچى «تەڭرىتاغ گېزىتى»دە ئارخېئولوگىيە نامى بىلەن شىنجاڭنى كېزىپ چىققان سىر ئاۋرېل ستېيىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، شۇڭا، جۇڭگو دا-ئىرىلىرىنىڭ ئۇنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغانلىقى يېزىلغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ــ سىكرايىن قىلچە تەكەللۇپسىزلا ئۆزىنىڭ ستېپىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا ئوخشاش پامىرنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ يەر شەكلىنى سۈرەتكە تارتقانلىقىنى ئېيتقان. 1920 ~ 1930 - يىللىرى ئارىلىقىدا، چەت ئەللەرنىڭ تەخمىنەن ئونچە ھەر خىل تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلگەن. ياپونىيە، ئارقىدىن گېرمانىيەنىڭ شىنجاڭغا نەزىرى چۈشۈپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ سەكرەش تاختىسى قىلماقچى بولغان. 1917 - يىلىدىن كېيىن، ئەنگلىيە شىنجاڭدا ئالاھىدە سىياسەتلەرنى ئاشكارا يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرگە بولغان تەسىرىنى قايتىدىن مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى. شۇڭا، 1930 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە مول كان مەھسۇلاتلىرى ساقلانغان شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ سەكرەش تاختىسى، دەپ قارىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئارىلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەت بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن ئۆكتىچى ئونسۇرلار، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە قازاقىستان چېگراسىدىكى ئاھالىلەر رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان باسمىچى ئونسۇرلارنىڭ ئالىلقاچان ئۇ يەردە پۇت دەسسەپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ كۈچلەردىن ئاكتىپ پايدىلانسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقان.

مەزكۇر رايونلاردىكى باسمىچىلارنىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ئۈچۈن، بۇ يەردە ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى تۈركىستان سۇلتانلىقىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. بۇ يەردىن تاشكەنتتىكى پولكوۋنىك بېل باشلاپ ماڭغان ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرگە كەلدى. قەشقەردە كونسۇل ئارايىك سپتون رەھبەرلىكىدىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسى بار ئىدى، كېيىنچە ئارايىك سپتوننىڭ ئورنىغا سىكرايىن باردى.

ئاق گۋاردىيە بىلەن باسمىچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەكسىل ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئاخىر فىرونزې بىلەن كۇيبىشېف قوماندانلىقىدىكى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئەمما ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەتنىڭ مەركىزى بولۇش رولىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئوينىدى. بۇ مەزگىلدە جاھانگىر دۆلەتلەر تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جاسۇسلۇق ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جۇڭگونىڭ يۇقىرى قاتلام ئونسۇرلىرى ۋە يەرلىكتىكى فېئودال گۇرۇھلاردىنمۇ پايدىلاندى. ئۇلار پايدىلىق پۇرسەتلەرنى كۈتۈپ، بۇ يەردە جۇڭگوغا قارىمايدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىگە قارشى تۇرۇش بازىسى قىلىشقا بولىدىغان بىر دۆلەت قۇرماقچى بولغان. 1930 ~ 1933 - يىللىرى، بۇنداق پۇرسەت ئاخىر پىشىپ يېتىلدى.

1920 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئىلى باش ۋالىيسى شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە رۇسىيە فېدېراتسىيەسى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئىلىدا سودا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قاچقۇنلارنى قايتۇرۇپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى[1]. تارباغاتاي ۋىلايىتىمۇ ئىلى رايونىغا ئەگىشىپلا رۇسىيە بىلەن بولغان سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. رۇسىيە فېدېراتسىيەسى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ يىپنىڭ سانائەت خام ئەشيالىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىش ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ۋە شىنجاڭلىق سودىگەرلەرنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان شەرق سودىگەرلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى بازارلىرىغا كىلىشىگە رۇخسەت قىـ-
لىشىغا ئەگىشىپ، سودا ئالاقىسى ئالاھىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سودا سوممىسى مىسلى-
سىز سۈرئەتتە ئاشتى، 1928 ـ يىلىنىڭ ھارپىسى، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى سەۋىيەگە يېتىپلا قال-
ماستىن، بەلكى بۇ سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ
شەرقىدىكى ئۆلكىلەر ۋە ھىندىستان بىلەن بولغان سودىسى گەرچە بەزىلەر ياردەم بېرىشكە ئۇرۇنغان
بولسىمۇ، ئەكسىچە ئاپەت خاراكتېرلىك ئازىيىپ كەتتى.

كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، 1929 ـ يىلىدىكى ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يول ۋەقە-
سىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىگە دەز كەتتى، جۇڭگونىڭ نەنجىڭ
ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا تېلېگرامما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىياسى بىلەن قازاقىستان
چېگرىسى ئىچىدىكى بەش جۇڭگو كونسۇلىنىڭ ھەممىنى چاقىرتىۋېلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى،
ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ دائىرىلىرى ئۇ كۆرسەتمىگە پىسەنت قىلماس-
لىقنى قارار قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ خەلق
ئىگىلىكى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە ياخشىلىنىش بولدى. شىنجاڭ-
نىڭ باش ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى
چوڭقۇر چۈشەنگەچكە ئۇنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇردى، سوۋېت ئىتتىپاقى سودا تەشكىلاتلىرى-
نىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ سودا قىلىشىنى قوللىدى. بۇ جۇڭگو-
نىڭ شەرقىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر بىلەن سودا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئەمەلدارلار ۋە سودا
ئويۇشمىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسىنىڭ
تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى قەستلىدى. جياڭ
جېشى 1927 ـ يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن خەلقئارا ۋەزىيەت مۇشۇنداق قىلىشقا پايدىلىق بولدى.
گەنسۇ، سۈيۈەن ئىككى ئۆلكىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو يۇقىرى
قاتلام زاتلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ۋە
دىپلوماتىيە ئالاقىسىنى (ئەينى ۋاقىتتا بۇ مۇناسىۋەتلەر يەنىلا ئەسلىدىكى قىياپىتىنى ساقلاپ قال-
غان ئىدى) ئۈزۈشكە مەجبۇرلاشقا ئۇرۇندى. 1928 ـ يىلى، سۇيقەستچىلەر نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى. ئەسلىدى-
كى مەمۇرىي ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
بولغان سودىنى ئازايتىپ، ئىچكىرى بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىشنى قوللايدىغانلاردىن تەشكىل-
لەنگەن يېڭى ھۆكۈمەت تەختكە چىقتى.

يېڭى ھۆكۈمەت دەرھال ئىقتىسادىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى چەكلەپ،
شەرقتىكى ئۆلكىلەر ۋە ھىندىستان بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتىش سىياسىتىنى يولغا
قويۇشقا باشلىدى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە زىيان-
كەشلىك قىلىش سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇردى. ئىچكى سىياسەت جەھەتتە، يەرلىكنىڭ مىللىي
مۇستەقىللىقىنى چەكلەش، مۇستەقىل مەمۇرىي سىستېمىلارنى يوقىتىش، جۇڭگو ھۆكۈمەت ئور-
گانلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى كۈچەيتىش فاڭجېنىنى قوللاندى. بۇ خىل سىياسەتنىڭ يوقى-
تىۋېتىش خاراكتېرى ناھايىتى تېزلا مەلۇم بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى ئازا-

www.uyghurkitap.com

يېتىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى سودا تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەر خىل چەكلىمىلەرنى قويۇش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم يامانلاشتۇرۇۋەتتى، يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنىمۇ كۈچەيتتى.

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئارمىيەگە تەۋە ئىشتاتنى كۆپەيتىشكە كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يۇرتى گەنسۇدىكى خەنزۇلاردىن يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. كۆپەيتكەن ھەربىي خىراجەت راسخوتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، جىن شۇرېن تاشقى پېرېۋوتى يوق ياكى ئالتۇن زاپىسىنىڭ كاپالىتى يوق يەرلىك قەغەز پۇلنى تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ پۇللارنىڭ پاخاللىشىشى مال باھاسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆرلىشى ۋە پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ مۇناسىپ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولدى. مۇشۇنداق قىلىپلا قالماي جىن شۇرېن يەنە باج - سېلىقنى ئاۋۇتتى، ئەڭ قىممەتلىك ماللارنى دۆلەت مەخسۇس سېتىشنى يولغا قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. مەزكۇر رايوندا، بارلىق ئاساسىي ۋەزىپە، ئەمەللەرنى جىن شۇرېننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى ئۈستىگە ئالغان ئىدى، پارىخورلۇق ئەدەپ، زورلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىپ، خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋېلىشتەك خىيانەتچىلىك ئەۋجىرەپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنىڭ جىددىي ئازىيىشى يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سالدى، بۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىدىغان مۇھىم لازىمەتلىكلەر (توقۇلما بۇيۇملار، قەنت - كىزەك) نىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە ۋە بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان خام ئەشيا (قوي يۇڭى، كۆن - خۇرۇم، چارۋا - مال، پاختا) لارنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. يەرلىك خەلق، قاتتىق نارازى بولدى.

جىن شۇرېن بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئەمەلدارلار ھەر تۈرلۈك مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، قىز - ئاياللىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە بولۇشقا مەجبۇرلىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل يول تۇتۇشىغا بولغان نارازىلىقلار تەدرىجىي يىغىلىپ، خەلقنى شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قومۇلدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. قومۇلغا يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن بولغان فېئودال شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. 1930 - يىلى 3 - ئايدا شامەخسۇت ئۆلدى. جۇڭگو دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئوغلى نەزەرگە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ خوجىلىق زېمىنىنى ئۈچ ناھىيەگە بۆلۈپ بېرىپ، ھەر قايسى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دېھقانلاردىن باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دېھقانلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇ تەدبىرلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما جاۋاب ئالالمىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىسمىدىكى بىر روتا كوماندىرىنىڭ شوپۇل كەنتىدىكى بىر ئۇيغۇر قىزىغا مەجبۇرىي ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقى قوزغىلاڭنىڭ پىلتىسى بولدى. بۇ كەنتتىكى غەزەپلەنگەن خەلق پۈتۈن روتىنى يوقاتتى. ئۆلۈپ كەتكەن شامەخسۇت ۋاڭنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى قومۇل ۋە باشقا رايونلاردىكى قوزغىلاڭ دولقۇنىغا تۈرتكە بولدى. قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ھەربىي ئەمەلدار پىستىرمىغا چۈشۈپ قالدى. شامەخسۇت ۋاڭنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ باشلىقى بولغان غوجىنىياز 1931 - يىلى 4 - ئايدا قومۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭغا ئاساسلىقى باجنىڭ ئېغىرلىقى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ، ئەكسىچە سانائەت مەھسۇلاتلىر-

نىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، دېھقانلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى، قومۇل ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقى بىكار قىلىنىۋېتىلگەنلىكى سەۋەب بولغان.

جىن شۇرېننىڭ ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي ئەۋزەللىكىنى ئويلىشىپ، قوزغىلاڭچىلار گەنسۇدا تۇ- رۇشلۇق تۇڭگان قوشۇنىنىڭ قۇماندانى ما جۇڭيىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى قارار قىلدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوشۇنى جيۇچۇەندە تۇراتتى. نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەمەلىي كۆ- رەشلەردە چېنىققان 800 ئەسكەر قومۇلغا يېتىپ كېلىپ قومۇلنى قورشىۋالدى. جىن شۇرېن ھۆ- كۈمىتى كۆپ قېتىم ئۇرۇمچىدىكى ۋە ئىلىدىكى ياردەمچى قوشۇنغا تايىنىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قىس- مىنى چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەجرى بىكارغا كەتتى. ما جۇڭيىڭ كۆپ قېتىم جىن شۇرېننىڭ قىسىملىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراقلارنى ئولجا ئالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى زورايتتى. ئەمما جىن شۇرېننىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئاخىر قومۇلغا قىستاپ كېلىپ مۇھاسىرىنى بوشاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىنىياز قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ قومۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا چېكىن- دى. ما جۇڭيىڭنىڭ قىسمىمۇ شەرققە چېكىندى. خوجىنىيازنىڭ ياردەمچىسى يولۋاس ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. 1932 ـ يىلى باھاردا، قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز- نى قوماندانلىققا سايلىدى. خوجىنىياز ئۇزۇكسىز چەت ئەلنىڭ قورال ـ ياراق ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھە ياردىمىگە ئېرىشتى. كېيىن ئۇ جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دەپ سوتلانغاندا، كۆچىنىڭ بارچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان، ئۇ ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلمىغان، قورال ـ ياراقلارنىڭ ھەممىنى دېگۈدەك مۇڭغۇلىيەدىن ئالغان. خوجىن- يازغا بېرىلگەن قوراللار ئەنگلىيەدە ياسالغان بولۇپ، قارا ماشىنا بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىغا تو- شۇلغان. ھەممىگە ئايانكى، ياپونىيە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن دىققەت قىل- غان، ئەنگلىيەمۇ ئوخشاشلا مەزكۇر رايوندا بىر مۇسۇلمانلار قورچاق دۆلىتى («مانجۇرىيە» گە ئوخ- شاش) قۇرۇپ، جۇڭگونى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشنى ئۈمىد قىلغان. نۇرغۇن ما- تېرىياللار ما جۇڭيىڭ بىلەن ياپونىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىسى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، بورھاننىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ياپونىيەنىڭ تيەنجىندە تۇرۇشلۇق ھەربىي دا- ئىرىلىرى قومۇل ۋەقەسى مەزگىلىدە جاسۇس داشجۇڭنى ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن. ياپون- يەدىكى تۈرك سۇلتان ئابدۇللا كەرىمنىڭ ئەۋلادى شىنجاڭدا ئۆزى ھۆكۈمران بولۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ، پانتۈركىزمچە گېزىتلەرنى نەشر قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ، ئۇ يەردە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەرغىب قىلغان. بورھاننىڭ قارىشىچە، «ئەگەر ما جۇڭيىڭ ياپونىيەنىڭ قوللىشى- دا شىنجاڭنى ئىگىلىسە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايتتى.»

1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قومۇلدىكى قوزغىلاڭچىلار ۋە ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش جەريانىدا، جۇڭگو شىنجاڭ مەمۇرىي دائىرىلىرىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. جىن شۇرېن ئۆلكە رەئىسلىك تەختىدىن چۈشۈرۈلۈپ، مانجۇ شىڭ شىسەي ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۇن- داق قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ كونترول قىلىشقا كۈچى يەتمەي شەكىللەنگەن ۋەزىيەتتىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى، يەنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئىشتاب باشلىقى گېنېرال شېڭ شىسەي پايدىلىنىپ كەتتى. ھىيلىگەر، مەككار سىياسەتۋاز شېڭ شىسەي ئۆزى ئورنىنى باسقان كىشىگە ئوخشاش ئۆزى يالغۇز شىنجاڭنىڭ پادىشاھى بولۇشقا ئۇرۇندى. ئۇ ئۆزى باشلاپ كەلگەن مانجۇ قوشۇنلىرىغا تاياندى، ئۇ مانجۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە قىسمەن ھەربىي ئەمەلدارلارنى

www.uyghurkitap.com

تونۇيتتى، بۇ قىسىملار بىلەن مۇناسىۋىتى يامان ئەمەس ئىدى (تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ بەزى قىسىملىرى ۋە ئاق ئۇرۇس مۇھاجىرلىرىدىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھەرىكەتكە قاتناشتى). 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۇ ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ پۈتكۈل ئىچكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە يامانلىشىۋاتقان سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ئويلىشىپ، چېگرا بىخەتەرلىكى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلماي تۇرالمىدى ھەمدە مەزكۇر ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. شىنجاڭنىڭ رەھبەرلىرىمۇ مەركەزدىن تېخىمۇ مۇستەقىل بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

مۇسكۋا 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1930 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىدە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىللىك قوراللىق كۈرەش بولغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. مۇسۇلمان يۇقىرى قاتلام شەخسلەر (ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلار) كۈچىنىڭ بارچە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشتى. بۇ گۇرۇھلارنىڭ ئاتاقلىق شەخسلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى A·M دورف (مەخپىي ئىسمى «نىپموچىنكى») 1933 - يىلى 11 - ئايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى T·N سەفەروفقا يازغان خېتىدە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە مۇنداق باھا بەرگەن:

*شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىۋاتقان ھەرىكەتلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى چۈشىنىش كېرەك:*

*1. جاھانگىرلار مىللىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ قوراللىق ئارىلاشقۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.*

*2. فېئودال دىنىي ئىمتىيازلىق يۇقىرى قاتلام شەخسلىرى مىللىي ھەرىكەتنى كونترول قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، پانئىسلامىزم مەزمۇنىدىكى شوئارلارنى ۋە مىللىي شوۋىنىزم شوئارلىرىنى تۇۋلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا قۇترىتىپ، پۈتكۈل فېئودال يانچىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشماقتا.*

*3. بىر قىسىم ئىنقىلابىي زىيالىيلار فېئودالىزم رەھبەرلىرىنىڭ قۇيرۇقى بولدى.*

*4. ھازىر شىنجاڭدا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلالىغۇدەك ئىنقىلابىي پارتىيە يوق.*

*5. ھازىر تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك ئاساسلىق مىللەتلەر — ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇ، تۇڭگان ۋە قازاقلار — نىڭ تەرەققىيات باسقۇچى ئوخشاش ئەمەس.*

*6. ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەھۋالى يامانلاشتى. فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسى تىزلەشكەنلىكتىن، يەر - زېمىن توقۇنۇشى تېخىمۇ ئۆلغايدى.*

*ئالدى بىلەن پۈتكۈل مىللىي ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىگە تەكلىپ بېرىش كېرەك.*

ئارقىدىن ئۇ بىر قىسىم ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان خەنزۇلاردىن پايدىلى-

نىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ ئاكتىپ كۈرەش قىلىدىغان ۋە مىللىي مەنپەئەتكە ئاسىي-
لىق قىلىدىغان رەزىل، ئىپلاس بىر قىسىم كىشىلەرنى يوقىتىش ھەمدە ئۇچىنچى تۈرلۈك ئادەم-
لەرگە بىتەرەپلىكنى ساقلىتىش تەكلىپىنى بەردى. ھازىر مۇسكۋادا شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆج-
جەتلەر ئوچۇق - ئاشكارا چىقىرىلىدىغان بولدى، بۇ ھۆججەتلەر قوزغىلاڭغا دۇنياۋىي چوڭ دۆلەتنىڭ
قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتقا دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سالات-
تى. مەسىلەن، مەخسۇس سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئامېرىكىلىق داڭلىق
دىپلومات، ئاخبارات خادىمى، ئالىم E·O كىراب ياپونىيەنىڭ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم
قىلىدىغان بازا قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا خەۋەرلەردە، ئەنگلىيە شىنجاڭدا مۇ-
سۇلمانلار ئايرىلىق دۆلىتى قۇرۇپ، «رۇسىيەنىڭ جەنۇب تەرەپتىن تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش» پىلانىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، فىرانسىيەدىكى بىر
گېزىتتىمۇ خۇلاسە چىقىرىلىپ: «شىنجاڭدىكى ساختا پانتۈركىزم ھەرىكىتى» بولسا «بىرىتانىيە
ئىمپېرىيەسى بىلەن ياپونىيە جاسۇسلىرىنىڭ» نادىر ئەسىرى، دەپ قارالدى. بۇ كۆز قاراشلارنى
سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ جۇڭگودا قولغا كەلتۈرگەن ئاخباراتلىرىمۇ ئىسپاتلىد-
غان. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى جاسۇسلۇق مەلۇماتى پونى-
كىتلىرى توكيونىڭ ما فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلار[2] رەھبەرلىك قىلغان تۇڭگان بۆلگۈنچىلىرىنى
قوللىغانلىقى ھەققىدىكى جاسۇسلۇق ئاخبارات ماتېرىيالىغا ئېرىشكەن. بۇ كىشىلەر ياپونىيەنىڭ را-
يىغا بېقىپ ئىش قىلىپ، شىنجاڭدا «غەربىي شىمال بۈيۈك تۇڭگان دۆلىتى» قۇرماقچى بولۇشقان.
ئامېرىكا «يېڭى جۇمھۇرىيەت گېزىتى» 1934 - يىلى شىنجاڭ ۋەزىيىتى خەۋەر قىلىنغان بىر پار-
چە ماقالىدە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ:

*كىشىلەر، ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، ياپونلار شىمالدىكى مۇسۇلمان ئۇلۇسلارنى مال - دۇنيا ۋە
قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلىدى، جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلارنى بەزىلەر خېلى ۋەزنى بار ماتېرىياللار
ئاساسىدا ئەيىبلىدى، جەنۇبتىكى قوزغىلاڭچىلار ئەنگلىيەنىڭ مىلتىقلىرى بىلەن قوراللاندى ھەمدە
ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق جاسۇسلىرىنىڭ بىۋاستە يوليورۇقىغا ئېرىشتى، دەپ قارايدۇ.*

1940 ~ 1943 - يىللىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتى N·B
ئىۋېنكو «ئۇيغۇرىستان» شوئارى ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگانلىرىدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، دەپ قا-
رايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، تاشقى سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگانلار ۋە كوممۇنىستىك ئىن-
تېرناتسىئونالنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرىدە ئۆزئارا بىر - بىرىگە قارشى ئىككى خىل كۆز قاراش بول-
غان: بىرى، شىنجاڭدا جۇڭگو ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى قوللاش كېرەك،
يەنە بىرى، مىللىي قوزغىلاڭلارنى قوللاش كېرەك. پىراگماتىزم (سۇيىئىستېمالچىلىق)نى مەنبە قىل-
غان بىرىنچى خىل قاراش غەلىبە قىلغان. بۇنى ئىشچى، دېھقان قىزىل ئارمىيەسى قوماندانلىق
ئىشتابى تۆتىنچى ئىشتابى (ئاخبارات ئىشتابى)نىڭ ئىشتاب باشلىقى R·K بېرزىننىڭ ھۆكۈمەتكە
يوللىغان مەخپىي دوكلاتىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

*قوزغىلاڭ ھەرىكىتىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى شىنجاڭدىكى جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ يو-*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*قىتىلىشى ۋە مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ يەردە چوقۇم شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ (قازاقلار، موڭغۇللار، قىرغىزلار، تۇڭگانلار، ئۇيغۇرلار) ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللىي كۈرەشلەرگە سەۋەب بولىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، خوتەن ۋە قەشقەر ئارىسىدا پارتلىغان ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. ئۇ خىل ئەھۋال ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشتە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسىغا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ.*

مۇسكۋا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قول تىقىشى ھەمدە بەزى قوزغىلاڭ يولباشچىلىرىنىڭ بۇ كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە بارغانسىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ھېسسىياتىنى ئاشكارا ئىپادىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنى ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تەدبىر بەلگىلەشكە مەجبۇر قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى بىلەن قوشنا ئۆلكىدىكى مەنپەئەتىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

1932 ـ يىلى، گەنسۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشلىقى ۋە ھەربىي ھۆكۈمرانى، تۇڭگان ما جۇڭيىڭ ياپونىيە، ئەنگلىيە ۋە تۈرك مەشقاۋۇللىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 2000 ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ شىنجاڭنى ئىگىلىدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلار بىلەن قوشۇلدى. جىن شۇرېن 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭدا پەقەت ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى ۋە تارباغاتاي رايونىنىلا كونترول قىلىپ تۇرالىدى. 1932 ـ يىلى قىشتا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىنى قورشىۋالدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ مەزكۇر ئۆلكىدىكى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىلىشتىن ساقلاپ قېلىش ھەرىكىتىنى قوللاندى.

1932 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، مانجورىيەنىڭ غەربىي شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گېنېرال سۇ بىڭۋېن قوماندانلىقىدىكى «دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى» ياپونىيە قوشۇنى ۋە «مانجۇرىيە» گە قارشى قوزغالدى. ياپونىيە قوزغىلاڭنى باستۇردى. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سۇ بىڭۋېن[3] قوشۇنى مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلىۋالغان ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

دۆلەت سىياسىي ئامانلىقىنى ساقلاش باش بيۇروسى 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تەييارلىغان دوكلاتتا بۇ قېتىملىق ۋەقەنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېچە، مەنجولى شەھىرى، گېنېرال سۇ بىڭۋېن قىسمەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، تاشقىي بايقال تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاچاللارنى سۇندۇرۇپ ھەمدە قورال ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىپ، قوشۇنلىرىنى مەملىكىتىمىز تېررىتورىيىسىگە، يەنى ئوتتوپول بېكىتى تەرەپكە يۆتكەپ كىرىشكە باشلىدى. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 21 يېرىمدا، گېنېرال سۇ بىڭۋېن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز، ئۆزىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى ۋە 26 ۋاگونغا ئولتۇرغان قوشۇنىنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈپ تەۋەلىكىمىزگە كىردى، جۇڭگو چېگراسى ئىچىگە قايتىش تەكلىپىمىزنى رەت قىلدى، ئەمما بىزنىڭ قورالسىزلاندۇرۇش تەلىپىمىزنى كۈتمەيلا ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا باشلىدى. گېنېرال سۇ بىڭۋېننىڭ قوماندانلىق ئىشتابى ۋە بىللە كەلگەن قوشۇنى قورالسىزلاندۇرۇلدى*

*ۋە تۇتۇپ تۇرۇلدى. شۇ كۇنى سائەت 24 تە، ھەر خىل ماددىي ئەشيا، ئات ھارۋىسى، ماشىنا بېسىلغان بىر پويىز ئوتتوپول بېكىتىگە كەلدى. 300 ئادەم ئەتراپىدىكى بىر قوشۇن بىزنىڭ تېررىتورىيىمىزگە كىرىپ، شۇئان قورالسىزلاندۇرۇلدى ۋە تۇتۇپ تۇرۇلدى.*

*1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنىدىن 5 ـ كۇنىگىچە، جەمئىي 4009 ئادەم قورالسىزلاندۇرۇلۇپ تۇتۇپ تۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 11 گېنېرال، 17 پولكوۋنىك، 75 پودپولكوۋنىك، 158 مايور، 54 لېيتېنانت، 82 كەنجى لېيتېنانت، 18 ستارشىنا، 2400 ئەسكەر (71 سى ياربدار)، 18 تۆمۈر يول خادىمى، 347 ئايال، 306 بالا، 195 بىكارچى، 19 ستۇدېنت، 6 يەرلىك ئەمەلدار بار ئىكەن.*

گېنېرال سۇ بىڭۋېن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنجۇلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرغان خېتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى، ئۆزى خالاپ قورالسىزلانغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئادەملىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق جۇڭگوغا قايتىشىغا ئىجازەت بېرىشىنى ئۆتۈنىدىغانلىقى» نى يازغان.

شۇنداق قىلىپ، جەمئىي 2890 ھەربىي ۋە 1200 غەيرى ھەربىي (ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، جەمئىي 4000 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەلگۈسىدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەيمۇ بار ئىدى. بارلىق تۇتۇپ قېلىنغۇچىلار تومسك رايونىدا تۇرۇپ قالدى. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا، يەنە 5000 جۇڭگولۇق كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېنېرال لى دۇ ۋە گېنېرال ۋاڭ دېلىنلار بار ئىدى. ياپونلار گېنېرال سۇ بىڭۋېن ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن قوشۇننى ياپونىيە ھەربىي دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېۋ مىخايلوۋىچ قاراخان (нахараК чиволйахиМ веЛ) سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاتتىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى ھەمدە توكيونىڭ بۇنداق تەلەپكە ناھايىتى غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەزەلدىن «مانجۇرىيە زېمىنىدىكى نەچچە تۈمەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قوراللىق ئاق گۋاردىيە ئونسۇرلىرى»نى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇش تەكلىپىنى بەردى. گېنېرال سۇ بىڭۋېن مۇسكۋاغا تەكلىپ قىلىندى، مۇسكۋا تۆمۈر يول بېكىتىدە تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

دەسلەپتە، تۇتۇپ تۇرۇلغان خادىملار يىراق شەرقتىكى يۇرتىغا قايتۇرۇلماقچى بولغان (غەيرى ھەربىيلەر پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ۋىلادىۋوستوك ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتماقچى ئىدى). ئەمما شىنجاڭدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ پىلان ئۆزگەردى. سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي سىياسىي بيۇروسى «ئەسلىدە ماقۇللانغان قارارنى ئۆزگەرتىپ... تۇتۇپ تۇرۇلغۇچىلارنى شىنجاڭغا تارقاقلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.» مۇسكۋانىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، جى جى (嵇直) 1932 ـ يىلى 2 ~ 3 ـ ئايلاردا بۇ قېتىملىق ئۇچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يىراق شەرقتىن سوۋېت ـ جۇڭگو چېگراسى ئارقىلىق شىنجاڭغا يۆتكەش ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قاتناشتى، ئۇ تەرجىمە ۋە ئالاقە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. گېنېرال سۇ بىڭۋېن ياۋروپا ئارقىلىق جۇڭگوغا قايتتى.

ئەينى ۋاقىتتا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال شىنجاڭغا قانداق قارايتتى؟

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتى يىراق شەرق ئىشلىرى بيۇروسى 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى قارار لايىھەسىدە مۇنداق كۆرسەتتى:

*مىللىي مەسىلە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە... ئىگىلىگەن نىسبىتىگە قارىتا ئېيتقاندا، خەنزۇلارنىڭ سانى ئازراق ئىدى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەردىن ئۇيغۇر (تەخمىنەن نوپۇسنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ)، مۇڭغۇل، قازاق، تۇڭگان، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى. ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ زۇلۇمى تېزلەشتى، جاھانگىر ئونسۇرلار شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى لاگېردىكى ئەنگلىيە ۋە ياپونىيە جاھانگىر ئونسۇرلىرى بارغانسىرى ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى، دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس سەۋەبلىك تۇزۇلمىدىكى كرىزىس ئېغىرلىشىپ، يەرلىك يانچىلىق تۈزۈمى ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە قۇللۇق ئاسارىتى كۈچىيىپ، كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىنقىلابىي چىقىش يولىنى ئىزدەپ ئۆزلۈكىدىن قوزغالغان ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەھۋالى غايەت زور دەرىجىدە ئېغىرلاشتى.*

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ كۆنتەرتىپ جەدۋىلىدە، شىنجاڭ خىزمىتى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق باش كونسۇلى (1928 ~ 1930 ـ يىللىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن)، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يىراق شەرق ئىشلىرى بيۇروسىنىڭ خادىمى A·M دورف (مەخپىي ئىسمى «نېموچىنكى»، ئىلگىرى تەتقىقاتقا قاتناشقان)قا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك خادىملار «شىنجاڭ ھەرىكىتى پىروگراممىسىنى تۈزۈشكە باشلاش» نى قارار قىلىپ، «شىنجاڭلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئەۋەتىش كېرەك، مەزكۇر گۇرۇپپىدا ئاخبارات ئىگىلەش مەقسىتى بولىشى، يەنە قوزغىلاڭچى تەشكىلات، ئەڭ ئىلغار ئىنقىلابىي ئونسۇرلار ۋە دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كېرەك» دەپ قارىغان. تەشكىللەش ئىشلىرىغا مىف (米夫)، كوتېلنىكوف (К о т е л ь н и к о в) ۋە دورف (多尔夫) لار مەسئۇل بولغان.

جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى بولغان گېنېرال شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئىقتىدارسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتتى. گەرچە شېڭ شىسەي ئىقتىدارلىق، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشى بولسىمۇ ھەمدە كېيىن ئۆزىنىڭ 20 ـ يىللاردا «ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقى»نى كېسىپ ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ، مۇستەھكەم سىياسىي ئېتىقادى يوق ئادەم ئىدى. شېڭ شىسەي پەقەت قورال ـ ياراغقىلا تايىنىپ قوزغىلاڭچىلارنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرغان ۋە چەتئەللىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى گۇرۇھلارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمەيتتى، بۇ ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

شېڭ شىسەي يەرلىك ۋەزىيەتكە ناھايىتى توغرا ھۆكۈم قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مىللەت بىلەن مۇرەسسە قىلغاندىلا، ئاندىن ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلەتتى. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۇ خوجىنىياز بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ، خەنزۇ ئەمەس ۋەكىللەرنىمۇ ھۆكۈمەتكە قوبۇل قىلدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا كېلىشتى (سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى كېلىشتۈرگەن). كېلىشىمگە بىنائەن، خوجىنىياز جەنۇبىي شىنجاڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. باشقا

قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى.

1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قەشقەردە ئەنگلىيەپەرەس ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى سابىت داموللا ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمما خەلق ئۇلارنى قوللىمىدى. كۆزدە خوجىنىياز ئاقسۇدىن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، خەلق ئۇنى تەنتەنىلىك قارشى ئالدى. ئۇ ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى رەسمىي تىكلەندى. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىروگراممىسى (سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى بۇ پىروگراممىنى تۈزۈشكە قاتناشقان)نى جاكارلىدى، بۇ پىرگراما مۇنداق 12 ماددىلىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى: شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەر، ئىشچى قوبۇل قىلىش ۋە ھەق بېرىشتە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ، نەشر قىلىش، سۆز قىلىش ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، سابىق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنسىز بۇيرۇقلىرى بىكار قىلىنىدۇ، قاتناش ياخشىلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرىنى مۇستەقىل ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دېھقانلارغا ياردەم بېرىلىدۇ، قوشنا دۆلەتلەرگە دوستانە دىپلوماتىيە سىياستى يۈرگۈزۈلىدۇ، مىللىي مائارىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، مالىيە بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدۇ، ۋاھاكازالار.

سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىس ۋە قورال - ياراقلار بىلەن ئاكتىپ ياردەم بېرىشكە باشلىدى. شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچى تەربىيەلەش ئۈچۈن ھەربىي ئوقۇتقۇچى (مەشقاۋۇل) لار گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچقۇچىلاردىن سېرگېي ئانتونوپ نوك، فېدور پولىنىن، تروفىم چىيۇلىن، يول باشلىغۇچى ئالېكساندىر خىۋاتوف، مېخانىك سېرگېي تراختونوف، پاۋېل كۇزمىن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇچقۇچىلار ئالدى بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ سىمپالانسكىيغا كەلدى، ئاندىن 1933 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ يەردىن P — 5 تىپلىق ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇپ شىخو شەھىرىگە كەلدى. ئۇ يەردە ئۇلارغا سابىق چارروسىيە ئارمىيەسىنىڭ پولكوۋنىكى، مۇھاجىر ئىۋانوف رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلاردىن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى — ئۈرۈمچى شەھىرىنى قامال قىلىۋالغان مۇسۇلمان قوزغىلاڭچىلارغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش تەلەپ قىلىندى. فېدور پولىنىن ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

*بىز ئۈچۈپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا (ئۇلار P — 5 تىپلىق ئىككى ئايرۇپىلانغا ئولتۇرغان — تەرجىمان ئىزاھى)، قورغان ئەتراپىدا بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۇق. توپىلاڭچىلار قورغانغا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. كەينى - كەينىدىن ئوت ئاچقاندىن كېيىن ئىس - تۈمان كۆتۈرۈلدى. چەۋەندازلار ھۇجۇم قىلىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەرگە قوراللىرىنى ئوينىتىپ ھەيۋە قىلدى. مەن شىشكوف بىلەن مەشىق مەيدانىدىكى نىشانلارنى بومباردىمان قىلىپ كەلگەنىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا، بىزنىڭ نەقەدەر ھاياجانلانغانلىقىمىزنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.*

*بىز پەسلەپ، نۆۋەت بىلەن توپىلاڭچى قوشۇن زىچ توپلىشىپ تۇرغان يەرگە 25 كىلوگراملىق قىرغۇچى بومبىلارنى تاشلىدۇق. پەستىكى پارتلاشتىن ھەممە يەردە ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى. بىز توپىلاڭچىلارنىڭ دەرھال قورغان يېنىدىن چېكىنىپ، قېچىشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۇق. چەۋەندازلار قېچىۋاتقان كىشىلەر توپىدىن ئۆتۈپ، تاغ ئىچىگە قۇيۇندەك كىرىپ كەتتى. قورغاننىڭ يېنىد-*

www.uyghurkitap.com

*ىدا دۆۋە ـ دۆۋە جەسەتلەر قاردا سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. بىز يەر يۈزىگە يېقىنلىشاي دېگەندە ئېشىپ قالغان بومبىلارنى تاشلىدۇق. توپىلاڭچىلار تۈيۈقسىز قىلىنغان ھاۋا ھۇجۇمىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. كېيىن بىلىشىمىزچە، گېنېرال ما جۇڭيىڭنىڭ ئاشۇ خوراپىي ئۇرۇشقاقلىرى ئاسماندىن چۈشكەن بومبىلارنى خۇدانىڭ جازاسى دەپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ تۇغۇلغاندىن بىرى ئايروپىلان كۆرۈپ باقماپتىكەن. بىز توپىلاڭچى قوشۇننى قوغلىشىۋەتكەندىن كېيىن، شىخۇغا قايتتۇق... ئۇزۇن ئۆتمەي، توپىلاڭ باستۇرۇلدى.*

دەل شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 25 جۇڭگو كادىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلدى، يۈ شيۇسۇڭمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى، «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش سېپى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولدى. 1937 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، كاڭ شېڭ بىلەن ۋاڭ مىڭ مۇسكۋادىن جۇڭگوغا قايتىش يولىدا ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى، ئۇلار شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى «تىروتسكىچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىملىقى» ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۇ، 25 ئادەمنىڭ رەسىمىنى كاڭ شېڭغا كۆرسەتتى، كاڭ شېڭ «تىروتسكىچى ئونسۇرلار» نى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ بەردى. نەتىجىدە، 25 ئادەمنىڭ 24 ى ئۇنىڭ قارا تىزىملىكىگە چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈ شيۇسۇڭمۇ بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ «تىروتسكىچى ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئېلىنىپ، 1938 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى جازالاش تەشكىلاتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يۈ شيۇسۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ھەمدە تۈرمىنىڭ سوراقخانىسىدا ئۆلدى.

چىخوۋېنسكىي شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلغاندا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*دۇبەن (باشلىق) نىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى ناھايىتى كۈلكىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالدى بىلەن ئىككى تۈز پىلىموت كۆتۈرۈۋالغان چەۋەندازلار روتىسى پەيدا بولدى، ئىككى پىلىموت دەرھال باش كونسۇلخانىنىڭ پەلەمپىيىگە تىكلەندى. ئارقىدىن، ماۋزېر تۇتقان قوغدىغۇچىلار ئولتۇرغان بىر كىچىك ماشىنا ھويلىغا كىردى. دۇبەن كىچىك ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرىدىكەن، ئۇنى ماۋزېر تۇتقان تۆت قوغدىغۇچى ماشىنىنىڭ پۇت تاختىسىدا تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. ئاخىرىدا ئەسكەرلەر ئۆرە تۇرغان قارا ماشىنا قوغداپ ماڭىدىكەن.*

ياپونلار يەرلىك «مىلىتارىست» ما جۇڭيىڭنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقاندىن كېيىن، مۇسكۋا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن قورال كۈچى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پۇقراچە كىيىنگەن ئىچكى ئىشلار خەلق ھەيئىتىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىغا تەۋە 13 ـ پولكى «ئالتاي پىدائىيلار قىسمى» نامىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا يوشۇرۇنچە يۆتكەلدى. 13 ـ پولك شېڭ شىسەيگە ئاكتىپ ياردەم قىلىپ، ئاۋىئاتسىيە قىسمى ۋە تانكىلارنى ئىشلەتتى، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن بۇرۇن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تېز سۈرئەتتە تارمار قىلدى، ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئۆلكە چېگراسى ئىچىدىن «ئالتاي پىدائىيلار قىسمى»نى قايتۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. 1937 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ

كۈنى، ئىستالىن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گېنېرال ياڭ جىيې بىلەن سۆھبەتلەشتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدا جۇڭگوغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەندە بۇ ئىشنى تىلغا ئالدى:

*شىڭ دۇبەنگە ياردەم قىلىپ، ئۇنى ياخشى قوشۇنغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئەمما ھەر قېتىم سىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايسىز. بىز ما خۇسەن④، ما جۇلىن (ئېنىقكى بۇ يەردە ما جۇڭيىڭ كۆزدە تۇتۇلغان، ئۇ 36 - دىۋىزىيەنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى، كېيىن ئايروپىلان ھادىسىسىدە قازا قىلغان — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى)نىڭ تۇڭگان 36 - دىۋىزىيەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن جۇڭگوغا ئىككى پولك ئەۋەتتۇق، ئۇلار 1500 ئۇيغۇر ۋە تۇڭگاننى يوقاتتى. بەزىلەر ئۇ يەردە بىر ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى، جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرماقچى ئىكەن. بىزنىڭ شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش نىيىتىمىز بار، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۇبدان بىر ساۋاپ قويسۇن. قارىغاندا، شىڭ شىسەي يامان ئەمەس ئۆلكە باشلىقى ئىكەن (بۇ گەپ بىزنىڭ ئارىمىزدا قالسۇن.)*

شىڭ دۇبەن تەشەببۇسكارلىق ۋە مۇستەقىللىقنى ئىپادىلەپ، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجىنىنى قوللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى. بولشېۋىكلار پارتىيەسىگە كىردى، مۇسكۋادىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. شىڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋاڭ مىڭغا مۇنداق دېگەن:

*مەن كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ۋە مىلىتارىستلارنىڭ قوش زۇلۇمىدا ياشىدىم، شەرقىي شىمالدىن ئىبارەت ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىۋاستە زۇلۇمىغا ئۇچرىغان يېرىم مۇستەملىكە جايدا چوڭ بولدۇم. مەن پەلسەپىۋى قائىدىلەرگە باي ماركسىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «تارىخىي ماتېرىيالىزم»، «قوشۇمچە قىممەت»، «سىنىپىي كۈرەش» قاتارلىق توغرا نەزەرىيەلەر مېنىڭ قەلبىمنى يورۇتتى، ئېتىقادىمنى تۇرغۇزدى. 1929 - يىلى، مەن سۇڭ فۇياۋ ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يېزىپ، مېنى جۇڭگو كومپارتىيەسىگە كىرىشكە تونۇشتۇرۇشنى ئۆتۈنگەنىدىم، ئەمما بەختكە قارشى، سۇڭ ئەپەندى ياپونىيەدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، شۇ سەۋەبلىك مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. گەرچە مەن پارتىيەگە كىرەلمىگەن بولساممۇ، مېنىڭ كومپارتىيەگە كىرىش ئىرادەم ئىزچىل ئۆزگەرگىنى يوق ... ئۇلۇغ «12 ئاپرېل ئىنقىلابى» (1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە قوزغىغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. — ئاپتور ئىزاھاتى) يۈز بەرگەندىن كېيىن، تەلىيىمگە ھەر قايسى مىللەتلەر ھەر قايسى تەبىقىلەر تەرىپىدىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇپ سايلاندىم. مەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى زىلاتكىن (З л а т к и н) غا دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى جاكارلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تىزلا چېن دىلى بىلەن ياۋ شىيۇڭنى مېنىڭ ئۆز قەلىمىم بىلەن يازغان خېتىمنى ئېلىپ ستالىن ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتىم، خەتتە ئۆزۈمنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزمغا قانداق ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانلىقىمنى بايان قىلدىم، ستالىننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ئىستىكىم بارلىقىنى بىلدۈردۈم.*

www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئورنى مۇستەھكەملەنگەندى، ئەمما بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا لوندوندا ناھايىتى يامان ئىنكاسلارنى قوزغىغان. ئەنگلىيە «ئاخبارات ئىدارىسى» ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى كونسۇل ئورگانلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۆزى كونترول قىلىدىغان ھىندىستان بىلەن ئافغانىستانغا «سوتسىيالىزمنىڭ ئارىلىششى» نى توسۇشقا باھانە تېپىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرىنى كۈچەيتتى. 1936 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئىشپىيونلۇق ئورگىنى قايتىدىن شىجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. بىزنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق جاسۇسلۇق مەلۇمات پونكىتىمىز ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگىنىنىڭ مۇناسىپ ھۆججەتلىرىگە ئېرىشىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «مۇستەقىل» دۆلەت قۇرۇش پانئىسلامىزم تەشكىلاتىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ ياردىمىدە مەخپىي سۇيىقەست ھەرىكىتى پىلانلاشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئەنگلىيە پانئىسلامىزم تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ بويرۇقىنى ئاڭلايدىغان قىلىپ، ئۇ يەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاساسلىق ھۇجۇم قوزغاشنى ئۈمىد قىلاتتى. جۇڭگو دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ئېرىشكەن ئاخباراتلارغا تايىنىپ، بۇ مەخپىي سۇيىقەست ھەرىكىتىنى بىتچىت قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلۇق ئاخبارات پونكىتىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىرگادا دەرىجىلىك ئەمەلدار مالىكوف باشچىلىقىدىكى ئاخبارات بۆلۈمى خىزمەتچى خادىملار گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىدىن: كەلگۈسىدىكى مارشال، ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى بولغان پاۋېل سامىيانوۋىچ رىبالكو[5] (مەخپىي ئىسمى 傅纪辉)، T·B ئوبوخوف، كۇتس، ۋە M·M شايمۇراتوفلار بار ئىدى. بېرزىن ئۇلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا مۇنداق يوليۇرۇق بەردى:

*«شىڭ دۇبەنگە ئەستايىدىللىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن تەكلىپ پىكىر بېرىڭلار، نەسىھەت قىلىڭلار، ئىسپاتلاڭلار، ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولسا، سىلەرنىڭ تەكلىپىڭلارنىڭ ئىنكار قىلىنىش سەۋەبىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بارلىقىنى ئىنتىراپ قىلىشتىن قورقماڭلار... ئۇرۇش بولماقتا، ئەھۋال ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۆزگىرىشچان، ئاقىۋەتتە قانداق بولىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيىش تەس. سىلەر بارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىقلىشىڭلار كېرەك... سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار: شىنجاڭغا ياردەم بېرىش — جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان — يېڭى، ئىلغار ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ پىروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قوشۇننى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى تىنچلاندۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا بۇزغۇنچىلىق ھۇجۇمىنى توختىتىش كېرەك. بىر ئېغىز گەپ، مۇھىمى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان چېگراسىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.»*

ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئاجايىپ ياخشى ئورۇندىدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى تارمار قىلىنىپ، كۈچلۈك دائىمىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ يەنە شىنجاڭدا توپلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىشكە ئۇرۇنۇشى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىندى. ئاق ئۇرۇس مۇھاجىرلىرى ۋە كازاكلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىندى، گېنېرال بېختېرېۋ (Бехтерев) قوماندانلىقىدىكى بىر دىۋىزىيە قۇرۇلۇپ، مەزكۇر دىۋىزىيە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەزكۇر رايوننىڭ مۇناسىپ تەرتىپىنى ساقلىشىغا ياردەم قىلدى.

1936 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي «ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ئىستالىنىزم مۇرىتى» لىق ئۇنىۋانىغا ئىمزا قويىدى، ئۈرۈمچىدىن موسكۋاغا ۋاڭ مىڭ ئارقىلىق بىر پارچە خەت ئەۋەتتى، خەتتە: «شىنجاڭنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى تاشقى سىياسەتنىڭ ئىككى ئاساسىي نوقتىسى قىلىمەن، بۇ ياپونىيە جاھانگىرلىكى بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى غەزەپلەندۈردى، ئۇلار توختىماستىن سۇيىقەست پىلانلاپ، شىنجاڭغا خالىغانچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى» دەپ يازغانىدى.

1934 ـ يىلى يازدا، جى جى لۈەنباۋتىڭ (栾宝庭) دېگەن مەخپىي ئىسىم بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى: قومۇل مەمۇرىي رايونى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ (ژاندارما) ۋاقىتلىق ئىدارە باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قاتناش كومىتېتى ئەزاسى (1936 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە)، شىنجاڭ ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف نازىرى بولدى.

جى جى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ خىزمەت شارائىتىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان، بۇ نوقتىنى بىز ئىگىلىگەن بەزى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ قومۇل ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىدارە باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، بىر كۈنى، سوۋېت ـ جۇڭگو چېگراسىدىن ئۆتكەندە تۇتۇلۇپ قالغان لىيۇ چاڭشېڭ[6] ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلغان. لىيۇ چاڭشېڭ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولۇپ، يەنئەنگە بېرىشقا تەييارلانغانىكەن. جى جى ئۇنى قوغداپ قېلىپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىچكىرىگە بارىدىغان ئالاھىدە يول خېتى بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا تۆگە كارۋىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلكە چېگراسىدىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ، قىممەتلىك بۇيۇمنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

جى جى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغاندا يەنە مۇنداق بىر ئىش بولغان، ئۇ بۇنى 1982 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئوغلى C.N پىرىلىموفقا سۆزلەپ بەرگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوغلى بېيجىڭغا ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ئاتىسىنى يوقلاپ بارغانىدى. جى جى پىرىلىموفقا مۇنداق ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن:

*شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ شىئەندە گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللىرى جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن (1936 ـ يىلى 12 ـ ئاي)، جى جىغا دەرھال جاڭ شۆلياڭغا تېلېگرامما يوللاشقا بۇيرۇق قىلىپ، قولغا ئېلىنغانلارنى شىنجاڭغا پالاش تەكلىپىنى بەرگەن. ئەمما جى جى تېلېگرامما يوللاش ۋاقتىنى سوزغان. شېڭ شىسەي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جى جىنى نەزەربەند قىلىپ، قاتتىق سوراق قىلىشقا باشلىغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، جى جى يەنىلا قېچىپ چىقىپ مەخپىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، پوچتا ـ تېلېگراف نازارىتىنىڭ ياردەمچىسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەن.*

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىت جى جىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 1936 ـ يىلى يازغا يېقىن، ساتۇروف ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ

www.uyghurkitap.com

جاسۇسلۇق ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلىك (شىنجاڭدىكى ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى گوركى سانىن ئىدى) ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، ئۇ، شىنجاڭدا 1938 ـ يىلى باھارغىچە خىزمەت قىلدى. بىر يىل بۇرۇن كونىستانتىن ئالېكساندىروۋىچ باتمانوفمۇ شىنجاڭغا كەلگەنىدى، ئۇ 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قازا قىلدى.

1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلكە ياكى يەرلىك ھۆكۈمەتتىكى بەزى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈش بۇ ئۆلكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئۇل تېشى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ياپونىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جاسۇسلىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈشتىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇناتتى. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جاسۇسلۇق ئاخبارات پونكىتى ئۆز ۋاقتىدا توكيونىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ما فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكا تۇڭگان بۆلگۈنچىلەرنىڭ جاسۇسلۇق مەلۇماتىغا ئېرىشتى، بۇ بۆلگۈنچىلەر ياپونىيەنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، «بۈيۈك غەربىي شىمال تۇڭگان دۆلىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، سابىق ئۇيغۇر 6 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى مەھمۇتتىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى، بۇ كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مۇسكۋا پەقەت خەنزۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلمايدۇ!» دېگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنگۈدەك شارائىتىنىڭ يوقلۇقىدىن نارازى ئىدى، ئەنگلىيە ۋەدە قىلغان ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇ يەنە: «سىلەر ئەنسىرىمەڭلار. مەن ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ۋەدىسىگە ئېرىشتىم. مۇبادا قوزغىلاڭ پارتلاپ قالسا، بىز چېگراغا يۈرۈشسەك بولىدۇ، بەزىلەر بىزنى دەل ۋاقتىدا قورال ـ ياراق ۋە ئايروپىلان بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېگەن.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلۇق ئاخبارات پونكىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتكەن دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، مەھمۇتنىڭ ئاللىقاچان يېڭىسار قورغىنىدىن كىرگەنلىكى، ئۇ يەردىن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى يوللاپ، ئەگەر ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمىسا، ئاھالىلەرنى قوراللىق كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىدىغانلىقى ھەمدە تاغلىق رايونغا كىرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونلار بىلەن يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ ھۆكمىچە، ياپونلار «ئىنقىلابنى كۈتمەكتە، ئۇلار ئارمىيەسىنى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەم قىلىدۇ.» 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، توپىلاڭچىلار يەكەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى بېسىۋالدى ھەمدە «ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىش، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش» شوئارى ئاستىدا، ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ رىغبەتلەندۈردى. ئۇلار مەكىت، يېڭىسار قاتارلىق بىر قانچە شەھەر ـ بازارلارنى ئىگىلىدى، ئۇ يەرلەردە جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنى ئۈچۈن ئادەم، ئات، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك تولۇقلىدى. ئاخبارات ئورگانلىرىمىز ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئىسلام مۇرتلىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئەنگلىيە ۋە ياپونىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى پارچىلىدى. 36 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرى ما خۇسەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى ـ

ئىناۋىتىنى يوقىتىش ھەرىكىتىمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولدى. ئۇلار ياپونىيەنىڭ كۆرسەتمىسىگە بى-
نائەن ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەكلەر بىلەن تـوپلاڭچىلارنى قوللاشقا باشلاپ،
جەنۇبى شىنجاڭنى تارتىۋالماقچى بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلخانىسى ما خۇسەنىنىڭ يېنىغا جاسۇسلارنى يوشۇرۇش ئارقىلىق، «مۇستەقىل ئىسلام
دۆلىتى» قۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك ئاھالىلەرنى كۈچ چىقىرىشقا ئۈندەش تەشۋىق - تەربىيەسىنى قانات
يايدۇردى. بىزنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىمىز ما فامىلىلىككە قارشى خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن،
1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 36 - دىۋىزىيەنىڭ بىر پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىسى ھۆ-
كۈمەت ئارمىيەسى تەرەپتە تۇردى. ما خۇسەن بىر كىچىك ئەترەت بىلەن يەرلىك خەلقتىن بۇلىغان
مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كېتىپ، شۇ يەردە داۋاملىق جۇڭگو بىلەن قار-
شىلاشتى. ئۈرۈمچىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ بەلگىلىك ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ھۆكـۈمەتنى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلاپ، دۈبەننى ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىش ۋە تاشقى دۇنيادىن پۈ-
تۈنلەي ئايرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان مەخپىي تەشكىلات ناھايىتى تېزلا پاش بولدى. يۇفىمچېف
(в е ц м и ф У) نىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگىنى
1938 - يىلىنىڭ ھارپىسىدا مەركەزگە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا جەمئىي 318 نەپەر ئەنگلىيەلىك جاسۇس
ۋە بىر نەچچە شىۋېتسىيەلىك جاسۇسنى يوقاتقانلىقىنى دوكلات قىلغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىت-
تىپاقىنىڭ ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇسكۋانى زىيارەت قىلغاندا ئىستالىننىڭ
شال پاخلى ۋە ئەپيۇنگۈل (خەشخاش) دىن ياسالغان رەسىمنى تەقدىم قىلغان، ئارقىدىن مۇزېينىڭ
كۆرگەزمە بۇيۇمى قىلىنىپ، «ئىستالىنغا قىلىنغان سوۋغات» سۈپىتىدە كۆرگەزمە قىلىنغان.

1939 - يىلى، ئەنگلىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جاسۇسلۇق ئورگىنى يەنە قازاقلاردىن تەش-
كىللەنگەن يەرلىك ئارمىيەنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەشكە ئۇرۇنغان، ئەمما سوۋېت ئىتتى-
پاقى جاسۇسلۇق ئاخبارات پونكىتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېرىشكەن ئاخباراتىغا تايىنىپ، يەنە بۇ قې-
تىملىق ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىنغان. بۇ ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق
كونسۇلخانىسىنىڭ بىر كاتىپى ۋە بىر نەچچە خىزمەتچى خادىمى بۇ ۋەقەگە چېتىلىپ قالغانلىقتىن
قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىپ، دەرھال شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا مۇسكۋاغا خەۋەر يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، خەۋەردە «شېڭ شىسەينىڭ مەزكۇر
ئۆلكىدە ياشايدىغان خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەر ۋە موڭغۇل سەپداشلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش
سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش نىيىتى بارلىقى» دېيىلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەنىڭ شاھىتى ئاكادې-
مىك N.C ۋىنخۋىنسكىنىڭ ئېيتىشىچە، «1939 - يىلى، دۇبەن قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قۇرۇلتى-
يى ئېچىشنى باھانە قىلىپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ يۇز - ئابرويلۇق ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە يىغد-
ۋېلىپ، يۇرتىغا قايتۇرمىدى. ئۆزىنىڭ مەخپىي ئورگانلىرىنى يىغىن ۋەكىللىرىگە ياپونىيە ئاخبارات
ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ تۆھمەت چاپلاشقا بۇيرىدى. كۆپ قىسىم يىغىن ۋەكىللىرى
ناھايىتى تېزلا تۈرمىلەرگە تاشلاندى.»

بۇنىڭدىن بۇرۇن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتىپ، ئوچۇق -
ئاشكارا ھالدا جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنى ھەمدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئىلغار
ۋەكىللىرىنى مەخپىي سۈيقەستكە قاتناشقان، دەپ ئەيىبلەشكە باشلىغان ھەمدە ناھايىتى تېزلا
ئۇلارغا ھەر خىل زىيانكەشلىكلەرنى قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە ئۆزد-
نىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ۋا-

www.uyghurkitap.com

قىتتا، موسكۋا شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ياپونپەرەس تەسلىمچىلەر گۇرۇھى بىلەن يېقىن ئارىلىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاخباراتقا ئىگە بولغان، مەزكۇر گۇرۇھ ئەينى ۋاقىتتا چۇڭچىڭدا ئىدى، ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىقىدا ياپونىيەگە ئوچۇق - ئاشكارا تەسلىم بولغان. 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەينىڭ تۇغقانلىرى بەس - بەس بىلەن ياپونىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان مانجۇرىيەدىن كېلىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر ئۆلكىنىڭ مۇھىم مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.

فاشىست گېرمانىيە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارا يۈزلەرچە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئالدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ سابىق مەمۇرىي باشلىقى پەن تۇڭ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋ زېمىن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

**ئىزاھلار:**

① مەملىكىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر كېلىشىمنامە مەملىكىتىمىزدە «ئىلى ۋاقىتلىق سودا ئالاقىسى كېلىشىمى» ياكى «ئىلى يىغىنى لاھىيەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. —— خەنزۇچە تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى.

② ئېھتىمال مىلىتارىست ما بۇفاڭ بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ما بۇچىڭنى كۆرسەتسە كېرەك. —— خەنزۇچە تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى.

③ سۇ بىڭۋېن (1892 ~ 1975)، ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال. 1925 - يىلى شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدە ئىشتاب باشلىقى، بىرىگادا كوماندىرى، دىۋىزىيە كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. 1930 - يىلى شەرقىي شىمال قورۇقلۇق قىسمى 15 - بىرىگادىسىنىڭ بىرىگادا كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، خەيىرلار (兼海拉尔) بازىرىنى مۇھاپىزەت قىلغان. «18 - سىنتەبىر» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن خېيلۇڭجىياڭدا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان. 1932 - يىلى 10 - ئايدا شەرقىي شىمال ئاۋام دۆلەتنى قۇتقۇزۇش قىسمىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا قوشۇننى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنگەن، كېيىنكى يىلى ۋەتەنگە قايتقان، ئىلگىرى - كېيىن ھەربىي كومىتېتنىڭ لېيتېنانت گېنېرال ھەيئەت ئەزاسى بولغان، ھەربىي كېڭەشنىڭ گېنېرال - پولكوۋنىكى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. —— خەنزۇچە تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى.

④ ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ يېزنىسى، 36 - دىۋىزىيەنىڭ بىرىگادا كوماندىرلىرىنىڭ بىرى، كېيىن مەزكۇر دىۋىزىيەنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرلىقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان، 1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا توپىلاڭغا قاتناشقان، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن، كېيىن شىياڭگاڭ ئارقىلىق گەنسۇغا قايتىپ كېلىپ مىلىتارىست ما بۇفاڭنى پانا تارتقان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئازادلىقتىن كېيىن ما خۇسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەمما 1958 - يىلى يەنە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قاتنىشىپ، كۇرەشتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن —— خەنزۇچە تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى.

⑤ پاۋېل سامىيانوۋىچ رىبالكو (о к л а б ы Р ч и в о н ё м е С л е в а П) (1894 ~ 1948)، سوۋېت ئىتتىپاقى برونىلىق تانكا (ئوققا قارشى پولات تاختىلىق تانكا) قىسمىنىڭ مارشالى (1945)، ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى بولغان (1943، 1945). ئاددىي ئەسكەر سۈپىتىدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1919 - يىلى قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، بىرىگادا سىياسىي كومىسسارى بولغان، ئۇرۇشتىن كېيىن يەنە ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىنىڭ كوماندىرى بولغان، كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولك كوماندىرى، روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1937 ~ 1940 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن پولشا ۋە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن، دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان. ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا تانكا كوللېكتىپ ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى بولغان. 1947 - يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئارمىيەسى برو-

نىلىق تانكا ۋە ماشىنىلاشقان قىسىمىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن. — خەنزۇچە تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى.

⑥ ليۇ چاڭشېڭ (1903 ~ 1967)، 1922 ـ يىلى يۇرتى شەندۇڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان، 1927 ـ يىلى سوۋېت كومپارتىيەسىگە كىرگەن (كېيىن جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ئۆتكەن). ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ يىل ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن، 1936 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەنئەنگە قايتقان. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى غەربىي شىمال ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو كومپارتىيەسى جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، شاڭخەي مەركەز شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ج ك پ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ئۈچىنچى سېكرېتارى، شاڭخەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1945 ـ ۋە 1956 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، ئەزاسى بولغان. — خەنزۇچە تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى.

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق ئاقىللار ئامبىرى ۋە دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تاشقى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش نىشانى ۋە تۈپ مەقسىتى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي دىپلوماتىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، رىئاللاشتۇرۇش يولى ئاساسلىقى ئاقىللار ئامبىرى سۆھبىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولۇشى كېرەك. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى سىستېمىسىنىڭ تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاقىللار ئامبىرى سۆھبىتى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىن ئىبارەت «ئىككى چاق ھەرىكەتلىنىدىغان» ئۆزگىچە تاشقى ئالماشتۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش. ئۈچىنچى، ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، خەلقئارا ئاقىللار ئامبىرى سۆھبىتى ۋە تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ئوبدان سۆزلەش كېرەك. مەزمۇن تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، تارقىتىش شەكلىنى ياخشىلاش كېرەك. تەشكىلىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئالماشتۇرۇش ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تۆتىنچى، مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ئەل رايىنى مۇجەسسەملەپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن خىزمىتىگە دائىر چوڭ ـ چوڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ فۇنكسىيەسىگە قويۇپ، ئاقىللار ئامبىرى سۆھبىتى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىكى مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىرلىكتە تۆھپە قوشۇپ... «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» ئەمەلىيىتى ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى) ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىق ئۈچ يولداش يىغىنغا قاتناشتى.

www.uyghurkitap.com



# يولۋاسنىڭ ئاجايىپ ھاياتى

ليۇ شياڭخۇي    چېن ۋۇگو
ئابدۇجاپپار ھامىدىن تەرجىمىسى

[مۇھەررىردىن: يولۋاس شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇھىم ھەم سىرلىق شەخسلەرنىڭ بىرى، يولۋاسنىڭ قومۇلدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» قاتارلىق ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەردە خېلى كۆپ ماتېرىياللار ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، بولۇپمۇ قانداق يوللار بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى مەنسەپكە يامىشىپ چىققانلىقى، تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ جاڭ جيېشىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا ئەتراپلىق ھەم ئىشەنچلىك ماتېرىياللار كەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەنزۇ ئاپتورلار يازغان مەخسۇس ئەسەر ۋە بىر قىسىم ماقالىلەر ئۇيغۇر تىلىغا تېخى تەرجىمە قىلىنمىدى. شۇڭا ليۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگولار تەرىپىدىن يېزىلغان، ئابدۇجاپپار ھامىدىن تەرجىمە قىلغان بۇ ماقالىنى يولۋاسقا ئالاقىدار خېلى تەپسىلىي ماتېرىيال سۈپىتىدە قاراپ مەزكۇر ژۇرنالدا تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قولىمىزدا ساقلىنىقلىق بىر تۈركۈم قىممەتلىك سۈرەتلەرنى مەزكۇر ماقالىغا كىرىشتۈرۈپ ئېلان قىلدۇق. ئوقۇرمەنلەرگە مول تارىخىي ئۇچۇر ۋە چۈشەنچە بېرىدىغانلىقىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.]

*　　　*　　　*

شىنجاڭ تارىخىدا، يولۋاس بىر ئاجايىپ ھەمدە كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە شەخس. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ قۇرامىغا يەتكۈچە بولغان كەچۈرمىشلىرىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى كۆپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويۇش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدا ھەر خىل گەپلەر ئىنتايىن كۆپ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات ئىزلىرى ئىنتايىن چىگىش، مۇرەككەپ، پەرەز قىلماقمۇ تەس. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، يولۋاس ئاللىبۇرۇن ئەرۋاھقا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بەخت قۇشى قونغان جاي — شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى قومۇلدا ئۇ توغرىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەر ھازىرمۇ يەنىلا بىر قىسىم تارىخقا قىزىققۇچىلارنىڭ پاراڭ تېمىسى بولۇشتىن قالمىغان ھەتتا خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان.

## جاپا - مۇشەققەتلىك ھەم سىرلىق بالىلىق

يولۋاسنىڭ ئىسمى دەسلەپتە خەنزۇچە 尧乐娃子 دەپ يېزىلغان بولۇپ، يولۋاس سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ، خەنزۇچە «娃子» («بالا» مەنىسىدە) دېگەن ئىككى خەت تازا چىرايلىق كۆرۈنمەي، ھەم سالاھىيىتىگە ماس كەلمەي، «博斯» دېگەن خەتكە ئالماشتۇرغان. جەنۇبىي جۇڭگودىكى بىر قىسىم جايلاردا «斯» بىلەن «士» تازا پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن يەنە «尧乐博士» دەپ ئاتىلىپ، ئانچە - مۇنچە ساۋاتلىق يولۋاس بىر ئۆرۈلۈپلا «دوكتور»(博士) غا ئايلىنىپ قالغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭغا ئالاقىدار مۇنداق بىر ۋەقە بولغانمىش. يولۋاس تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، بىر يىلى چاغاندا مەشھۇر دوكتور خۇ شىنىڭكىگە پەتىلەپ بېرىپتۇ. خۇ شى يولۋاسنىڭ پەتىلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خىجالەتچىلىك ئىچىدە قېلىپ:

— سىزدەك ياشقا چوڭ دوكتور مېنى پەتىلەپ كەپسىز، مەن بەكلا بىھۆرمەتلىك قىلىپتىمەن، — دەپدۇ.

يولۋاسمۇ ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن:

— سىز دېگەن قورساقىڭىز ئىلىم بىلەن تولغان ھەقىقىي دوكتور، مەن دېگەن قورساقىمدا ئىلىپنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ساختا دوكتور، ساختا دوكتورنىڭ ھەقىقىي دوكتورنى پەتىلەپ كېلىمىكى بەرھەق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ گەپكە نېمە دېسەم بولار، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ خۇ شى، — مۇبادا ئىسمىم جەھەتتىن ئېيتساق سىز دېگەن ھەقىقىي دوكتور، مەن ساختا دوكتور، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىسمىمنىلا چاقىرىدۇ، دوكتور دېگەن سۆزنى قوشمايدۇ، لېكىن كىشىلەر سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىرغان چاغدا، ئىسمىڭىزنىڭ كەينىگە دوكتور دېگەن سۆزنى قوشماي قالسا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە پەقەت سىزلا راست، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ساختا!

ھەقىقىي دوكتور، ساختا دوكتور ھەققىدىكى پاراڭ دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئەلۋەتتە، بۇ كېيىن بولۇنغان گەپلەر.

يولۋاسنىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ يېڭىسار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ھوشۇر مىراب جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەردىكى ۋاڭ ھەرىمىدە لەشكىرىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. يولۋاس 1889 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 -

www.uyghurkitap.com

كۆنى تۇغۇلغان، ئاتىسى ئىسلام قائىدىسى بويىچە ئاخۇنۇمنى تەكلىپ قىلىپ بالىسىنىڭ ئات قويۇش مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەن. ئاخۇنۇم بالىنىڭ ئىنتايىن ساغلام، بەستلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېنىش - يېنىشلاپ «يولۋاس... يولۋاس...» دەپ كەتكەن. چۈنكى يولۋاسنىڭ ئاتىسى ھوشۇر مىراب ئەينى چاغدا ۋاڭ ھەرىمىدە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئاخۇن ئۇنىڭ يولۋاس بالىسىدەك بىر ئوغۇل تاپقانلىقىنى مۇبارەكلەپ شۇنداق دەپ كەتكەن. ئاخۇنۇم بالىغا بەخت - سائادەت تىلەپ بولغاندىن كېيىن، «قۇرئان» ئايەتلىرىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا خەتمە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسىم قويغان. ئاخۇنۇم ھوشۇر مىرابنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بۇ ئوغلىغا مامۇت دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن. لېكىن نەق مەيداندا بارلارنىڭ ھەممىسى ئاخۇنۇمنىڭ «يولۋاس» دەپ ماختاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، شۇنىڭدىن كېيىن ھوشۇر مىرابنىڭ بۇ ئوغلىنىڭ ئىسمى يولۋاس بولۇپ قېلىپ، رەسمىي ئات تويدا قويغان ئىسمى مامۇت تەدرىجىي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. يولۋاسمۇ شۇنداق ئاتاشقا كۆنۈپ كەتكەن. كېيىن خەنزۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇ ئۆزىگە خەنزۇچە ياۋ جىڭفۇ (尧景福) دەپ ئىسىم قويۇۋالغان.

يولۋاس ساغلام، شوخ، ئەقىللىق چوڭ بولغان. ئەل ئاۋام ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭ بولىدۇ دەپ قاراشقان. بىراق تەقدىر بۇ بالىغا ئۇنچىۋالا كۆپ خۇشاللىق ئاتا قىلمىدى. ئەكسىچە، بەختسىزلىك ۋە كۈلپەتلەر ئۇنى ئەگىپلا يۈردى. يولۋاس تۇغۇلغاندىن كېيىن ۋاڭ ھەرىمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى بۇيرۇققا بىنائەن ئۆلكە مەركىزى دىخۇا(ئۈرۈمچى)غا لەشكىرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە كەتتى. بىراق ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماي، يولۋاس ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى ھوشۇر بەگ ئىش ئورنىدا ئۆلۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەرزەنتلەرنى بېقىشنىڭ ئېغىر يۈكى ئانىسىغا قالدى. بۇ بىر ئائىلە ئۆلكە مەركىزىدە جان باقماقنىڭ تەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇنداقلا كۆڭلىگە ئازار يەتكەن بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەي، ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. بىراق يۇرتىدىكى ئادەم ۋە ئىشلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىلگىرى ھوشۇر ۋاڭ ھەرىمىدە ئىشلەۋاتقان چاغدا كۆپچىلىك خۇشامەت قىلىپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالاتتى، بىراق ھازىر تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل بولۇپ قالغان تۇرسا، قوشنىلار ئالدىدىمۇ ئەتىۋارى بولمايدۇ - دە. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمى، پۇلى بارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، پۇلى يوقلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھرۇم قېلىش ئازابى قاتارلىق خىلمۇخىل زەربىلەر سەۋەبىدىن يولۋاسنىڭ ئاپىسىنى كېسەل چىرمىۋېلىپ قايتا ئورنىدىن تۇرالماي، تۆت يىلدىن كېيىن بىر قىزى، بىر ئوغلىنى تاشلاپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. بۇ چاغدا يولۋاسنىڭ ئاچىسى جەنەستىخان چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ، يولۋاس 8 ياشقا كىرگەن يىلى ئىلگىرى ۋاڭ ھەرىمىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىبراھىم بەگ بىلەن توي قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆسمۈر يولۋاسنى يەنە بىر يېڭى ئائىلىگە ئىگە قىلدى.

يولۋاسنىڭ جەمەتى ھەققىدە ئەل ئارىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەر تارقالغان. بەزىلەر يولۋاسنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغما چىرايلىق، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئاچىسى جەنەستىخانغا قەشقەرنىڭ دوتىيى خۇاڭ گۇاڭدانىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان، يولۋاسنى خۇاڭ دوتەي ئاسراندى بالا قىلىۋالغان، ئىسمىنى خۇاڭ جىڭفۇغا ئۆزگەرتكەن دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىراقلا دوتەي يامۇلىدىكى كىچىك بەگزادىغا ئايلىنىپ قالغانمىش. كېيىن، يولۋاس ئاچا - ئىنى خۇاڭ دوتەي بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ ۋەزىپىسىدىن بايان بەرگەن، خۇاڭ دوتەينىڭ گۇناھى ئېغىر بولغاچقا كاللىسى ئېلىنىپ، يولۋاس ئاچا - ئىنى سەرگەردان بولۇپ كوچىغا چىقىپ قالغانمىش. دەل مۇشۇ چاغدا، بېيجىڭدا تىجارەت قىلىۋاتقان كاتتا باي ئېزىز غازىغا ئۇچراپ، بارار - تو-

رار جايى يوق قىيىن ئەھۋالدا ئېزىز غازىغا توقال بولۇپ، ئاچا - ئىنى ئىككىيلەن يېڭى بىر ماكانغا ئىگە بولغانمىش. ئەپسۇسلىنارلىقى ئىككىيلەن ئېزىز غازى بىلەن قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن ئېزىز غازىنىڭ چوڭ خوتۇنى چىرايلىق، ياش جىنەستىخانغا ھەسەت قىلىپ، ئاچا - ئىنى ئىككىيلەننى كۆزىگە قادالغان مىخ، تېنىگە سانجىلغا تىكەن دەپ قاراپ، ھە دېگەندە تاپا - تەنە قىلىپ، يەڭگىل بولغاندا زەھەردەك گەپلەر بىلەن تىللاپ، ئېغىر بولغاندا ئۇرۇپ، ھاقارەتلەپ، خەقنىڭ قولىغا قاراپ جان بېقىشنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقۇزغانمىش، بىر يىل بولمايلا جىنەستىخان ئېزىز غازى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئىلگىرى قەشقەر ۋاڭ ھەرىمىدە خىزمەت قىلغان ئىبراھىم بەگ بىلەن توي قىلغانمىش.

تېخىمۇ غەلىتە يەنە بىر خىل رىۋايەت بولۇپ، بۇ رىۋايەتتە ئاچىسى جىنەستىخان ئۇنىڭ ئاپىسى دېيىلگەن. يولۋاسنىڭ ئاتىسى خۇنەندىن زو زۇڭتاڭنىڭ غەربكە يۈرۈش ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ كېلىپ، كېيىن كېسەللىك سەۋەبىدىن قوشۇندىن چۇشۇپ قېلىپ، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يىپەك يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ قەشقەرگە كېلىپ قالغان. لۇي فامىلىلىك بۇ ئەسكەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ، ئامالسىز پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، ئۆزى چاققان بولۇپ، ناھايىتى تېزلا يەرلىك كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ كېتىپ، ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالغان. كېيىن ئۇ ئازراق پۇل يىغىپ، بىرنەچچە ئېشەك سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يۈك توشۇشقا باشلىغان. بۇ لۇي فامىلىلىك ئەسكەر غەيرەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە خېلى دېتى بار بولۇپ، ھەر قېتىم دىخۇا (ئۈرۈمچى)، گۇچۇڭلارغا بارغاندا، بىر قىسىم لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىپ كېلىپ قەشقەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرگە ساتقان، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ، يەرلىكلەر قارىشى ئالىدىغان شەخسكە ئايلانغان. كېيىن سەپتىن چۇشۇپ قالغان بۇ ئەسكەر شۇ يەردىكى ئۇيغۇر ھوشۇر مىرابنىڭ قىزى جىنەستىخاننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىپ، ئېشەكچى دېگەن ئۇيغۇرچە ئىسمىنى قويۇپ، ھوشۇر مىرابقا كۈيئوغۇل بولۇپ، يولۋاسنى تاپقانمىش. لېكىن ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماي، يولۋاس تۇغۇلۇپ كۆپ ئۆتمەي بۇ ئېشەكچى سەپەردە يۇقۇملىنىپ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنمىش. ئىلاجسىز قالغان جىنەستىخان ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەردىكى خۇاڭ دوتەيگە تەگكەنمىش .

مۇبادا مۇشۇ رىۋايەت بويىچە بولغىنىدا، يولۋاس ئارغۇن بولۇپ قالغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەيۋەندە نەشر قىلىنغان تەرجىمىھالىدا، ئۆز ئاتىسىنى ھوشۇر بەگ دەپ ئاتىغان. ئۇ ئاتىسى توغرىسىدا 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى مالىمانچىلىقتا ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى سەۋەبلىك بېشىلىققا كۆتىرىلىپ، كېيىن بىر جۈپ قىز - ئوغۇل تاپقان دېيىشمۇ گەپىنى تولۇق قىلمىغان. ئەل ئارىسىدىكى يۇقىرىقىدەك رىۋايەتلەرنىڭ بولسا ئاساسى يوق، ئىسپات قىلىشقا بولمايدۇ، پەقەتلا پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ. مەيلى قايسى خىل قاراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر نۇقتا ئايانكى، يولۋاسنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئىنتايىن بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن، سەرگەردانلىق ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان، شۇڭا، كىچىكىدىن تارتىپ ياخشىچاق بولۇش، خۇشامەت قىلىش، باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر بولۇشنى ئىگىلىگەن، بىرەر ئىشقا يولۇقسا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، بۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ مەنسەپكە چىقىش مۇساپىسىدە، سىياسىي سەھنىگە كىرىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

يولۋاسنىڭ يېزنىسى ئىبراھىم بەگ ئەسلىدە قەشقەر ۋاڭ ھەرىمىدىكى مۇھىم ئادەملەردىن ئىدى. ۋاڭ ھەرىمى تەشكىلى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىبراھىم بەگ تىجارەت قىلىشقا كىرىشكەن. ئەينى چاغدا، قومۇل ئىچكىرىگە بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، نوپۇسى كۆپ، كېلىپ -

www.uyghurkitap.com

كېتىپ تۇرغانلار جىق ئىدى ھەم ئىچكىرى بىلەن ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، سودا قىلىشتىكى ياخشى جاي ئىدى. تىجارەت قىلىش مەقسىتىدە ئىبراھىم بەگ ئايالى ۋە يولۋاسنى ئېلىپ قومۇلغا كۆچۈپ كەلگەن. شۇڭا، يولۋاسمۇ قومۇل بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قومۇل يولۋاسقا ئامەت ئېلىپ كەلگەن يەر.

ئىبراھىم قومۇلغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، يولۋاسنىڭ ئاچىسى جىنەستىخان ئىنىسىنىڭ ئوقۇش ئىشىغا باش قاتۇردى. ئەينى چاغدا قومۇل ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە تۇرغاچقا، ھەممە يەر چۆلدەرەپ قالغان بولۇپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىرەر مەكتەپمۇ يوق ئىدى. جىنەستىخان ئىلاجسىز ئىنىسىنى بىر مەسچىتكە «قۇرئان» ئۆگىنىشكە بەردى. يولۋاس ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىدا شوخ، زېرەك بولۇپ، «قۇرئان» ئۆگىنىشتىن باشقا كۆپ قىسىم چاغلاردا ئاچىسىغا ياردەملىشىپ خەت ئەكىلىپ، يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ھەرجايدىن كەلگەن سودىگەرلەر، خىلمۇخىل مىللەت ۋە ئىرقلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، جۇڭگو شىنجاڭنى بىلگەندىن سىرت، يەنە بۇنىڭدىنمۇ كەڭ بىر دۇنيانىڭ بارلىقىنى چۈشەندى، بۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدا ئىنتىلىش پەيدا قىلدى. شۇڭا، «قۇرئان» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە كىلاسسىك كىتابلىرىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغالدى. ئىبراھىم يىل بويى سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەچكە، ئىدىيەسى ئازاد بولۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش سودامىغا پايدىلىق دەپ قارىغاچقا ئۇنى كۈچەپ قوللىدى. يولۋاس شۇنىڭدىن كېيىن بىر خەنزۇ ئاچقان خۇسۇسىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى، ھەممىسىنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. يولۋاس تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بىلىم ئېلىش ئارزۇسى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشتە كۆنسېرى ئالغا بېسىپ، ناھايىتى تېزلا خەنزۇ تىلىدا يازالايدىغان ئۆسمۈرگە ئايلاندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يولۋاسنىڭ بۇ تاللىشى ئۇنىڭ كېيىنكى كىشىلىك ھايات يولىنى ئۆزگەرتتى.

يولۋاس تىرىشىپ ئوقۇۋاتقان چاغدا، يېزنىسى ئىبراھىم يولۋاس خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ تىجارەت قىلىش قارارىنى چىقىردۇ. ئىبراھىم ئەسلىدە ئېلىپ - ساتارلىق بىلەن بېيىش بەكلا ئاستا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بارلىق دەسمايىسىنى چىقىرىپ بىر مۇنچە قاشتاش ۋە قىممەت باھالىق تېرە سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ سېتىپ، زور پايدا ئېلىشنى كۆزلىگەن ئىدى. مۇساپە يىراق بولغانلىقتىن خالىغان چاغدا بېرىپ كەلگىلى بولمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئائىلە بويىچە كۆچۈپ بېرىشنى قارار قىلىشتى، بۇنىڭدا، بىرى، ئۆزئارا ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى، ئىككىنچىدىن ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولۇشنى نىيەت قىلغان ئىدى. يولۋاس بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەم خۇشال بولغان ھەم قايغۇرغان. خۇشال بولغان يېرى بۇ ئىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزى ئىنتىلگەن جايلارنى كۆرۈپ كېلەلەيتتى، ھەمدە بىلىم - سەۋىيەسىنى ئاشۇرالايتتى، ئەنسىرىگەن يېرى، ھازىرقى ئوقۇشىنى ئارىلىقتا توختىتىپ قويسا يەنە قاچان مەكتەپكە كىرىشنى بىلمەيتتى. جىنەستىخانمۇ شۇنداق قاراشتا ئىدى. لېكىن ھەرقاچان، ھەر جايدا پۇل تېپىش جان بېقىشتا بىرىنچى ئىش بولغانلىقتىن ئاچا - ئىنى ئىككىيلەنمۇ ھېچنېمە دېيەلمىدى. 1900 - يىلى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1 - ئايدا، يولۋاس ئاچىسى، يېزنىسى بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار تۆگىگە مىنىپ، يۈكلەرنى ئارتىپ، ئەينى چاغدا زو زۇڭتاڭ شىنجاڭنى تىنجىتىشتا كەلگەن يولنى بويلاپ، داغدۇغا بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار چۆللۈكلەردىن، قۇملۇقلاردىن، مۇز تۇتقان دەريالاردىن ئۆتۈپ ئاستا - ئاستا ئىچكىرىگە مېڭىپ، قومۇلدىن بېيجىڭغا 4 ئايدىن كۆپرەك مېڭىپ، مىڭلىغان جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا غەربىي يۇرتتىكى چېگرا قورغىنىدىن تەخمىنەن ئايىقىدىكى(تاپىنى ئاستىدىكى) بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. ئاسمان پەلەك قوۋۇقلار، دەريا ئېقىنلىرىدەك تىنماستىن ئۆتەشىپ تۇرغان ئادەم توپىنى كۆرۈپ بۇ بىر ئائىلىلىك كىشىلەر خۇشاللىقتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئالدى قوۋۇق سىرتىدىكى بىر خالتا كوچىدىكى كىچىك دەڭگە چۈشۈپ ئورۇنلىشىپ، سودىسىنى قىلىشقا تەييارلاندى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەلىيى بەك كاج كېلىپ قالدى، بۇ چاغ دەل شىمالىي جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزغالغان يىخېتۇەن ھەرىكىتىنىڭ مالىمانچىلىقىغا توغرا كېلىپ قالغان ئىدى. ۋالىدىخان نارا يىخېتۇەننىڭ «ھېچنېمە كار قىلماسلىق»، «چىڭ سۇلالىسىغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئەجنەبىيلەرنى يوقىتىش» شوئارىدىن گاڭگىراپ قېلىپ، ھەممە يەردە چامباشچىلارنىڭ بېيجىڭغا كىرىشىنى تەشۋىق قىلىۋاتاتتى. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئىچى - سىرتىدا، يۇقىرى - تۆۋەن ھەممىلا يەردە يىخېتۇەن ئەسكەرلىرى جادۇ قىلىپ، ئەپسۇن ئوقۇشىۋاتاتتى. پۇقرالار تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، بىر يوشۇرۇن خەۋپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەككە - دۈككىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ھەممە جان قايغۇسىدا قالغان بۇنداق چاغدا، كىمنىڭ سودىغا رايى بارىدۇ؟ يولۋاس ئائىلىسى قاشتېشى، گىلەم، قىممەت باھالىق تېرىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، چوڭ بالايى ئاپەت يېقىنلىشىۋاتقان شارائىتتا، ھېچكىم سوراپ قويمىغانلىقتىن، خاتىرجەمسىزلىنىپ ئولتۇرالماي، تاماققا رايى تارتماي، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

ئۇلار سودا - سېتىق قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن يولۋاسنى يىخېتۇەننىڭ كاتتىۋېشى چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە ئېلىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت «چىڭ سۇلالىسىغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئەجنەبىيلەرنى يوقىتىش»نى ئوتتۇرىغا قويغان يىخېتۇەننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالاھىدە پەرمان چىقارغان، پەرماندا: بېيجىڭ شەھىرى ئىچىدىكى يېشى 15 تىن 35 كىچە بولغان ئەرلەر بىردەك يىخېتۇەنگە قاتنىشىپ ئەسكەر بولىدۇ دەپ جاكارلىغان. يولۋاسنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭلىق بولغاچقا، بەستلىك، ئېگىز بولغانلىقتىن، ئۇنى 15 ياشقا كىرىپتۇ دەپ تۇرۇۋالغان ھەم مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن. ئاچىسى بىلەن يېزنىسى يىغلاپ يالۋۇرۇپ يېلىنسىمۇ ئاقمىغان، ئىلاجسىز يولۋاسنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىنىچە ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قالغان.

يولۋاس لەشكەرلەرنىڭ بارگاھىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر ئۇستامدىن جادۇگەرلىك قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇش، قىلىچ - كالتەك ئوينىتىش، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. تىل جەھەتتىكى ئوقۇشماسلىق ئۇنى قىيىنىغاچقا باشقىلار بىلەن تازا ئارىلىشالمايدۇ. يىخېتۇەننىڭ باشلىقى بۇ بالىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئېسەنگىرەپ يۈرگەنلىكىنى، ھەرىكىتىنىڭمۇ قولاشمايۋاتقانلىقىنى، ئۇن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە يارىمايدىكەن دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ كەتكۈزۈۋېتىشنى ئېيتىدۇ، بەختسىزلىك ئىچىدىن بەخت كەلگەندەك بولىدۇ. ئاچىسى بىلەن يېزنىسى يولۋاسنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەينى چاغدا بېيجىڭلىقلار ئەنسىزلىككە چۆمگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئاچىسى ۋە يېزنىسى يەنە تۇرۇۋەرسە سودىسىنى قىلالمايلا قالماستىن، ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىنى پەملەپ، مەسلىھەتلىشىپ، بۇ نەس باسقان يەردىن قۇتۇلۇپ بالدۇرراق ئۆيىگە قايتىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇلار مەس-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىھەتلىشىپ، جاڭجياكو ئارقىلىق ئىچكى موڭغۇل يايلىقىغا ئۆتۈپ شىنجاڭغا بېرىۋېلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ماللىرىنى ئېلىپ ماڭىدىغان تۆگىنىمۇ ياللاپ، دەل مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان چاغدا، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى داگۇنى بېسىۋېلىپ، تيەنجىن خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ، ۋالىدىخان نارا ۋە گۇاڭشۇ خان ئالدىراپ - تېنەپ بېيجىڭدىن ئايرىلىپ، جاڭجياكو ئارقىلىق شىئەنگە بارماقچى بولىدۇ. تۆگە تارتىدىغانلارنى خان مەھرەملىرى تارتىپ كېتىپ، تۈزۈشكەن توختاملار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مەسلىھەت قىلىپ بولغان ئىش يەنە پۈتمىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىلاجسىز يولنى ئۆزگەرتىپ ماڭماقچى بولىدۇ. ئەينى چاغ مالىمانچىلىق چىقىۋاتقان ئەنسىز زامان بولغاچقا، ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئىدى، شۇڭا يولۋاس ئاچىسى ۋە يېزنىسىگە ئەگىشىپ ئىزچىل جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ئەپقاچتى گەپلەردە بىر قەدەر بىخەتەر دېيىلىۋاتقان يەرگە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار يول بويى سودا - سېتىق قىلىپ ماڭىدۇ، گەرچە پارچە - پۇرات ماللارنىڭ تىجارىتىنى قىلىپ ماڭسىمۇ چوڭ ماللىرىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ. خۇنەننىڭ چاڭشاغا كەلگەندىن كېيىن، گۇاڭجۇغا بېرىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ يول خىراجىتى يېتىشمەي، ئىلاجسىز چاڭشادا تۇرۇپ قالىدۇ.

يولۋاس ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چاڭشادا بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالىدۇ، تىجارىتى تازا ئاقمايدۇ، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە جان باقماقمۇ تەسلىشىپ كېتىپ، پەقەت شىنجاڭدىن كەلگەن يۇرتداشلىرىدىن ئۆتنە - يېرىم قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. 1901 - يىلى شىنچوۋ شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىدۇ، ئۇزاق مەزگىل چاڭشادا تۇرۇپ قالغان يولۋاس ئائىلىسى شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا شىمالغا مېڭىپ شىئەنگە بېرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا شىئەندە تۈرلۈك كەسىپلەر يەنىلا كاسات بولۇپ، ئۇلار بىللە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ئوخشاشلا سېتىپ چىقىرالمايدۇ. قىش يېقىنلىشىپ قالغاچقا ئامالسىز بۇ ئەتىۋار ماللىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇلارنىڭ ماللىرى ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى قاشتېشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 20 نەچچە جىڭ ئىدى، مۇبادا ئاۋات، باياشات زامانلار بولغان بولسا باھاسىز گۆھەر ھېسابلىناتتى. بىراق شۇ چاغدا ئۇنى بىر دۆۋە چىرىگەن ئالمىنىڭ باھاسىدا سېتىۋېتىدۇ. شۇ يىلى باش قىشتا بۇ بىر ئائىلىلىك كىشىلەر غەم - ئەندىشە بىلەن غەربكە ماڭىدىغان كونا يولدا يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

بۇ قېتىمقى سىرتقا چىقىشقا ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئەسلىدە جىق پۇل تېپىپ، ئۇ يەر بۇ يەرنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئىككى ئارزۇسىدىن بىرىمۇ ئىشقا ئاشماي، دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇن جاپا تارتىدۇ، بېيجىڭغا ئون مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ بېرىشى خۇددى يىخېتۇەنچىلەرگە نەچچە كۈن سىرلىق ئەسكەر بولۇش ئۈچۈندەكلا بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى يىللىق رىيازەت كىچىك يولۋاسقا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا بىر ئىشقا يولۇققاندىكى زېرەكلىكى، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىشى، خەقنىڭ مۇددىئاسىنى ئاسان بىلىۋېلىشقا ماھىر بولۇشى بۇ قېتىمقى رىيازەتلىك سەپەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## ياڭ زېڭشىنغا تاسادىپى ئۇچراپ قېلىپ، مەنسەپ يولىغا ئاتلىنىش

بۇ قېتىمقى زىيان چىققان سودا يولۋاسقا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەرز بولۇپ قالغان-

لىقتىن ئاچىسى بىلەن يېزنىسى ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇتالمايدۇ، ئۇ ئىلاجىسىز ئۆزىگە تايىنىدۇ. ئۇ مېۋە - چېۋە سودىسىنىڭ خېلىلا پايدىسى بارلىقىنى پەملەيدۇ. ئەينى چاغدا قومۇل شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بېرىشتا جەزمەن ئۆتمىسە بولمايدىغان ئۆتەڭ ئىدى. كېلىپ - كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەر مۇشۇ يولدىن ئۆتمەي قالمايتتى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىقتا چىداشمۇ تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇزىنىڭ داڭقى بولغاچقا، شەھەرگە كىرگەن سودىگەرلەرنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى قومۇل قوغۇنى سېتىۋېلىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئىدى. يولۋاس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەپلىك جايدىن بىرنى تېپىپ ئۇ يەردە باققاللىق قىلىشقا باشلايدۇ. دەسمايىسى بولمىغاچقا ئۇ نېسىگە ئېلىپ ساتىدۇ. شىنجاڭدا قوغۇن - تاۋۇز تەڭ پىشىپ بىراقلا بازارغا سېلىنىدىغان بولغاچقا، ئىگىلىرى ئۇنى قولىدىن چىقىرىشقا ئالدىرايتتى. يولۋاس ساتارمەنلەرنىڭ مۇشۇ خىل پسىخىكىسىنى چىڭ تۇتۇپ، نېسىگە ئېلىپ نەق سېتىپ، ئۆزىدە تىيىن چاغلىق پۇل بولمىسىمۇ يەنىلا پايدا ئالىدۇ. ئۇ ئىككى يىل ئىچكىرىدە تۇرغان بولغاچقا، خەنزۇچىنى ئوبدان سۆزلەيتتى، ھەم زېرەك بولغانلىقتىن كۆزىتىشكە ماھىر ئىدى، ئوخشاش نەرسىنى باشقىلاردىن ياخشىراق ساتالايتتى، قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇ نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ. يېزنىسى بىلەن ئاچىسى ئۇنى ئوقۇتالمىغانلىقتىن دائىم ئەپسۇسلىناتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنى جىق پۇل تاپالايدۇ دەپمۇ ئۈمىد قىلمايتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ بازار خەرجىنى تېپىپ، ئۆيىنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەتسىلا شۇنىڭغا قانائەت قىلىشاتتى. ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئېقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن سۆيۈنۈپ، ئۇنى ماختاپ كېتىشىدۇ، بۇ يولۋاسنىڭ سودا قىلىپ پۇل تېپىش ئىشەنچىسىگە زور ئىلھام بولىدۇ.

قوغۇن - تاۋۇز سېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن، يولۋاسنىڭ ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۆپىيىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ۋاكالىتەن مال ئېلىپ قويىدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پەقەت بىر يىل ئىچىدىلا، بىر تىيىن پۇلىمۇ يوق گادىي باققالدىن بىر ئېغىز دۇكىنى بار تۈرلۈك ماللار سودىگىرىگە ئايلىنىدۇ. 17 ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇ قومۇلنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن بىرى بولغان داشىزىدىن ئۈچ ئېغىز دۇكان سېتىۋېلىپ، دۇكانغا «فۇشىڭدې» (福胜德) دەپ نام قويۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى ۋىۋىسكا ياستىپ، جىددىي تەرزدە تۈرلۈك ماللار سودىسى قىلىشقا باشلايدۇ.

«فۇشىڭدې»نىڭ كۆلىمى كېڭەيگەنلىكتىن، مال تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ، يولۋاس قومۇل ۋاڭ مەھكىمىسى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا باشلايدۇ. كېيىن ۋاڭ مەھكىمىسى ئىشلىتىدىغان چاي، قەنت - گېزەك، كىيىم - كېچەك، رەخت شۇنداقلا ئاياللار بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى يولۋاس ھۆددىگە ئالىدۇ. ئالاقىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ تەدرىجىي شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ خىل قويۇق ئالاقە كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ مەنسەپ تۇتۇش يولىغا ئاساس سالىدۇ.

سودا جەريانىدىكى بىر ئالاھىدە پۇرسەت يولۋاسنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. 1910 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى يولۋاسنىڭ دۇكىنىغا ناتونۇش بىر خەنزۇ خېرىدار كېلىدۇ، ئۇ مال سېتىۋېلىپ پۇل تۆلەش ئارىلىقىدا، دۇكان خىزمەتچىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، دۇكان غوجايىنىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئارقىدا ھېساب قىلىۋاتقان يولۋاس بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ ئۇ خېرىدارغا سالام قىلىدۇ. خېرىدار يولۋاسنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى ھەمدە خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ئۇنى ماختاپ كېتىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە قومۇل ناھىيە ئامبىلى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەپ بولالماسلىق ئىشىنى سورايدۇ. يولۋاس بۇ ئادەتتىكى خېرىدارنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمەيدۇ، ئۇ

www.uyghurkitap.com

دەل كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭدا زور تەسىر قوزغىغان ياڭ زېڭشىن ئىدى.

ئەسلىدە، قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلار ھەر ئايدا ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ئۈچ كۈن ئالۋانغا ئىشلەيدۇ دېگەن بەلگىلىمىسى بار ئىدى، بۇ بەلگىلىمىگە يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولۇپ، ھەممە كۆنۈكۈپ تىنچ ياشاۋاتقان ئىدى. شاھ مەخسۇت ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ھەر ئايدا ئىككى كۈن ھاشارنى كۆپەيتىشنى قارار قىلىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن نارازىلىق بىلدۈرۈپ ۋە ئەرز سۇنۇپ، ھاشارنى كۆپەيتىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئەينى چاغدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىدە: يەرلىك ئامبال مەھكىمىسى ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويسا بولاتتى. ناھىيەلىك ئامبال مەھكىمىسىدىكى لى ئامبال ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنى باشقۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەت يولى ئېچىلمايۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى تەلەپ قويۇشقا، جېدەل چىقىرىشقا ئاستىرتتىن قۇترىتىدۇ، ئۇلارنى ۋاڭ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق ھوقۇقنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ مەھكىمىسى بىلەن ناھىيەلىك ئامبال مەھكىمىسى ئارىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. بەزىلەرنىڭ باشقۇرۇپ تېزگىنلىشى بىلەن ئىشلار تەلەپ قىلىشتىن غەليان كۆتۈرۈشكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. باش مۇپەتتىش يەن داخۋا دوكلاتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قومۇل مۇھىم قاتناش تۈگىنى، ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ياڭ زېڭشىن گەنسۇدىن پەرمانغا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ ئاقسۇنىڭ دوتەيلىكىگە تەيىنلىنىدۇ، ئۇ قومۇلدىن ئۆتۈشىدە، يەن داخۋا بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ، ياڭ زېڭشىن قومۇلغا كەلگىنىدە يوشۇرۇنچە تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ.

يولۋاس ئۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ بېرىدۇ:

— ھاشار ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگە كۆپەيتىلدى، ئەلۋەتتە، ئاۋام كۆپ بولغىنىدىن ئاز بولغىنىنى ياخشى دەپ قاراشتى. بىراق ئاۋام پۇقرا شاھ مەخسۇت ۋاڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئىككى كۈن كۆپىيىپ قالغانلىقىغا ھېچنېمە بولمايدۇ دەپ قارىشىدۇ. ناھىيە ئامبال مەھكىمىسىدىكى لى ئامبال ھوقۇق تارتىۋېلىش نىيىتىدە بولغاچقا مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. — ئۇ ئارىلىقتا ئۆز قاراشلىرىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. يولۋاس بۇنى پەقەت خېرىدارنى كۈتۈش جەريانىدىكى مۇنداقلا پاراڭ دەپ قارىغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئەتىسى لى ئامبال ئۇنى ناھىيە يامۇلىغا تەرجىمان بولۇشقا چاقىرتىدۇ.

يولۋاس نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ، ئۇ كۆڭلىدە يامۇلدا تەرجىمان بار تۇرسا، نېمىشقا مېنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغاندۇ دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ناھىيە ئامبىلىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان پەرمانىنى كۆرۈپ، بارماسلىققا پېتىنالمايدۇ. يامۇلغا بارغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ۋاڭ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق ھوقۇقنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېلىپ بېرىش ئەرزىنى سورايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ناھىيە يامۇلىدىكى تەرجىماننىڭ لى ئامبال بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ئادەم ئالدىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ياش، زېرەك دۇكاندارنى تەرجىمانلىق قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشتىن ئاۋۋال كۆڭلىدە سان بولغاچقا، يەنە يولۋاس ئاۋام ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىنى ئەينى بويىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن بولغاچقا، دېلو ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكمىدەك بولۇپ، ناھايىتى تېزلا ئا-

خىرلاشتۇرۇلۇپ، ئۆلكىگە مەلۇم قىلىنىدۇ. يۈەن داخۇ ياڭ زېڭشىننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا ھۆكۈم قىلىپ، جېدەل چىقارغان ئاممىغا ياخشى گەپ سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىدۇ. لى ئامبالغا ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشى مۇۋاپىق بولمىغان دەپ تەنبىھ بېرىدۇ، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يولۋاس مەقسەتسىز ھالدا ياڭ زېڭشىننىڭ بىر دېلونى ئېنىقلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. لېكىن ئەينى چاغدا ئۇ ئۆزىگە نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىك تېپىۋالغان. ياڭ زېڭشىن كەتكەندىن كېيىن، لى ئامبال ئاۋۋال يولۋاسنى چاقىرىپ سەۋەبسىز تەنبىھ بېرىدۇ، ئارقىدىن ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى نەرسىلەر ئون نەچچە ئۇيغۇر ياش تەرىپىدىن ئۇرۇپ چېقىۋېتىلىدۇ. يولۋاس كۆڭلىدە بۇ ئادەملەرنى ئەزەلدىن تونۇمايدىغان تۇرسام چوقۇم بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلايدۇ. بىرىنچىدىن، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ، كەسىپداشلىرىنىڭ ھەسىتىنى قوزغاپ قويغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، لى ئامبال ۋاڭ مەھكىمىسى دېلوسىدا تەنقىد ئاڭلىغانلىقتىن، ئۇ ئۇچىنى ئېلىۋاتىدۇ دەپ ئامالسىز ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۈن چىقارمايدۇ.

يولۋاس ئېچىۋاتقان «فۇشىڭدې» قومۇلدا نامى چىققان دۇكانلارنىڭ بىرى بولغاچقا، دۇكاننىڭ ئۇرۇپ ـ چېقىلغانلىقى شەھەرنى زىلزىلىگە سالغان خەۋەرگە ئايلىنىپ، شاھ مەخسۇتنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. بىر كۈنى شاھ مەخسۇت مال سېتىۋېلىش نامى بىلەن يولۋاسنى مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ. ئارقىدىنلا يەنە ياڭ دوتەينىڭ دېلونى سوراش جەريانىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. يولۋاس يېقىندىن بۇيان ھەممىلا يەردە ئىشى ئوڭغا تارتمىغانلىقتىن، ئۇچرىغان ئۆۋالچىلىقىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالماي يۈرگەچكە، شاھ مەخسۇتقا ياڭ زېڭشىن بىلەن تونۇشۇش جەريانى ۋە ئېغىزچە تەرجىمانلىق قىلغان چاغدا لى دارىننىڭ ئىشارەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئىشنىڭ ھەقىقىي جەريانىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ رولىنى كۈچەپ مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە لى ئامبالنىڭ خۇسۇسىي ئۆچىنى ئالغانلىقى ھەققىدىكى پەرىزىنى دەپ ئۆتىدۇ. ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈش دېلوسىدا ئۆزىگە پايدىلىق ھۆكۈمگە ئېرىشكەنلىكتىن شاھ مەخسۇت ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئادىل، شەخسىيەتسىزلىكىگە مىننەتدارلىق ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يولۋاسنىڭ ئادالەت يولىدا ھەق سۆز قىلغانلىقىغا چوڭقۇر ئاپىرىن ئېيتىدۇ. ئۇ يولۋاسقا بىر ھازا تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن:

— سىزنىڭ سودىڭىز ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ ئىشى بىلەن تەسىرگە ئۇچراپتۇ، ئوردىمىزغا كېلىپ ئىشلەشنى خالامسىزكىن؟ — دەپ سورايدۇ.

بۇ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بەختتىن يولۋاس ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇ بەقەسەم تونلارنى كىيىشىپ يۈرىدىغان ۋاڭ ئوردىسى ئەمەلدارلىرىغا خېلىدىن بېرى ھەۋەس قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار بىلەن ئوخشاش سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيتتى. لېكىن ئۇ نەق مەيداندىلا جاۋاب بېرىۋەتسە، يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. يولۋاس گەرچە بەكلا ياش بولسىمۇ، لېكىن مۇرەككەپ ھاياتتا ھەر خىل ئىشلارنى كۆرگەن ۋە سودا ساھەسى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇنى ئىشلارغا يولۇققاندا ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئۆگەتكەن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقتىن قورقمايدىغان دۇرۇس ئوبرازىنى ئىپادىلەپ، ۋاڭ غوجامدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزىقىشىنى يوشۇرۇپ، خىجالەت بولغان ھالدا:

— ۋاڭ ئوردىسى بىلەن ناھىيە ئامبال يامۇلىنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لى ئامبال ئەمەل تۇتۇۋاتقان چاغدا، مېنىڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىنى قىلىشىم بىئەپ، ئۇنى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

داق قىلسام مەن ۋاڭ ئوردىسىغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىمەن، — دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ شاھ مەخسۇت ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ:

— ۋاڭ ئوردىسى سىزنى ھەرقاچان قارشى ئالىدۇ، — دەيدۇ.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتقى بولۇپ، لى ئامبالنى قومۇلدىن يۆتكىۋېتىدۇ. شۇ يىلدىكى روزا ھېيتتا شاھ مەخسۇت يولۋاسنى 5 - دەرىجىلىك بازار بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بەخت بىلەن بالا - قازا ھەمىشە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىر يىلدىن بۇيان، يولۋاس لى ئامبالنى رەنجىتىپ قويغانلىقتىن، نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققان بولسا، ئەمدىلىكتە جەبىر - جاپادىن قۇتۇلۇپ، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشىپ، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن ئۇۋالچىلىقلىرىمۇ تۈگەپ، زىيانلىرىمۇ تولۇقلىنىدۇ. يولۋاس روھلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ دۇكاننى ئۆتكۈزىۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا قومۇلدىن جىقلا تېرىلغۇ يەر سېتىۋېلىپ، زېمىنىسىدىكى يۈكنى يەڭگىللىتىپ، ۋاڭ ئوردىسىغا ئەمەلدار بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چۈشىدىمۇ تىلەپ تۇرغان ئەمەلدار بولۇش يولىغا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن يېقىنلىشىدۇ.

بازار بېگى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سودا ئىشلىرى بويىچە سېتىۋېلىشقا مەسئۇل ئەمەلدارى بولۇپ، دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بىلەن، لېكىن پايدىسى كۆپ ئىدى. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلار ھېيت - بايراملاردا شېرىنكانە ئالغان پۇللىرىدىن بىر قىسمىنى چىقىرىپ، ئۆزىدىن نىسبەتەن يۇقىرى ۋەزىپىدىكى ئەمەلدارلارغا ساداقەت ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. يولۋاس بۇ خىل قائىدىنى ئوبدان بىلسىمۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۆزگىچە ئىش كۆرۈپ، شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۈچۈن تىرىشىپ تېجەشلىك بولۇپ، سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى دائىم ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ، شاھ مەخسۇت ۋاڭنى يىگىت زېرەك، ئىشچان بولۇپلا قالماستىن يەنە تېخى سادىق، ئىشەنچلىك ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. يولۋاسنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ، كۆپچىلىك بۇرۇن ئېلىپ تۇرغان «ھېيتلىق»لارنى ئالالماي قالغانلىقتىن، شاھ مەخسۇت ۋاڭغا ئارقا - ئارقىدىن تەكلىپ سۇنۇپ، يولۋاسنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىپ كۆزدىن يوقىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئويلىمىغان يېرى شۇ بولدىكى ئۇ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغان بىلەن بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغان ئىدى، شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ كۆڭلىگە يولۋاسنىڭ يوچۇقلارنى ئېتىۋەتكەنلىكىدىن بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ يىلى قۇربان ھېيت بولغان كۈنى، ئۇ ھېيت پەتىسىگە كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدىلا يولۋاسنى 4 - دەرىجىلىك باش دورغا بەگلىككە تەيىنلەيدۇ. ئۇ ھازىرقى ئورگانلاردىكى ئىشخانا مۇدىرىغا تەڭداش كېلىدىغان ئەمەل ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ بىر قوللۇق باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ چاغ دەل 1913 - يىلى بولۇپ، 24 ياشقا كىرگەن يولۋاس تۇنجى قېتىم باشلىقىغا يالاقچىلىق قىلغانلىقنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ، ھەمدە ئويلاپمۇ باقمىغان خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، يولۋاس ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، چەبدەسلىكى، شارائىتقا بېقىپ ئىش كۆرۈشكە ئۇستىلىقى بىلەن شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالدى، ھەم نۇرغۇن ئەسكەرىي كۈچنى ئاتلاندۇرۇپ ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يەر ئىجارىسىنى يىغىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئاۋامنىڭ بەگلىككە ھاشارغا چىقىشىنى مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ ھاشارغا چىقىش ۋاقتى تەدرىجىي ھالدا 5 كۈندىن 4 كۈنگە قىسقىرايدۇ، 4 كۈندىن 3 كۈنگە ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، 1922 - يىلىغا بارغاندا يەنە قىسقىراپ 2 كۈنگە چۈشۈرۈلىدۇ. يالغۇز شاھ مەخسۇت ۋاڭلا ئۇنى ماختاپ قالماي، قومۇل خەلقىمۇ ئو-

نى پۇقرالار ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، 1924 ـ يىلى، ئۇ يەنە 3 ـ دەرىجىلىك بەگلىككە كۆتۈرۈلىدۇ.

3 ـ دەرىجىلىك بەگ ئاساسلىقى ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت ۋە مائارىپ، دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن، يولۋاس ھەمىشە ۋاڭ مەھكىمىسىگە ۋەكىل بولۇپ، ئۆلكە مەركىزىگە كۆرۈشكىلى بارغاچقا، ياڭ زېڭشىنمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ قوياتتى، شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل جەريانىدا قومۇل ۋاڭ مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، ھەممە ئىشلىرى راۋان يۈرۈشكەن، شاھ مەخسۇتمۇ ئۇنى بارغانسېرى ئەتىۋارلاشقا باشلىغان. 1927 ـ يىلى، شىنجاڭدا ئاپتوموبىل ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قاتناش تىرانسپورتى يولغا قويۇلىدۇ، ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ زېڭشىنىنىڭ ئالاھىدە قارىشى بىلەن يولۋاس قومۇل ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ نايىپ ئىش بېجىرگۈچىلىكىگە تەيىنلىنىپ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۆتەشكە باشلايدۇ. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، يولۋاس يەنە قومۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيون كاماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، قومۇلدىكى ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانىغا ئايلىنىپ، يەرلىكنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ. يولۋاس يەنە نۇرغۇن قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، قومۇلدىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق ئەربابلاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن يولۋاسنىڭ شاھ مەخسۇت ۋاڭ ۋە ياڭ زېڭشىنىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1928 ـ يىلى، ياڭ زېڭشىن قەستكە ئۇچراپ ئۆلىدۇ. جىن شۇرېن شىنجاڭنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە خەلقنىڭ ئىنكاسىغا پەرۋامۇ قىلىپ قويماي، ھوقۇقنى كېڭەيتىشكە ۋە مال ـ بىسات تويلاشقا باشلاپ، قومۇل ۋاڭى بىلەن بولغان ئالاقىسىدا يىراقلىشىش پەيدا قىلىدۇ. شاھ مەخسۇت جىن شۇرېننىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1929 ـ يىلى يولۋاسنى 2 ـ دەرىجىلىك بەگلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ۋاڭ مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتلەردە شەنشى، گەنسۇلاردا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، گەنسۇ پۇقرالىرى ھايات قېلىش ئۈچۈن، 1928 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1929 ـ يىلى ئەتىيازغىچە، توپ ـ توپ بولۇپ شىنجاڭغا چىقىشقا باشلايدۇ. يېڭىدىن ئۆلكە رەئىسلىكىگە ئولتۇرغان جىن شۇرېن گەنسۇنىڭ خېجو ئايمىقىدىن بولۇپ، يۇرتداشلىرىغا خەيرىخاھلىق قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان بۇ كىشىلەرنى قومۇل ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ ئولتۇراقلىشىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەر يەرلىكنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە، ئۇدۇل كەلگەن يەرلەرنى ئېچىپ، يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرىشىغا ئۇچرايدۇ. ناھىيە يامۇلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مايىل بولغانلىقتىن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىق پىكرى چىقىپ، ۋاڭ مەھكىمىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەرز قىلىشقا باشلايدۇ. شاھ مەخسۇت يولۋاسنى ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ سۆزلىشىپ كېلىشكە ھاۋالە قىلىدۇ.2 ـ دەرىجىلىك بەگ ۋاڭ مەھكىمىسىدە بىر ئادەمدىن قالسىلا قالغان ھەممىسىدىن يۇقىرى دەرىجە ئىدى. يولۋاس بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىدىن مىننەتدار بولغاچقا، دىخۇا(ئۈرۈمچى)غا بېرىپ، جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ كېلىشكە خۇشاللىق بىلەن ماڭىدۇ. جىن شۇرېننى ئەينى چاغدىكى ياڭ زېڭشىن بىلەن قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، ئۇ يەرلىكتىكى يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماي، ئىزچىل ئۆزىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆتىنىشلەرنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، تېخى يولۋاسنى ئەيىبلەپ، شاھ مەخسۇت ۋاڭغا

www.uyghurkitap.com

بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يولۋاس قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆرۈشۈش ئەھۋالىنى تەپسىللىي مەلۇم قىلغاندا شاھ مەخسۇت غەم - قايغۇ ئىچىدە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشى چوڭىيىپ قالغانلىقتىن، ئاخىر كېسەل بولۇپ ساقىيالماي، 1930 - يىلى 6 - ئايدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ.

## قومۇلدىكى ئۆزگىرىش، ما جوڭيىڭنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرىش

ئادەت بويىچە، شاھ مەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ئوغلى ۋارىسلىق قىلاتتى. دەل مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە، شاھ مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر جىددىي تەييارلىقتا چۈشۈپ، بىر تەرەپتىن ناھىيە يامۇلى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئالاقە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇپ تەستىقلاتماقچى بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇراسىم ئىشلىرىنى پىلانلاپ تەييارلىققا كىرىشىدۇ. ئەمما جىن شۇرېننىڭ خىيالى باشقىچە ئىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن باشلاپلا قومۇل ۋاڭ مەھكىمىسى گويا ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندەك ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شاھ مەخسۇتنىڭ ئۆلۈمىنى ۋاڭلىق تۈزۈمىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا، باج مەنبەئەسىنى كېڭەيتىپ، مالىيە كىرىمى ئاشاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ۋاڭ مەھكىمىسىگە تەۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلار نەزەرنىڭ پەزىلىتى ۋە تۇرمۇشتىكى يامان ئادەتلىرىدىن نارازى بولۇپ، ۋاڭ مەھكىمىسىنى تارقىتىۋېتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى لىيۇ شىسىڭمۇ بىر قىسىم ئاممىنى ئەرز سۇنۇپ تەلەپ قويۇشقا ئاستىرتتىن قۇترىتىدۇ. جىن شۇرېن تىلەپمۇ تاپالمايدىغان بۇنداق پۇرسەتنى قانداقمۇ قولدىن بېرىپ قويسۇن؟ شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر پارچە ھۆكۈمەت بۇيرۇقى ئېلان قىلىپ، ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپ، يەر - سۇلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەسلىدىكى ۋاڭغا قاراشلىق رايونلارنىڭ ھوقۇقى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان قومۇل، بارىكۆل، ئاراتۈركتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. نەزەر ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ، جىن شۇرېن بىلەن يۈز تۇرا كۆرۈشۈپ ئۆزىگە بېرىلىدىغان مەرتىۋىنى تېزراق ھەل قىلىش ئۈچۈن، كاتتا سوۋغات تەييارلاپ جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. نەتىجىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى دېگەن ئۇنۋان بىلەن دىخۇادا تۇرغۇزۇلۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يولۋاسمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى نامى بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ دىخۇاغا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ۋاڭ مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى يەرلەرنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا، جىن شۇرېن قومۇلغا ئەۋەتكەن قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، زور كۆلەمدىكى مۇنبەت ئېتىزلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولىدۇ، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق قىلغاچقا، يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ نارازىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار ئارىسىدا جىن شۇرېن ئورۇنلاشتۇرغان گەنسۇدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن يەر تالىشىش كېلىپ چىقىپ نارازىلىق كۆرۈلگەنىدى، ئەمدى ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ زور كۆلەمدىكى مۇنبەت يەرلىرىنى ئەمەلدارلارنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋاڭ ئوردىسى ئەزالىرى ۋە ۋاڭ ئوردىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ھەر دەرىجىلىك كاتىۋاشلارنىڭ جېنىنىڭ بارىچە قۇترىتىشى بىلەن جىن شۇرېننىڭ زوراۋان ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالىدۇ.

1912 - يىلىلا، قومۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن، تۆمۈر خەلپەنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. قوزغىلاڭچى قوشۇن تۆمۈر خەلپىنىڭ رەھبەرلىكىدە تاغلىق رايونلارنى بازا قىلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا، ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ قورشاپ قىلغان ھۇجۇمىغا زەربە بېرىپ، نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەينى چاغدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى ۋاڭ ئوردىسى بولۇپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقانىدى، كېيىن ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپىنى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىپ ئاندىن قوزغىلاڭنى تىنچلاندۇرغان ئىدى. ھازىر، ئوخشاشلا مۇشۇ رايوندىكى دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر (جۈملىدىن نەزەرمۇبار)نىڭ باشقۇرۇشى بىلەن جىن شۇرېنغا تاقابىل تۇرماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەل قەلبىگە ياقماي قالغان ئىدى.

1931 - يىلى، بىر قېتىملىق تاسادىپى ۋەقە تۈپەيلىدىن دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاخىر يانار تاغ پارتلىغاندەك پارتلىدى. بۇ مۇنداق ئىش ئىدى: قومۇل كىچىك قاراۋۇلخانىدا تۇرۇشلۇق ئىزۋۇد كوماندىرنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، قىزنىڭ ئاتىسى يالغاندىن قوشۇلغان بولۇپ، توي مۇراسىمىدا، مەست بولۇپ خۇدىنى بىلمەي قالغان ئىزۋۇد كوماندىرى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. ئەينى چاغدا يەرلىك پۇقرالارنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ ئاران تۇرغاچقا، تۇرۇشلۇق ئىزۋود كوماندىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان قوزغىلاڭ خۇددى دومىنو قارتىسىدەك ھەممە ياققا كېڭىيىپ، قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقان ئورۇنلار 15 تىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە، 1912 - يىلى ۋاڭ ئوردىسىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان، كېيىن ۋاڭ ئوردىسى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان غوجىنىيازھاجى قوللاشقا ئېرىشىپ، توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ تەسىرى زور داھىيسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

جىن شۇرېن قوزغىلاڭ يۈز بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەي، دەرھال باستۇرۇشقا قوشۇن چىقىرىپ نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بىر قىسىم يامان نىيەتتىكى كىشىلەر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مۇددىئاسىغا خىلاپلىق قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىزارلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، «ۋاڭلىق تۈزۈم»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىياسىي شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەمدە مىللىي كەيپىياتنى قوزغىتىدۇ. ۋاڭ ئوردىسى ئەزالىرى ۋە سابىق ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار بۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدۇ، ئۇلار ھەرىكەتلىرىدە جىن شۇرېن قاتارلىق ھۆكۈمرانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بارلىق خەنزۇلارغا قاراتقان بولغاچقا، ئۆلكە ئارمىيەسى ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇن ئارىسىدا ئۆزئارا ئۆچ ئېلىش زورىيىپ، جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇشنى باش مەقسەت قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تەدرىجىي بىر مەيدان قانلىق ئۆچ ئېلىشقا ئايلىنىپ نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر قۇربانلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەينى چاغدا يولۋاس ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، ھوقۇق - مەرتىۋىسىمۇ ئۆسكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاڭ ئوردىسىدا بىرنەچچە يىل ئەمەل تۇتقان بولغاچقا، مال - مۈلۈكىمۇ خېلى يېتەرلىك ئىدى. دەسلىپىدە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار تەرەپتە تۇرمايدۇ. ئۇ تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ليۇ شىزېڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالار بىلەن سۆزلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، قورال تاپشۇرسىلا باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جىن شۇرېن باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدى-

www.uyghurkitap.com

غانلىقىنى ھېس قىلىپ، يولۋاسنىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قومۇل گارنىزونىنىڭ بىرگادا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ، دىۋىزىيە كوماندىرى لىيۇ شىزېڭغا ھەمكارلىشىپ، پۇقرالارنى تىنچلاندۇرۇپ، ۋەقەنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاس جىن شۇرېننىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ باستۇرۇش تەدبىرلىرىگە نارازى بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئاستىرتتىن بىر قىسىم ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ياردەم قىلىدۇ، جىن شۇرېنغا بولسا پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى دەڭسەپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ۋەقەنى بېسىقتۇرۇپ كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، تىنچلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.

لېكىن جىن شۇرېن يولۋاس ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى قوزغىلاڭچى ئاممىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە يەنە ئاقسۇنىڭ سابىق مەمۇرىي باشلىقى جۇ رۇيچىنى دىۋىزىيە كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ قوشۇن باشلاپ بېرىپ باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يولۋاسنى مەخپىي نازارەت قىلىدۇ. يولۋاس جىن شۇرېننىڭ ھېلى دېگەن گېپىدىن ھېلى يېنىۋالىدىغان تۇتۇرۇقسىزلىقىدىن ۋە گۇمانخورلۇقىدىن ئىنتايىن بىزار بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ زورلۇق كۈچكە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ ھەدېسىلا قىرغىن قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تاقەت قىلالمايۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پايلاقچىلارنىڭ نازارىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قومۇلغا مەخپىي قېچىپ بېرىپ، نەنجىڭگە بېرىپ مەركەزگە ئەرز قىلىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ. شەرققە قېچىپ مېڭىپ خاتا ھالدا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ گازارمىسىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇلار يولۋاسنى سېپىمىزگە قوشۇلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنى گازارمىدا قېلىپ ئۆزلىرىنى باشلاپ جىن شۇرېننىڭ ئۆلكە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى چاغدا يولۋاس ئۆز تەشەببۇسىنى نەق مەيداندىلا ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ: مەن نەنجىڭگە بېرىپ، جىن شۇرېننىڭ ئۆكتەم، زالىملىقىنىڭ قوزغىلاڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، بىگۇناھ پۇقرالارنى كەلسە ـ كەلمەس ئۆلتۈرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىمەن، مەركەزدىن جىن شۇرېننى قايتۇرۇپ ئەكېتىشنى، مۇشۇنداق قىلسىلا قان تۆكۈلۈشتىن ساقلانغىلى ۋە جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرۈپ يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلتىجا قىلىمەن دەيدۇ.

بۇ يەردىكى خەلق يولۋاسنىڭ قاراشلىرىنى تولۇق قوللاپ، ئۇنىڭ تېزراق نەنجىڭگە بېرىپ مەركەزدىكى چوڭ ئەمەلدارلارغا بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ.

1931 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يولۋاس نۇرغۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، گەنسۇنىڭ سۇجۇ (جيۇچۈەن) دېگەن يېرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ سارايغا كېلىپ ياتاققا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا، سارايۋەن تەق ـ تۇرقى سۇرلۇك بىر ئوفىتسېرنى باشلاپ كىرىپ كېلىدۇ، يولۋاس ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ھېلىقى ئوفىتسېر تەكەللۇپ بىلەن ئېغىز ئېچىپ:

بىزنىڭ ما سىلىڭ سىزنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، دېگەچ بىر پارچە كارتىنى ئۇنىڭغا سۇنىدۇ، كارتىغا ئېنىق قىلىپ «مەركەز قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى 36 ـ دېۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى ما جوڭيىڭ» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئۇ شۇندىلا ئالدىدا ئۆرە تۇرغان بۇ كىشىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان غەربىي شىمالدا رىۋايەتلەردىكىدەك داڭ چىقىرىپ داۋراڭ بولۇپ يۈرگەن «بالا» سىلىڭ ما جوڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ، ئۆزۈندىن بۇيان «بالا»(گا) سىلىڭنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ بېقىشنى ئويلايدۇ. ئۇ يەنە مەن ئۆزۈمنىڭ سەپەر يۆنىلىشىنى بىرەرسىگە دېمىگەن تۇرسام ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ دېگەنلەرنى ئويلايدۇ.

ھېلىقى ئوفىتسېر خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا:

— يولۋاس بەگ، ئەنسىرىمىسىلە، بىزنىڭ ما سىلىڭ سىلىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقلىرىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تېپىپ بولغان، بارغاندىن كېيىن ھەممىنى چۈشىنىپ قالىلا، — دەيدۇ.

يولۋاس ئۇنىڭ بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 36 - دىۋىزىيەسىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىدا بالا سىلىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. تاماقتىن كېيىنكى پاراڭدا يولۋاس ئاندىن ما جوڭيىڭنىڭ يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن قارا نىيىتىنىڭ بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى، يېقىندا جياڭ جېشىنىڭ ئۇنى مەركەز قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ 36 - دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، جيۇچۇەننى موداپىئە رايونى قىلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي غەربىي شىمالدىكى «بەش ما فامىلىلىك»نىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ، تەبىئىيكى ئۇلار باشقىلارنىڭ قەدەم بېسىشىغا يول قويمايتتى، «بەش ما»غا ئوخشاش بىر تەرەپنىڭ زوراۋان باسقاق بېگى بولۇش ئۈچۈن پەقەت شىنجاڭلا ئەڭ مۇۋاپىق جاي ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ دىققەت - نەزىرىنى بۇرۇنلا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىنغا قاراتقان ئىدى. قومۇل قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ھەرقانداق ئۇششاق - چۈشەك ئىشلارمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كۆز-قۇلاق ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. يولۋاسنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخباراتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا يولۋاس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى كېلىشتىكى مەقسىتى، نىشانىنى ئېنىق ئىگىلەپ، جيۇچۇەنگە كېلىشى بىلەنلا ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن.

يولۋاس ئۆزىنىڭ نەنجىڭگە بېرىپ مەركەزنىڭ جىن شۇرېننى ئالماشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ما جوڭيىڭ دەرھال ئۇنىڭغا:

— مەركەز پۈتۈن مەملىكەتنى ئەمدىلەتىن بىرلىككە كەلتۈردى، چەت، يىراق شىنجاڭغا نىسبەتەن ئارمىنى بولسىمۇ دەرمانى يوق، چامى يەتمەيدۇ، ھەل قىلغۇدەك كۈچى بار دېگەندىمۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن تۇرسا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىككى، ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدۇ، مەن قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرىشنى قارار قىلدىم، مەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە جىن شۇرېننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ئازاد قىلىمەن... — دەيدۇ.

يولۋاس ما جوڭيىڭنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىمۇ لېكىن كۆڭلىدە خاتىرجەم بولالماي، يەنە:

— بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى زور، مېنىڭچە مەركەزگە مەلۇم قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن، — دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ.

ماجوڭيىڭ تولۇق دىتلاپ بولغان قىياپەتتە:

— مەن نىڭشيادىكى ما رەئىسنى مەركەزگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ھاۋالە قىلىمەن، — دەيدۇ.

ئىش مانا مۇشۇنداق ئوڭشاشقا بولمىغان شارائىت ئىچىدە بېكىتىلىدۇ. مۇبادا يولۋاسنىڭ ئىلگىرىكى نەنجىڭغا بېرىپ ئەرز - دات ئېيتىش ئويىنى بىر خىل ئاقىلانىلىق دېيىشكە بولسىمۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا ما جوڭيىڭنى شىنجاڭغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ما جوڭيىڭ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى جەبىر - جاپادىن قۇتۇلدۇرۇشنى نىيەت قىلىشى، بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەنلىك، ئۆز قولى بىلەن دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن ۋە ئۆلكە ئارمىيەسى ئارىسىدىكى ھۇجۇم قىلىش، جازا يۈرۈشى قىلىش ئۇزاققا سوزۇلغان بىر مەيدان مىلىتارىسلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زور بالا - قازاغا، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق كۈلپەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ما جوڭيىڭ

شىنجاڭغا ئاللىبۇرۇن چىشىنى بىلەپ تۇرغان بولۇپ، يولۋاس ئۇنى تەكلىپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ بىر ئاماللار بىلەن باھانە تېپىپ كىرىشى تەبىئىي ئىدى. 1931 ـ يىلى يازدا، ما جوڭيىڭ «بۇيرۇققا بىنائەن قورۇلدىن چىقىش»، «مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇش» توغىنى كۆتىرىپ، قوشۇن باشلاپ سۇجۇدىن چىقىپ، غەربكە قوشۇن تارتىپ شىنجاڭغا بېرىش تەييارلىقىنى باشلىۋېتىدۇ.

ما جوڭيىڭلار بىلەن سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىنلا، يولۋاس ئاتالمىش مەركەز قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى 36 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ ئاران 400 دىن ئارتۇق ئادىمى بارلىقىنى، ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىنى ۋە خىزمەتچىلەرنى قوشقاندىمۇ 500 دىن ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. تېخى بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر قۇرۇق قول ئىدى. مۇشۇنداق بىر قوشۇنغا تايىنىپ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قۇتقۇزغىلى بولارمۇ؟ يولۋاس قوشۇن بىلەن بىللە ماڭغاچ يول بويى كۆڭلىدە چوت سوقۇپ ماڭىدۇ. لېكىن دەل مۇشۇ كۆزگە ئىلىنمىغان قوشۇن ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە، ئادەتتىن تاشقىرى چەبدەسلىك بىلەن ئون بەش كۈندە قومۇل چېگراسى ئىچىگە يېتىپ كېلىپ، جىن شۇرېننىڭ سەرخىل قوشۇنلىرى ساقلاۋاتقان قومۇل سېپىل مۇداپىئەسىدىكى مۇھىم جايىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يولۋاس غوجىنىيازھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، غوجىنىياز ھاجىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قومۇلغا كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ شەھەرنىڭ بىرى بولغان شەھەر ئىچىنى ئالىدۇ، ئارقىدىنلا يەنە ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان جىن شۇرېن قوشۇنى بىلەن شەرقىي تاغدىكى غەربىي ئىستىھكامدا جىددىي جەڭ قىلىپ، كۆپ مىقداردا قورال ـ ياراق، ئات، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك ئولجا ئېلىپ تېزلىكتە ئۆزىنى زورايتىدۇ.

دەسلەپ كەلگەن چاغلاردا ما جوڭيىڭنىڭ ئادەملىرى يەر تۈزۈلىشىنى بىلمىگەچكە، تىل ئۇقۇشالمىغان بولغاچقا، ھەممىدە يولۋاسنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. ئۇ ھەم يول باشلىغۇچى، ھەم ئالاقىلەشكۈچى بولۇپ، ما جوڭيىڭ ئەتىۋارلايدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىگە ئايلىنىدۇ.

قومۇلنىڭ يېڭى، كونا سېپىللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمىگەن ئەھۋالدا، ما جوڭيىڭ قوشۇنى بۆلۈپ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلىدۇ. يولۋاسنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئەگرى تېغىدىن ئۆتۈپ، بارىكۆلگە ئۇدۇللا كىرىدۇ. جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر رۇتا ئەسكەرنى يوقۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنغا قوشۇۋالىدۇ، قوشۇنىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلار خەۋەرنى ئاڭلاپلا قېچىپ كېتىپ، ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرى توسالغۇسىز ئىلگىرىلەيدۇ. باركۆلدە تۇرۇۋاتقان قوشۇننىڭ پولك كوماندىرى خې جىنشىڭ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ بىر پاي ئوق ئاتمايلا تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ، ما جوڭيىڭ قوشۇنى 300 دىن كۆپرەك مىلتىق ئولجا ئېلىپ، ھەممە يەرگە داڭقى پۇر كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ما جوڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جوڭجيې يەنە قومۇل يېڭى سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ.

قومۇلدىكى ئۈچ سېپىلنىڭ ئىككىسى قولدىن كېتىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك ھالدا قالىدۇ، جىن شۇرېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لۇ شياۋزۇنى شەرقىي يول باندىت تازىلاش قوماندانى، شېڭ شىسەينى مەسلىھەتچى قىلىپ، شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بىرىگادا باشلىقى دۇ جىگو بۇيرۇققا بىنائەن ئاۋۋال ئاتلىنىدۇ. قىسىم يەتتە قۇدۇق ئەتراپىغا كەلگەندە، ما جوڭيىڭلار خەۋەر تېپىپ، ئاساسىي قىسىمنى باشلاپ كېلىپ توسۇپ ئۇرۇشىدۇ. ئىككى قىسىم لياۋدۇندا ئۇچرىشىدۇ. ئەينى چاغدا دۇ جىگونىڭ قول ئاستىدا ئون كۈچەيتىلگەن رۇتا بولۇپ، 1500 دىن كۆپرەك ئادەم بار ئىدى. يېنىك تىپتىكى پىلىموتتىن باشقا يەنە گېرمانىيەدە ئىشلەنگەن كۈچى زور كېرىبو زەمبىرىكىدىن ئىككىسى بولغاچقا، ئېگىز ئورۇندىن پەسكە قارىتىپ ئاتقاندا،

ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. لېكىن ئورۇش باشلانغاندىن كېيىن، ما جوڭيىڭ ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرستىپ، ئالدىدا مېڭىپ، 200 دىن كۆپرەك ئاتلىقلار بىلەن كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ دۇ جىگو قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىھكامىغا ئۇدۇللا ھۇجۇم قىلىدۇ. دۇ جىگونىڭ ھەربىي ئىشلار ساۋاتى ۋە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ئۇر - چاپ ئاۋازىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەچكە، زەمبىرەكلەر ما جوڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. دۇ جىگو ئەتراپىدىكى ئۇر - چاپ ئاۋازىنىڭ بېسىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، 1500 دىن كۆپرەك ئادىمى بار مانا مۇشۇنداق چوڭ قوشۇن كۈز ياپرىقىدەك تېرە - پىرەن قىلىۋېتىلىدۇ. ئارقىدىن كېلىۋاتقان لۇ شياۋزۇ مەغلۇب بولۇپ قېچىپ چىققان چېرىكلەرنى ئۇچرىتىپ، ما جوڭيىڭنىڭ تەڭداشسىز ۋەھشىيلىكىنى، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قوغلاپ كېلىپ يېتىشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن روبورۇ بولماي تۇرۇپلا بىر تال مەشئەل بىلەن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن ئېلىپ كەلگەن ئاشلىق، يەم - بوغۇزلارنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭدە ما جوڭيىڭ تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يولۋاسنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ يولۋاسنىڭ قورۇقى بار جاي — جىگدە بۇلاققا كېلىپ يارىسىنى داۋالاتقاچ ياتىدۇ. ئۇرۇش ۋاقىتىنچە بېسىقىدۇ. ما جوڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن يولۋاس مۇھىم رول ئوينىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. يولۋاس بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ كونا ماكانىغا قايتىپ كېلىپ، ما جوڭيىڭنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، سانى ۋە كۆلەم جەھەتتە غوجىنىيازنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەينى يىللىرى ۋاڭ ئوردىسىدا سەركەردە بولۇپ يۈرگەن چاغدىكى ئابرۇيى، نوپۇزى تېخى بولغاچقا، غوجىنىياز بىلەن مۇرىدىشەلىگۈدەك يەرلىك داھىيغا ئايلىنىدۇ.

ما جوڭيىڭ بىلەن يولۋاسنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن كۈنگە يېقىنلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما غوجىنىياز بىلەن ما جوڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرى ھېچقانداق جەڭدە يېڭىلمەي نۇرغۇن مىلتىق، ئوق - دورا ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئولجا ئالىدۇ. غوجىنىياز كۆڭلىدە مەن ھەمدەم بولغاچقا جەڭلەردە غەلىبە قىلدى، ماڭا بىر ئۆلۈش بۆلۈپ بېرىشى كېرەك دەپ ئويلىغان بولسىمۇ ئەمما ما جوڭيىڭ ئۇنىڭ يۈزىنى قىلمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىدا مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئارازلىشىش كۆرۈلىدۇ. يولۋاس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەمەلىي كۈچىنى كېڭەيتىپ، زېمىن ئىگىلەشكە باشلىغاچقا، غوجىنىياز ئۇنىڭدىنمۇ نارازى بولۇشقا باشلايدۇ.

نەچچە قېتىملىق جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان جىن شۇرېن ما جوڭيىڭلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغانسېرى قوغلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋەكىل ئەۋەتىپ سۈلھى - سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئەسكەر يۆتكەشكە يېتەرلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، سۆھبەت، سۈلھى قىلىشقا تەكرار ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئىدى.

دەرۋەقە، سۆھبەت ئۆتكۈزگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىن شۇرېن ئىلىنىڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى جاڭ پېييۈەننى 6500 ئەسكىرى بىلەن تېزلىكتە قومۇلغا

www.uyghurkitap.com

مەخپىي كۆرۈشۈپ، كېلەچەكتىكى چىقىش يولىنى پىلانلاپ قويغان. يولۋاس بەك گۇمانخور ۋە ئېھ-تىياتچان بولۇپ، كۆپ قېتىملىق مەخپىي سۇيىقەست ئارقىلىق، ئوسمان، جانىمقانلار بىرلىشىشنى قارار قىلىپ، تارىخ ئېقىمىغا قارشى مۇقامدا تۇۋلىماقچى بولغان. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، يولۋاس قومۇلدىكى ئاقتاش يېزىسىدا يىغىن ئېچىپ، نۇرغۇن ئادەمنى «پولك كوماندىرى»، «باتالىيون كو-ماندىرى» قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارغا كونكرېت ھەرىكەت قىلىش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇ-رىي دائىرىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم تېلېگرامما يوللاپ، ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، شىن-جاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. يولۋاس ھەقىقەتكە قايتىش ھەققىدىكى تېلېگراممىنىڭ بۇنداق يەڭگىللىك بىلەن تېز يوللىنىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى، ئۇ قانداق قىلارىنى بىلمەي تەڭ قىس-لىقتا قالدى. بۇ قېتىم بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ئىلگىرى نەنجىڭگە بارسا بىرىپ ـ كېلىش ھامان بولىدىغان ئىش، بىراق ھازىر جاڭ جيېشىمۇ يېگانە ئارالغا بېرىۋالغان تۇرسا، ئۆزى بارغان بىلەن قايتىپ كېلەلەمدۇ؟ قېلىپ قېلىشىنىڭ ئىستىقبالىنى مۆلچەرلىمەكمۇ تەس ئىدى، يەنە ئۇ ھەممىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتقا كېتىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئاخىر ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئەھۋالغا قاراپ بىر نېمە دېيىش قارارىغا كېلىدۇ.

يولۋاس دەرھال قومۇلدىن تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرى-لەرنىڭ تېلېگرامما روھىغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھەمدە قومۇلدىكى ھەرقايسى ناھىيە-لەرگە ھەقىقەتكە قايتىش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىدۇ ھەمدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جيۇچۈەنگە ئەۋەتىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 ـ دى-ۋىزىيە 13 ـ پولكى قومۇلغا يېتىپ كېلىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنى جىددىي تەشكىل-لەپ، 2 ـ جۇننىڭ باشلىقى گۇۋ پېڭ، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلىدۇ، 13 ـ تۇەن قومۇلنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن قېلىپ قالىدۇ. بۇ چاغ-دا يولۋاس ئاكتىپلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئازادلىق ئارمىيەگە ھەربىي ئاشلىقنى باشلامچىلىق بىلەن سېتىپ بېرىدۇ، ئاممىنى ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ھەربىي ئاشلىق، كالا، قوي سېتىۋېلىشىغا، ئازادلىق ئارمىيەدىن ھال سوراش ئويۇنى قويۇشقا ئاكتىپ تەشكىللەيدۇ ھەمدە قومۇلدىكى خەنزۇلار ئۇيۇشمىسىغا كىنو قويۇش ئاپپاراتىنى قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا بېرىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئارمىيەگە كومپارتىيەنى، ئازادلىق ئارمىيەنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، تۆھپە كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، گومىنداڭ بىلەن چەك ـ چېگرانى ئۈزگەنلىك ھەققىدە قەسەم ئىچىدۇ.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 ـ جۇنى 16 ـ دىۋىزىيەسى قومۇلدا رەسمىي تۇرۇشقا باشلايدۇ. يولۋاسنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا قومۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاد-لىق ئارمىيەسىدىكى مەسئۇل يولداش يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى قۇ-رۇلغاندىن كېيىن، يولۋاسنى قومۇلنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەشنى دوكلات قىلىدۇ.

يولۋاس خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان بولسىمۇ ئەمما كۆڭلىدە باشقا غەرىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقى ساختا ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنىلا باركۆل، ئارا تۈرك قاتارلىق جايلاردىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، ئۆزىمۇ تىڭتىلىنىپ تۇرىدۇ، گاڭگىراپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي سەزگۈسىگە تايىنىپ، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئىلگىرى

كۆرگەن ھەرقانداق قوشۇنغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، كومپارتىيەنىڭمۇ گومىنداڭغا ئوخشاشمايدىغانلىد-ىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر يۈرۈش تەجرىبىلىرى ماس كەلمەي، ئاخىر ئۇ زىندىيەت ئىـ-چىدە ئىسيانچىلار قاتارىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يولۋاس تاغقا كىرىپ كومپارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىمەن دەپ ئايالى لياۋ يوڭچيۇ، ئوغلى ياقۇپبەگ، نىياز بەگ ۋە يېقىنلىرىدىن 11 ئادەمنى ئېلىپ، ناھىيە بازىرىدىن ئايرىلىپ، ئاستانە، جىڭدە بۇلاق قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەن چاغدا، ئالدىدىن ئوغرىلىقچە ئايرىپ قويغان ئالتۇن، كۆمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە قورال، ئوق، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئېلىپ، بارىكۆلنىڭ يۇلغۇنلۇق جىلغىسىغا بېرىپ، باندىتلار باشلىقى جانىمقان، ئوسمانلار بىلەن ئۇچرىد-شىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى پىلانلايدۇ. يول بويى ئىلگىرى قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەرنى ۋە سابىق ئاتلىق 5 ـ جۇڭدىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى يىغىپ، قومۇلدىن ئېلىپ بارغان ئادەملىرىنى قوشۇپ، ئادەم سانىنى 700 دىن كۆپرەككە يەتكۈزىدۇ. شۇ ئاينىڭ 26 ـ كۈ-نى، ئۈچ توپىلاڭچى ئۇنسۇر يۇلغۇنلۇق جىلغىدا ئۇچرىشىپ، كالا ـ قوي ئۆلتۈرۈپ، كومپارتىيەگە ئاداققىچە قارشى تۇرۇش ھەققىدە جار سېلىپ، «جۇڭگو خەلقىنىڭ كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇپ، دۆ-لەتنى قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى»نى قۇرىدۇ. يولۋاس ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كۈچىنى دىۋىزىيە ، پولكلار-غا بۆلۈپ، ھەرقايسىسىغا ۋەزىپىگە ئادەم تەيىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، توپىلاڭچى قوراللىق ئۇن-سۇرلار 3000دىن كۆپرەك كىشىگە يېتىدۇ، ئارىغا ئېلىنغان چارۋىچىلارنى قوشقاندا 20 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يولۋاس باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار خەلق ھاكىمىيىتىگە تۇنجى پاي ئوقنى ئاتىدۇ. شۇ كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 48 ـ پولكى 9 ـ رۇتىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئادەم باشلاپ تاشۋېلىقتىن قومۇلغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يولدا ئۇلار توپىلاڭچىلار-نىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ، 3 ئادەم قۇربان بولىدۇ، 4 ئادەم يارىلىنىدۇ. 30 ـ كۈنى، يولۋاسنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئاراتۈرك ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئەبەيدۇللا باندىتلارنى باشلاپ ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئاراتۈركتە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاراتۈرك بازىرىدا ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئاران بىر رۇتا ئەسكىرى بولۇپ، دۈشمەن كۆپ، بىز ئاز ئەھۋالدا ياردەمچى قوشۇن كەلگۈچە 40كۈن بەرداشلىق بېرىپ، باندىتلارنى يوقىتىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، يولۋاس يەنە توپىلاڭچى قوشۇنلار-غا قوماندانلىق قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قومۇل تاشۋېلىق، شوپۇل، قۇشۇتى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارغا ئوق ئېتىپ، قاتناش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ، يەتتە قۇدۇقتا بۆكتۈرمە قويۇپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 ـ جۇن 16 ـ دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لو شيۈۋېينى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ، توپىلاڭچى باندىتلار بىرنەچچە ئاي ئىچىدە 10 نەچچە قېتىم مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ئونىنەچچە قېتىم بۇلاڭچىلىق دېلوسى سادىر قىلىدۇ، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالىد-دۇ. توپىلاڭچى باندىتلارنى يوقىتىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىد-لىك قىلىشىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى باندىتلارنى يوقىتىش قىسمى تەشكىللەپ، باندىتلارنى ئومۇميۈزلۈك تازىلايدۇ. 5 ـ ئايدا، يولۋاس باندىتلارنى يوقىتىش قىسمى بىلەن كۆپ قېتىم توقۇنۇشۇپ، شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ، ئازادلىق ئارمىيە خوتۇنتام، ئۈت، شوپۇل-دىكى جەنۇبىي تاغدا باندىتلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، جانىمقاننى ئەسىرگە ئالىدۇ، يولۋاس ئادەملىرىنى باشلاپ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۇ توپىلاڭچى

www.uyghurkitap.com

باندىتلارغا يىغىن ئېچىپ، چىڭخەي، شىنجاڭ چېگرا رايونى تەرەپكە قېچىشنى قارار قىلىدۇ. يىغىندىن كېيىن، ئوسماننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا يەل بېرىدۇ، كېيىن پىكرى بىرلىككە كەلمىگەن بولغاچقا، ئايرىلىپ كېتىپ، يولۋاس ئۆز يېقىنلىرىنى باشلاپ، چىڭخەيگە بېرىپ، ئاندىن شىزاڭغا كىرىدۇ. قارلىق ئېگىزلىكتە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، ئايالى لياۋ يوڭچيۇ چارچاشتىن كېسەل بولۇپ قالىدۇ. لياۋ يوڭچيۇ ئات مىنىشنى بىلمىگەچكە دائىم ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېتەتتى، يولۋاس تېزراق قېچىپ كېتىش ئۈچۈن، ئۇنى لاتا تاسما بىلەن ئات ئۈستىگە باغلاپ قويىدۇ، لياۋ يوڭچيۇ بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، دەرد ئىچىدە ئۆلۈپ قالىدۇ.

يولۋاس ئائىلىنى كۆمۈپ قويۇپ، 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا لاساغا قېچىپ بارىدۇ، شۇ چاغدا يېقىنلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلەر بولۇپ جەمئىي 96 ئادەم بىللە بارغان ئىدى. جۇڭگو ھىندىستان چېگرىسىدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، ھىندىستان تەرەپ يولۋاس قاتارلىق 6 ئادەمنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ.

### چوڭ قۇرۇقلۇقتىن قېچىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى تەيۋەندە ئۆتكۈزۈش

يولۋاس توپىلاڭ كۆتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، جاڭ جيېشى تەيۋەندە قايتا زۇڭتۇڭ بولغان



يولۋاسنىڭ تەيۋەندە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئازادلىق ئارمىيەگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق توپىلاڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىۋاتقان ۋاقتى (1952 - يىلى)



يولۋاسنىڭ تەيۋەنگە بېرىپ ئالغان خەنزۇ ئايالى بىلەن چۈشكەن توي خاتىرە سۈرىتى (1952 ـ يىلى 12 ـ ئاي)

1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىا ئارقىلىق، بىر تۈرلۈك ۋەزىپىگە تەيىنلەشنامە-سىنى ئۇقتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: يولۋاس شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكى-گە، قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

5 ـ ئايدا، يولۋاس زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىكىگە تە-يىنلىنىدۇ. ئۇ چاغدا يولۋاس يەنىلا تەيۋەننىڭ ئۆزىنى نېمىشقا «كومپارتىيەگە قارشى قەھرىمان» دەپ كۆككە كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئىدى. خەۋەر يولۋاسنىڭ قولىقىغا يەتكەن چاغدا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ شىنجاڭ زېمىنىدا جېنىنى ئېلىپ قېچىشتىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان ئىدى. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن ئاخىر ئۇنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇش چۈ-شى ئىشقا ئاشقان ئىدى.

جاڭ جيېشى تەيۋەن ئارىلىغا بارغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چوڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىشنى دا-

ئىم ئىسىدىن چىقارمىغان بولغاچقا، يولۋاسقا مانا مۇشۇنداق يۇقىرى شان ـ شەرەپنى بەرگەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. بۇ چاغدا يولۋاس گەرچە ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئەمما ئارمانغا چۇشلۇق دەرمانى يوق ئىدى. ئۇ بارلىق كارغا كېلىدىغان ئامالىرىنى قوللىنىپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن كۈچ سىناشقان تەقدىردىمۇ چۇمۇلە چوڭ دەرەخنى مىدىرلىتالمىغاندەك ئاقىۋەتتى يەنىلا شىنجاڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلىش بىلەن تۈگىگەن.

ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن يولۋاس بىكار قالمىدى، ھىندىستان دائىرىلىرى ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھىندىستانغا قېچىپ بارغان شىنجاڭلىق قاچقۇنلار ئۇنى زىيارەت قىلدى، ھەتتا ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە، ئامېرىكانىڭ باش ئەلچىلىرىمۇ ئۇنى يوقلىدى. گەرچە قۇرۇق نام بولسىمۇ بەرىبىر ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى تۇرسا. بۇ چاغدا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئۇنىڭغا ئەنگلىيەدە پاناھلانماقچى بولسا تۇرلۇك شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. لېكىن يولۋاس ئۇنى بىراقلا رەت قىلدى. «جاڭ زۇڭتۇڭ» ئۇنى ئەتۋارلاۋاتقان يەردە ئۇ «جاڭ زۇڭتۇڭ»غا ئاسىيلىق قىلسا بولمايدۇ ـ دە. «جاڭ زۇڭتۇڭ» تۇرىۋاتقان جاي دەل ئۇ پاناھ ئىزدەپ بارىدىغان جاي. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شىنجاڭنى بۆلۈش مەقسىتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ يېنىغا تارتىشلىرىنىمۇ رەت قىلىپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي تەيۋەنگە باردى. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك تاللىشى ئىچىدە بەلكىم بۇ قېتىمقىسى يەنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر ئېقىندا بۇلغىنىشنى رەت قىلغانلىقى بىر قەدەر ئاقىلانىلىك بولۇشى مۇمكىن.

يولۋاس تەيۋەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنىلا ئەتىۋارلىنىپ، چېن چېڭ قاتارلىق مۇھىم سىياسىي ئەربابلار زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى، ئۇنى «كومپارتىيەگە قارشى جەڭچى» دەپ ماختاشتى. رادىئو، گېزىت، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى توختىماي خەۋەر قىلىپ، ئۇنى «كومپارتىيەگە قارشى قەھرىمان» دەپ تەرىپلەشتى. جاڭ جيېشى تېخى ئالاھىدە كۆرۈشۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەسەللىي ۋە ئىلھام بەردى ھەمدە ئۇنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى»لىكىنى داۋاملىق ئۆتەشكە بۇيرىدى. بۇ «ۋەزىپە» بىلەن ئۇ، 1954 ـ يىلى «ئەركىن جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك ھەج ئۆمىكى»نى باشلاپ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلدى، كېيىن كۆپ قېتىم تەيۋەنگە كەلگەن ئەرەب دۆلەتلىرى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە ھەمراھ بولدى.

1960 ـ يىلى، يولۋاس خۇ شىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىمە يېزىشقا كىرىشىپ، «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. يولۋاس تەيۋەنگە بارغان يىلى 10 ـ ئايدا، ليۇ شۇجىڭنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى 11 ـ قېتىملىق توي مۇراسىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . 1972 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يولۋاس كېسەللىك سەۋەبى بىلەن تەيبېيدە قازا قىلدى، شۇ يىلى ئۇ، 82 ياشقا كىرگەن بولۇپ، جاڭ جيېشى ئۆز قولى بىلەن يېپەككە چۈشۈرۈلگەن ماتەم لەۋھەسى يېزىپ بەردى.

(شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر قىلغان «جەزىرىگە كۆمۈلگەن تارىخىي پارچىلار» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.)

# كۆچادىكى مەمتىلىخان ئىسيانىنىڭ باش - ئاخىرى

مۇھەممەت داۋۇت

كۆچادىكى مەمتىلىخان ئىسيانى 1918 - يىلى 5 - ئايدا يۈز بەرگەن ئىنتايىن ئېغىر ۋەقە. «شىنجاڭ تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، «قىسقىچە كۆچا تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا يېزىلىشىچە، پەيزىۋاتلىق مەمتىلىخان خوجا ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ پىلانلىشى، ئەنگلىيە جاسۇسى نەيىمنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى، مەمتىلىخان قاتارلىق بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاممىنى قۇترىتىشى بىلەن قوزغالغان قوراللىق ئىسيان بولۇپ، تېزلا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تەسىرى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمدە كۇسەن دۆلىتى دەپ نام ئالغان كۆچا يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى ئۆزئارا ئۇچراشقان. جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، گرېك مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت مەدەنىيەت گىرەلەشكەن، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان جاي. يەنە شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ھەر خىل ئىنكاس، ئۇچۇر ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار كۆچاغا ناھايىتى تېزلا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىلگىرىمۇ كۆچادا مۇنداق بىرقانچە قېتىم زور ۋەقە بولغان.

## 1857 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى

ئەپيۇن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەپ، كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ قان - تەرىنى شوراپ ئىچىپ، خەلقنىڭ ھالىنى قويمىدى. ئۇنىڭغا يەنە يەرلىك بەگلەرنىڭ زۇلۇم ئاسارىتى ۋە قازى - ئاخۇنلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى قوشۇلۇپ، خەلقنى «يا كۆرۈم، يا ئۆلۈم» دەيدىغان ھالغا يەتكۈزۈپ، تىك يارنىڭ گىرۋىكىگە كەلتۈرۈپ قويدى. «كۆچانىڭ قىسقىچە تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، 1847 - يىلىغىچە كۆچادا يېڭى ئېچىلغان بوز يەر 120 مىڭ 393 مو بولۇپ، كۆچا، شاياردىكى 29 نەپەر چوڭ - كىچىك بەگ 770 پاتمان يەرنى ئىگىلىۋالغان (ئەينى ۋاقىتتىكى ھېساب بويىچە 2788.7 گېكتار يەنى 41430.5 مو يەر). كۆچا ۋە شاياردىكى 0.4% كە يەتمەيدىغان بەگلەر 57% يەرنى ئىگىلىۋالغان. كۆچادا ھۆكۈمەتكە تەۋە 166.8 گېكتار يەر بار بولۇپ، ھەممىسىنى دېگۈدەك ھاكىم بەگلەر ئىگىلىۋالغان. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، كۆچا ھاكىمى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ۋە پۇقرا ئىلكىدىكى 2859 گېكتار يەرنى ئىگىلىۋالغان. ھۆكۈمەت بىرنى چۈشۈرسە يەرلىك بەگلەر 10 ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئې-

www.uyghurkitap.com

لىپ، پۇقرالارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تارتىۋالغان، ھەتتا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا
چۈشۈرگەن ھەر خىل سېلىقلارنىمۇ پۇقرانىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويغان. چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭ-
نىڭ تۆنجى يىلىدىن 4 - يىلىغىچە (1851 - يىلىدىن 1854 - يىلىغىچە) كۇچا، شاياردىكى ھەر
دەرىجىلىك بەگلەر مازار ياسىتىش، ئوردا ساراي سالدۇرۇش، ھەربىي قاراۋۇلخانا، ئۆستەڭ، توما،
دامبا، تۈگمەن قۇرۇش ئۈچۈن پۇقرالارغا ناھايىتى ئېغىر ئالۋان ياساق سالغان. خىراجەت يېتىش-
مىگەندە شۇ جايدىكى «ۋەن شۇنلېي» قاتارلىق جازانىخورلاردىن 2811 تىزىق 850 تەڭگە پۇل قەرز
ئالغان. بۇ پۇلنى ھاكىمبەگلەر، ئاخۇنلار يۇتىۋالغان. بۇ بەگلەر يەنە بوشىنىپ، ئورچىنىئا قاتار-
لىقلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سېلىقنى ئۇيغۇر پۇقرالارغا چېچىشنى تەلەپ قىلغان.
كۇچادىكى خان ئامبىلى ئورچىنىئا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان. خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق يولى
زادىلا قالمىغاچقا، قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان، لېكىن خەلق ئاممىسى ھۆكۈمەتتىن يە-
نىلا ئۈمىدىنى ئۈزمەي، مەمتىلى، نىياز قاتارلىق ئىككى ئادەمنى يۇشۇرۇن ئىلىغا ئەۋەتىپ، شىن-
جاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارغا ئەرز سۇنغان. ئىلى گېنېرالى (سانغۇنى)
زالاسۇتەي ئەرزنى يەكەندىكى ئەمەلدار چاڭ چېڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرگەن. چاڭ چېڭنىڭ
كۇچادىكى ھۆكۈمدارلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئورچىنىئا بەگلەرنىڭ خەلقنى بۇلاڭ -
تالاڭ قىلىشىنى توسۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرمەيلا قالماستىن، ھېچقانداق ئىشنى ھەل قىلمىغان. مەم-
تىلى قاتارلىقلار كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئاشقان. ئۇلار
دىندىن پايدىلىنىپ ئۆز ئەتراپىغا تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى توپلىغان. مەمتىلى ئۆزىنى «خەلىپە» دەپ،
ئىبراھىم شاھنى رەھبەر دەپ ئاتىغان.

شيەنفېڭنىڭ 6 - يىلى (1856 - يىلى) قىشتا، كۇچانىڭ ھاكىمبېگى ئەھمەت ۋاڭ ئاشلىق
يىغقۇچى بەگ ئېلى قاتارلىقلارنى قوناسقا كۆزلۈك ئاشلىق ۋە ھەرخىل ئالۋان - ياساقلارنى يىغىشقا
ئەۋەتكەندە ئىبراھىم شاھ، مەمتىلى قاتارلىقلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى باغلاپ ئۇرۇپ سازا-
يى قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە قايتۇرىۋەتكەن. ئەھمەت ۋاڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، كۆڭلىدە
ئۆچمەنلىك ساقلاپ، كۇچادىكى خان ئامبىلى ئورچىنىئا بىلەن مەخپىي پىلان تۈزۈپ، يۈز بېشى
ھېيت تۇردى قاتارىلار ئورچىنىئانىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ، قوناسقا بېرىپ «سوئال سورايمىز» دېگەن
باھانە بىلەن ئالداپ، ئىبراھىم شاھ ۋە مەمتېلىنى يامۇلغا ئاپىرىپ جازالىماقچى بولغان. مەمتېلى،
ئىبراھىم شاھ ئىككىسى ئەمەلدارلار ۋە بەگلەرنىڭ ھىيلىسىنى تۇيۇپ قېلىپ، بۇيرۇقنى ئامما ئال-
دىدا يىرتىپ تاشلاپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن ئادا - جۇدا بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئورچىنىئا
ئىككى بەگنى ئۇلارنى تۇتۇشقا ئەۋەتكەن. دېھقانلار ئۇلارنى ئۇرۇپ، ئەبجىغىنى چىقىرىپ قوغلىۋې-
تىدۇ. ئورچىنىئا يەنە دىندىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاخۇنلارنى ئەۋەتكەن.
ئىبراھىم شاھ مەردانىلىق بىلەن بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز پۈتۈنلەي تۈگىمەس ئالۋان - ياساقلارغا
چىدىمىغانلىقتىن بولدى، ھۆكۈمەت قايتا ئالۋان - ياساق سالماسلىق توغرىسىدا ۋەدە قىلغان تۇرۇق-
لۇق يەنىلا زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ. ھازىر بىز خان ئامبىلىنىڭ بەش خىل ئالۋاندىن باشقا ئالۋان - يا-
ساقنى بىكار قىلىپ، ئېلان چىقىرىپ چاپلىشىنى تەلەپ قىلىمىز، دېگەن. ئورچىنىئا ئىشنىڭ يو-
غىناپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ۋاقىتىنچە يول قويغان. بىراق ئۇ مەمتېلى بىلەن ئىبراھىم شاھنى
«ئاپەت يىلتىزى» دەپ قاراپ، يوقىتىشنى پىلانلىغان. 2 - ئايدا ئورچىنىئا كۇچانىڭ ھاكىمبېگى
بىلەن مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، مەمتېلى بىلەن ئىبراھىم شاھنى قولغا ئالماقچى بولغان، بىراق
بۇ ئىككىسى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن بولغاچقا، خەۋەر ئاشكارىلىنىپ

قالغانلىقتىن، ئاما توپلىشىپ، ھاكىمبەگنىڭ يامۇلىغا بېسىپ كىرىپ، ھاكىم بەگنى ۋە باشقا چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنى تۇتۇپ كەتكەن. 7 ـ دەرىجىلىك بەگ قادىرنى گۆرۈگە ئالغان. ئورچىنئا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ھاكىمبەگلەرنىڭ ئۇتۇغاتىنى ئېلىپ تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلارنى تارقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئىبراھىم شاھ، مەمتېلىلەرنى ئالداپ، پەيتى كەلگەندە ئۇلارنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلگەن. بىراق ئىبراھىم شاھ بىلەن بىلەن مەمتېلى ئورچىڭئانىڭ قەستىنى بىلىپ قېلىپ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەمتىلى، ئىبراھىم شاھ پەيزىۋات كەنتىدە 2000دىن ئارتۇق دېھقانلارنى توپلايدۇ. ئۇلار كالتەك، توقماق، نەيزە، قىلىچ بىلەن قوراللىنىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىدۇ. ھەممە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىم بەگ قۇربانغا بەش تۈرلۈك تەلەپ قويىدۇ.

1) بەگ، ئاخۇنلارنى بىكار قىلىش؛ 2) تۇتۇپ كېتىلىپ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئاياللارنى قويۇپ بېرىش؛ 3) ھۆكۈمەتنىڭ بەش خىل سېلىقىنىلا تۆلەش، باشقىلىرىنى بىكار قىلىش؛ 4) يامۇلدىكى چاكارلار ۋە ياغچىلارنى قايتۇرۇش؛ 5) بەگلەر، تىلماچىلار خۇسۇسىي ئىگىلىۋالغان پەيلوردىكى ھۆكۈمەتكە تەۋە بېدىلىكنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇش.

بۇ بەش تۈرلۈك تەلەپ ئاممىنىڭ ئەڭ جىددىي ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، تىغ ئۇچى بىۋاستە فېئودال ياڭچىلىق تۈزۈمگە قارىتىلغان ئىدى.

ئورچىڭئا ئامالسىز ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە تىلماچىلار ئىگىلىۋالغان 200دىن ئارتۇق قىز ـ ئايالنى قويغۇزىۋەتكەن. ھامۇت بەگ بىلەن يۈسۈپ تىلماچنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ھەممە چاڭگا ۋە قوناسقا ئېلان چاپلىغان. ئۇزاققا قالماي ئەمىلى ئېلىپ تاشلانغان بەگلەرنىڭ ئەمىلىنى بىردەك ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە جېدەل چىقارغان دېھقانلارنى باستۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم پىلانلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەمتىلى، ئىبراھىم شاھلارمۇ قوشۇن تەشكىللەپ، ئات ـ ئۇلاغ، ئاشلىق، ئوت ـ سامان تەييارلىغان، يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، ئاتۇشتىدىكى مىس كاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كان ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، غەرب، شەرق ئىككى تەرەپتىن كۇچا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار كۇچا شەھرىگە 2500 مېتىر يەردىكى «يالغۇز تېرەك» دېگەن جايغا توپلىنىپ، قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ، بۇرغا ـ سۇنايلىرىنى ئېلىپ، ئاتلىق قوشۇنلار سەپ تۈزۈپ كۇچا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان. ئويلىمىغان يەردىن ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، يامغۇر يېغىپ، بوران چىقىپ، كۆزگە قۇم ـ شېغىل كىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى قىيىن بولغان، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت كەينىگە سۈرۈلگەن.

ئورچىڭئا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇ بىلەن قاراشەھەردىن ياردەم سورىغان. بىر تەرەپتىن رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان، يۇقىرى باھالىق مۇكاپات بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن 50 ئادەمنى قولغا ئالغان. 15 ئادەمنى سوراق قىلمايلا قەتلى قىلغان.

مەمتېلى، ئىبراھىم شاھ قاتارلىقلار پايدىسىز شارائىتتا يەنىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى غەرب تەرەپتىكى كەنتلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاقسۇغا قاراپ راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار نەچچە ئونلىغان ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرگەن. بىراق دېھقانلاردىنمۇ 30 نەچچە ئادەم قولغا ئېلىنغان. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇغا تەۋە قاراتالغا يېتىپ بارغان. بىراق ئاتۇش مىس كاندىكى قوزغىلاڭچىلار ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەن. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوشۇنى ئاز، دۈشمەن كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدا، كەسكىن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، مەمتىلى، ئىبراھىم شاھ ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان.

بۇ قېتىمقى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىر قانچە مىڭ ئادەم قاتناشقان. بىر قانچە ئاي داۋاملاشقان بولسىمۇ بىراق شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشىنىڭ تۇنجى ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ياراتقان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنى بەزى تەرەپلەردە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان. خان ئامبىلى ئورچىنئا، ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار بوشىنئي، ھاكىمبەگ مۇھەممەت سىدىق، ئىشخانا بېگى ھامۇت قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان. يۇسۇپ ۋە قادىرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ 100 دەررە ئۇرۇپ، 1500 كىلومېتىر يىراقلىققا سۈرگۈن قىلىپ، ئىلىغا بېرىپ ھاشارچى بولۇشقا بۇيرۇغان. خېچاۋگۇينى 40 دەررە ئۇرۇپ، 9 ئايلىق مائاشىنى مۇسادىرە قىلغان. پەيلوردىكى ھۆكۈمەتنىڭ بېدىلىكىنى دېھقانلارغا بەرگەن. بېدىلىكتىن چىققان بېدە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدىغان، دېھقانلارغا قايتا بېدە، ئوت ـ سامان ئالۇۋىڭى قويمايدىغان بولغان. غەربىي مەھەللىدىن ھۆكۈمەتكە ئالىدىغان ئاشلىقنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمى، شەرقىي مەھەللىدىن ئالىدىغان ئاشلىقنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمى كەچۈرۈم قىلىنغان. بۇ سېلىقلارنى ئەمەت بەگ قاتارلىق 10 نەپەر بەگ ئەمەلىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرۇلغان.

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق يول قويۇشى دېھقانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئىدى. كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى گەرچە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق كېيىنكىلەرگە قىممەتلىك ساۋاقلارنى قالدۇرغان.

## 1864 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى

1864 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ئالدى بىلەن ئۆگەن دەرياسىدىكى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا باشلانغان. خەلق ئېغىزىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئالدىنقى قېتىمدىكى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان مەمتىلىنىڭ ئىنىسى توختى نىياز قارى باشچىلىق قىلغان. ئۇ ئۆز زامانىدىكى ئاتاقلىق چېلىشچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەل ئىچىدە باتۇر دەپ نام ئالغان ئىكەن. ئۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مالۇمات ئالغان، ھاپىز شىرازى، شەيخ سەئىدى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىپ ئانچە ـ مۇنچە شېئىر ـ قوشاق يېزىپ پۇقرالارغا ئوقۇپ بېرىدىكەن. ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينايدىغان، ھەم ناتىق، ھەم ھازىر جاۋاب كىشى بولغاچقا مەشرەپلەردە يىگىت بېشى بولىدىكەن، لېكىن نامرات ئادەم ئىكەن.

ئۆگەن دەرياسى باي، كۇچا، توقسۇ، شايار خەلقى ئورتاق پايدىلىنىدىغان دەريا بولۇپ، كۇچا بىلەن توقسۇنىڭ پاسىلى ھېسابلىنىدۇ. كۆيۈك تاغدىن چىققاندىن كېيىن ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيەلىرىگە تەقسىملىنەتتى. سۇدىن ياخشىراق پايدىلىنىش ئېھتىياجى بىلەن يىل بويى ئۈچ ناھىيەدىن كەلگەن نەچچە مىڭ ئادەم كۆيۈك تاغنىڭ جەنۇبىي بېقىنىدىكى سۇ ئايرىش تۇگۈنىدە سۇ باشلاش، توغان ياساش، بۇقا باغلاش قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ يىلمۇ باج ـ سېلىقنى تاپشۇرالمىغان دېھقانلاردىن نەچچە مىڭ ھاشارچى مەجبۇرىي ئىشلەۋاتاتتى. ھاشارچىلار ئاچ قورساق ھالدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىناتتى. ھەتتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلەتتى. ئۆلگەنلەر

بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بىراق مىراب دۆبىبېگى، بەگ ـ ئەمەلدارلار كىگىز ئۆيلەرگە كىرىپ ئەيش ئىشرەت قىلىشاتتى. تاقىتى تىشلىپ، زۇلۇمدىن جاق تويغان دېھقانلار توختىنىياز قارىنىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن بىر ئاخشامدىلا ئىش ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىدىغان مانجۇ ۋە خەنزۇ ئەمەلدارنى ۋە 15 نەپەر ئۇيغۇر ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. قوزغىلاڭچىلار تېزلىكتە شەھەرگە يۈرۈش قىلغان. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېچىدە شەھەر ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ما سەنباۋ، مالىڭ قاتارلىق خۇيزۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە يېقىن ئەتراپتىكى ھەربىي ئىستېھكاملارنى، سودا دۇكانلىرىنى كۆيدۈرۈپ، شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلغان.

كۇچادىكى خان ئامبىلى سا لىڭئا خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال قارا شەھەردىكى خان ئامبىلىغا «خۇيزۇ باندىتلار بىلەن مۇسۇلمان ئاسىيلار بىرلىشىپ ئىش تېرىدى» دەپ مەلۇمات يوللاپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. مەلۇمات يوللىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەن ھەمدە خان ئامبىلى سالىڭئا، يول ئۈستىدە كۇچاغا چۇشكەن يېڭىسار ئامبىلى ۋېن يى، يەركەن ئامبىلى ۋۇ بۇرېن قاتارلىق ئەمەلدارلارنى ۋە 8 نەپەر بەگنى ئۆلتۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۇچادىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى بۇگۇر، باي، كورلا قاتارلىق جايلارغا تۇتاشقان.

قوزغىلاڭچىلار كۇچا شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، باشچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىشقان. جىددىي ھالدا قوزغۇلاڭغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان يولباشچى ئىزلەشكە كىرىشكەن. ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ ئىناۋىتى ۋە چاقىرىق قىلىش كۈچىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۇچادىكى چىنۋاڭ ئەمەتنى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمەت ۋاڭ بېگىم: «سىزلەر ئاز ئادەم، خىتاي گورۇھى بولسا ناھايىتى تولا، ئۇلارغا بارەۋەرلىك قىلغىلى بولماس، مەن بولسام نەچچە ئەجدات ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ، ئۇلۇغ چىننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چوڭ مەنسەپ تېپىپ، يەر، سۇ، زېمىن بەلكى نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، پۇشتۇمدىن ئۇشتۇمغىچە جۇلدۇ ـ جاساقدارلىق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە نەچچە نۆۋەت ئۇلۇغ خاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. مەن قانداق قىلىپ ئۇلۇغ خانغا يامانلىق خالايمەن؟ گەرچە ئۇ كاپىر ۋە دىنسىز بولسىمۇ، ئاتائىي ـ ئەجداتلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇنىڭ تۇزىنى يەپ دۆلىتىنى كۆرگەنمىز. ئەمدى مەيلى قانداقلا بولسۇن، تۇز بەرگەن ئۇلۇغلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەيمىز. تۇز ھەققىنى ساقلاش بولسا ھەممە ئىنسان گورۇھىغا پەرز ۋە ۋاجىپ بولىدۇ. مەن سىزلەرنىڭ سۆزلىرىڭىزگە كىرىپ ئۆزۈمنى ھالاكەتكە تاشلىمايمەن، كىمنى ئىختىيار قىلىپ باشلىق قىلىمەن دېسەڭلار شۇنى قىلىڭلار. ھازىر يېشىم يەتمىشكە يەتتى، كۆرىدىغان دۆلەت ۋە ئىززەتنى كۆرۈپ بولدۇم، ئەمدى مەندە بۇنداق ئارزۇ ۋە ھەۋەس قالمىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ چاغدا پۇقرالار بىر ئىتتىپاق، بىر نىيەتتە بولۇپ، بىردەكلا يۈزىنى ئۆرۈپ، «ھېلىمۇ شۇلاردىن ئۈمىدىڭىز بارمۇ» دەپ غەزەپلىنىپ، ئورۇندىن ئېلىپ چىقىپ، شاھادەتلىككە يەتكۈزگەن.

بۇ چاغدا كۇچا خوجىلىرىدىن راشىدىن غوجام دېگەن كىشى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا دۇئا ـ تەلەپ بىلەن ياتقان بولۇپ، ئۇ كىشى ھېچ كىشىگە ئارىلاشمايدىغان ۋە دەرۋىش تەرىقىسىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزىۋاتقان بىر ئادەم بار ئىدى. ھەممە مۇسۇلمان گورۇھى ۋە تۇڭگان تائىپىلىرى ئۇنىڭغا مۇرت ـ مۇخلىس بولۇپ، ئۇ ئادەمگە باش ئېگەتتى. قوزغىلاڭچىلار مەزكۇر ئادەمنى ئىبادەتخانىدىن ئىختىيارسىز ئېلىپ چىقىپ: «سىلى بۇرۇنمۇ بىزگە پېشۋا ۋە يولباشچى ئىدىلە، ئەمدىمۇ

www.uyghurkitap.com

بىزگە پىشۋا ۋە يولباشچى بولۇپ بەرسىلە» دەپ ئۇنىڭ خالاش ياكى خالىماسلىقىغا قويماي، ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇرۇنقى سۇلتانلىق قائىدىسى بويىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغان. توختى ئىشىك ئاغا بەگنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن. ھەممىسى بىر نىيەت بىلەن كۇچا ھاكىمى قۇربان بېك باشلىق 8 نەپەر بەگنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. نەتىجىدە باشقا مەنسەپدارلارمۇ، قورقۇنچ ۋە تىترەك ـ دەھشەتكە چۈشۈپ، مەزكۇر خان راشىدىن غوجىنىڭ ئەمىر ـ ئىتائىتىگە تەۋە بولۇپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان.»

راشىدىن خان ھاكىمىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئەھۋالى «تارىخى ھەمىدىيە» دە تەپسىلىي يېزىلغان بولغاچقا مەن ماقالەمنىڭ سەھىپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يەردە يەنە نەقىل ئالمايمەن. پەقەت بۇ ماقالەمدىكى مەمتىلىخانغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم شەخس ھامىدىن غوجا توغرىسىدا قىسقىچەتوختىلىپ ئۆتىمەن.

## ھامۇدۇن غوجا ۋە مەمتىلىخان

كۇچادا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى چۇڭقۇر، تەسىرى كۈچلۈك. ئەل ئىچىدە تارالغان ئەزىزانە قەشقەر، شەھىدانە خوتەن، غازىيانە ئاقسۇ، ۋەلىيەنە كۇچار دېگەن گەپنىڭ ئۆزىدىنلا كۇچانىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم ئورنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۇچانىڭ ۋەلىيانە كۇچا دېيىلىشىدە قەمبەر ۋەلىيۇللا خوجا نىزامىدىن ۋەلىيۇللا، ئىشان ئىسھاق ۋەلىيۇللا قاتارلىقلارنىڭ «كارامەت»لىرى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ۋە ھېكايەتلەر قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ مەۋلانە ئەرشىدىن ئاقسۇ ئايكۆلدە تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن كۆرۈشۈپ، كېيىن ئىلى دىيارىغا بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنلىكى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كاتتا شەرەپ تاپقان. كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ زور مىقداردىكى ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ، كۇچاغا كېلىپ، بىر قانچە يىل ياشاپ زور داغدۇغا پەيدا قىلغان. شۇ چاغدىكى كۇچا ھاكىمى ئەمىر ئادىل نەچچە مىڭ كىشى بىلەن كۇچا دەريا بويىدىكى قەدىمىي خارابە سۇباش دېگەن يەرگىچە مۇلاقاتقا چىققان. مەۋلانە ئەرشىدىن كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن تەڭداشسىز داغدۇغا پەيدا قىلغان. ئۇ ئىسلام ئالىمى بولغاچقا ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجىسىدە راشىدىن خاننىڭ تەختكە چىقىپ، يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇشىمۇ مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن ئايرىلالمايدۇ. ھامىدىن خوجا بولسا راشىدىن خان ھاكىمىيىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم شەخس ئىدى. ھامىدىن خوجىنىڭ كۇچادىكى خوجىلار جەمەتىدىن قايسى خوجىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىدىم. لېكىن «تارىخي ھەمىدىيە»دە ياقۇپ بەگ بىلەن كۇچادىكى راشىدىن خان قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇش ـ جەڭلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن كېيىن، «كۇچا لەشكەرلىرىدىن 3000غا يېقىن ئادەم نابۇت بولۇپتۇ، ئاتالىق غازى تەرەپتىن 800دىن كۆپرەك ئادەم زىيان بولۇپتۇ، بۇ چاغدا يەنە كۇچادىن ھامىدىن تۆرە باشلىق 4000 لەشكەر چىقتى. بۇ زامان ۋەزىيىتى ۋە تەقەززەسىغا قاراپ، ئىتائەت قىلىشنى لازىم كۆرۈپ، ئاتالىق غازىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاقىۋەتتا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش دۆلەتلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. ئاتالىق غازى ھامىدىن تۆرىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا بولۇپ، تۆرىلەر قاتارىدىن كاتتا ئورۇن بەردى، ئالىي تەمىنات ئالغۇچىلار قاتارىدا تون ـ كېچەكلەرنى بەردى، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا كايىپ ھەزرەت ئاپاق مازارىغا تاشلىدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ھامىدىن

خوجىنىڭ راشىدىن خان ھاكىمىيىتىدىكى مۇھىم ئورنىنى ۋە ياقۇب بەگكە تەسلىم بولغانلىقىنى ھەمدە ئىككى يىلدىن كېيىن ياقۇب بەگنىڭ غەزىپى بىلەن قەشقەردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

لېكىن كۇچادا ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخچى مەمتىمىن بايىز ۋە بوۋىسى كۇچا قوشۇنلىرىدا پانسات (پولك كوماندىرى) بولغان ئەھەت نايۇپ قاتارلىق پىشقەدەم زىيالىيلارنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ھامىدىن خوجا 1864 ـ يىلى كۇچادا قۇرۇلغان راشىدىن خان يەرلىك ھاكىمىيىتىدە ئىسھاق خوجا شىمالغا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى، ھامىدىن خوجا غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان ئىكەن. ھامىدىن خوجا پاراسەت بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم غەلبە قىلىپ، يۇقىرى شۆھرەت قازانغان ئىكەن. باينىڭ ياقا ئېرىق دېگەن يېرىدە ياقۇب بەگ قىسىملىرىغا توسۇپ زەربە بېرىپ، ياقۇب بەگ قىسىملىرىنى ھالسىرىتىپ قويغان ئىكەن. بىراق ئوردا ياردەمچى قوشۇن ۋە تەمىناتنى ۋاقتىدا ئۇلگۇرتۇپ بېرەلمەي، ھامىدىن خوجا سوقۇشتا يېڭىلىپتۇ. ياقۇب بەگ ھامىدىن خوجىنى تىرىك تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئاخىر ھامىدىن خوجا تىرىك تۇتۇلۇپتۇ. ياقۇب بەگنىڭ پانساتلىرىدىن بىرى ھامىدىن خوجىنى باشلاپ، ياقۇب بەگنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپتۇ. ياقۇب بەگ «ھەي باتۇر يىگىت، سىز ماڭا ئەسىر بولدىڭىز، ئەگەر مەن سىزگە ئەسىر بولسام قانداق قىلار ئىدىڭىز؟» دەپتۇ. ھامىدىن خوجا شۇ ھامانلا «تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ياقۇب بەگ «يىگىت ئىكەنسىز، يىگىت ئىكەنسىز، مەن سىزگە يۇقىرى ئورۇن بېرىمەن، بىر نان تاپساق تەڭ يەيمىز» دەپ ئادەملىرىنى بۇيرۇپ، ھامىدىن خوجىنى باغلاقتىن بوشىتىپتۇ. ھامىدىن خوجا: «سەن مېنىڭ دۈشمىنىم، مەنمۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ، ساڭا ئىشلىگەندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى، مېنى دەرھال چاپ، بولمىسا مەن سېنى چاپىمەن» دەپتۇ. «ياق، ياق، سىز مېنى چاپمايسىز، مەنمۇ سىزنى چاپمايمەن. قول ئاستىمدا سىزدەك باتۇر يىگىتتىن بىر قانچىسى كۆپرەك بولسا سىزلەر قىلالمىغان ئىشنى تېزرەك قىلالىغان بولاتتۇق. ئاشۇ ئىشلارنى بىرگە قىلايلى» دەپ ئۇھ تارتىپتۇ. ھامىدىن خوجا ئاخىر ياقۇب بەگكە باش ئېگىپتۇ. ياقۇب بەگ كۇچانى ئېلىپ، راشىدىن خوجىنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھامىدىن خوجىنى تۇغقانلىرى بىلەن قەشقەر پەيزىۋاتتىكى شاپتۇللۇق دېگەن جايغا بەنت قىپتۇ. ياقۇب بەگە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھامىدىن غوجا كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، كۇچادا ۋاپات بولغانىكەن. مەمتىمىن بايىز 1980 ـ يىلى مەۋلانا غوجام قەبرىستانلىقى ئىچىدىكى بىر قەبرىنى ماڭا كۆرسىتىپ «مۇشۇ قەبرە، ھامىدىن خوجىنىڭ قەبرىسى شۇ» دېگەن ئىدى. ھامىدىن خوجىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى قەشقەر پەيزىۋاتتا قالغان ئىكەن.

1918 ـ يىلىدىكى كۇچا ئىسيانىنىڭ باشلىقى مەمتىلىخان ھامىدىن خوجىنىڭ ئوغلى تۆمۈر خوجىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىرىنىڭ ئىككىنچىسى ئىكەن. مەمتىلىخان ياش چاغلىرىدىلا تىجارەتكە كىرىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستانلارغا، ھەتتا لوندۇنغىچە بارغان، «ئەنگلىيە پۇقراسى» دېگەن پاسپورت ئالغان ئىكەن. ئۇ يەنە مىسىر، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تىجارەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولغان ئىكەن. شۇ جەرياندا ئۇ ئەنگلىيە جاسۇسى نەيىم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن دوست بولغان. ئۇنىڭ قەشقەر پەيزىۋاتتا بىر ئايالى، كۇچادا بىر ئايالى بولۇپ، كۇچادىكى ئايالى مەرەم خېنىم كۇچادىكى ئىشانلار سۇلۇكىنىڭ باشلىقى ھاجى خوجا دېگەن كىشى ئىكەن. مەمتىلىخان ئاساسلىقى قەشقەر بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا قاتناپ، تىجارەت قىلىدىكەن. كۇچادا تۇرغان ۋاقتى كۆپرەك ئىكەن. مەمتىلىخان ۋە نىيمىلەر كۇچادىكى قوروسىنىڭ ئۇستىگە

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيەنىڭ بايرىقىنى ئېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى چوڭ كۆرسىتىدىكەن. مەمتىلىخان توپىلىڭى توغرىسىدا «قىسقىچە كۇچا تارىخى»دا «ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى پىلانلىغان قوماندانلىق ئىشتاب»، «ھاجى خوجا بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى پىلانلىغۇچى» دەپ يېزىلغان. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ۋە ھاجى خوجا جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرىتانىيە ھۆكۈمرانلىق تەركىبىگە كىرگۈزۈۋېلىش قاتارلىق نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. بىرمۇنچە تۈركىيەلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ۋە قۇترىتىپ، پانتۈركىزملىق ئىدىيەنى كەڭ تارقاتقان. يەرلىكتە ھەر خىل قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئامما ئىچىدە پاراكەندىچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلغان.

## مەمتىلىخان ئىسيانى

ئېيتىلىشىچە، 1915 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1916 ـ يىلى كىرىدىغان قىشتا كۇچانىڭ كۆنچى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇدارېن (ياكى تاۋ بولۇشىمۇ مۇمكىن) دېگەن گۆرۈكەش سودىگەر قاتتىق قىشتا بىر تۇڭگۇزنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى يەپ، بىر قىسمىنى مۇزنى تېشىپ، كۆكچى مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ تېگىگە ئېسىپ قويغان. ئەسلىدە ئۇ گۆشنى چاغاندا يېيىش ئۈچۈن ساقلىغان ئىكەن. ئۇ چاغان يېتىپ كەلگەندە قارىسا گۆش يوق. ھۆكۈمەتكە «خەقلەر مېنىڭ ئېسىپ قويغان گۆشۈمنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ» دەپ ئەرز قىلىپتۇ. ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپتۇ، گۆش تېپىلماپتۇ. ئەتىياز كېلىپ، مۇزلار ئېرىپ، دېھقانلار كۆكچى مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭگە سۇ باشلىغاندا كۆكچى مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىكى شايارلىق بىر كىشى قۇرغان تۈگمەننىڭ نورىغا تۇڭگۇز گۆشى كەپلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىنىباغ، ئىگىز قۇم، شور كۆل، خانىقا، كۆكتىكەن قاتارلىق مەھەللىلەردىكى دېھقانلار تۇدارېن بىزنىڭ ئېرىقىمىزنى، سۈيىمىزنى بۇلغىدى، پاكىزلاپ بەرسۇن، دەپ ئەرز قىلىپ ھۆكۈمەتكە بېرىپتۇ. جاڭ ھاكىم تۇدارېنىنىڭ ئىلگىرى «گۆشۈمنى خەق ئوغرىلاپ كەتتى» دەپ ئەرز قىلغانلىقىنى ئەسلەپ، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپتۇ. تۇ دارېن ئىلگىرى داۋا قىلغان گۆش دەل مۇشۇ گۆش ئىكەن. جاڭ ھاكىم گۇنانى تۇ دارېنغا ئارتىپتۇ. تۇدارېنمۇ بوينىغا ئاپتۇ. جاڭ ھاكىم مەھكىمە شەرئىيەدىكى قازى ئاخۇنلاردىن قانداق قىلىشنى سوراپتۇ. ئاخۇنلار: «ئېرىقنى چېپىپ لايىنى تولۇق ئېلىپ، ئۈچ كۈن سۇ ئاقتۇرغاندىن كېيىن ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچسە ھالال بولىدۇ» دەپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ. جاڭ ھاكىم پۇقرالار بىلەن تۇ دارېننى ھەمدە قىلىپ، «ئېرىقنى دېھقانلار چېپىپ تازىلايدۇ، ئەمگەك ھەققىنى تۇدارېن بېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ. تۇ دارېن ئەمگەك ھەققىنى بىر يىلغىچە بېرىپ بولۇشنى ۋەدە قىپتۇ. دېھقانلار ئېرىقنى چېپىپ تازىلاپ، سۇ ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لېكىن تۇ دارېن ئۇششۇقلۇق قىلىپ، ئىككى يىلغىچە دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ھەققىنى بەرمەپتۇ. بۇ چاغدا جاڭ ھاكىم يۆتكىلىپ كېتىپ، چىن فامىلىلىك بىر كىشى ھاكىم بولۇپ كەلگەن ئىكەن. دېھقانلار نۇرغۇن قېتىم ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ بارسا ھۆكۈمەت تىڭشىماپتۇ. قاتمۇ قات ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئاران تۇرغان غەزىپى تېشىپتۇ. ئاشۇ كۈنلەردە مەمتىلىخان كۇچادىكى ئۆيىدە ئىكەن.

ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئىكەن. ئەنگلىيە جاسۇسى نەيىم مەمتىلىخانغا يول كۆرسىتىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپتۇ. مەمتىلىخان قوناسلىق ئايۇپ ھاجى، چىمەنلىك توختى ھاجى (توقا ھاجى) كىرىشتىكى يولۋاس مىراب، چىنىباغلىق

ئېلى پولگان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 4 ـ 5 يۈز ئادەم يىغىپ، غوجا تۇرۇستىد-
كى ئەينىدىن غوجىنىڭ بېدىلىكىدە مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. «كۇچا تارىخى»دا مەمتىلىخان بىلەن بىرگە
توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەردىن ئەينىدىن ۋە ئېلىنىڭ ئىسمى يېزىلغان، ئايۇپ ھاجى، توختى ھاجى،
يولۋاس مىرابلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ كىشىلەر توپىلاڭغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەمتىلىخاننىڭ ئايالى مەرەم جېنىم بۇ ئىشنى تۇيۇپ قېلىپ ئاتىسى ھاجى غو-
جامغا دەپتۇ. ھاجى غۇجام مەمتىلىخانغا: «سىلەر ئۇلارغا تەڭ كېلىپ بولالمايسىلەر، خىياللىرىدىن
يانسىلا» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. مەمتېلىخان نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشنى ھېچ-
كىمگە تىنماسلىقنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن ھاجى غوجا بۇ ئىشنى شۇ چاغدىكى كۇچانىڭ ھەربىي
مەمۇرىي ئەمەلدارى قادىر ھاجىغا ئېيتىپتۇ. (قادىرھاجى ئاشۇ يىللاردا كۇچادا تۇڭ لىڭ بولۇپ
تۇرغان، خەنزۇچە، ماتېرىياللاردا قادىر پارتىزان 哈德尔游击 دەپ ئېلىنغان) قادىر ھاجى خاپا
بولۇپ: «كۈيۇ ئوغۇللىرىغا دەپ قويسىلا، كۇچى يەتمەيدۇ. جىم يۇرسۇن. مەن ھۆكۈمەت ئادىمى،
ئۇلار قوزغىلىپ چىقسا مەن ئۇلارنى ئاتمەن، مەن ئۇلارنى ئاتمىسام ھۆكۈمەت مېنى ئاتىدۇ» دەپتۇ.
لېكىن، مەمتېلىخان ۋە ئۇنىڭ شايىكلىرى نىيىتىدىن يانماپتۇ، چىن ھاكىممۇ «كۆز»، «قۇلاق»لىرى
ئارقىلىق مەمتىلىخاننىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى قادىر ھاجىدىن
سوراپتۇ. قادىرھاجى بۇ ئىشقا قارشى ئىكەنلىكى ئېيتىپتۇ ۋە توپىلاڭنى باستۇرۇشقا تەييارلىنىپ-
تۇ. مەمتىلىخان ئۆز پىلانىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، تەييارلىق پۈتمەي تۇرۇپلا تو-
پىلاڭ قوزغاپتۇ. بۇ ھەقتە «كۇچا تارىخى»دا مۇنداق يېزىلغان: «6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بىر تەرەپ-
تىن بىر قىسىم توپىلاڭچىلارنى جەنۇبىي يېزىغا توپلاپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ئېلىشسا، يەنە
بىر قىسىم توپىلاڭچىلارنى ئەۋەتىپ، پوچتىنى بۇلاپ، سىم يوللىرىنى كېسىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ،
ئوت قويۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭچىلار كىرىسىن بىلەن شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى-
نى كۆيدۈرۈپ، جېنىنىڭ بارىچە شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئوفىتسېرلار ئالدىدىن تەييارلىنىپ تۇر-
غان ئىدى. نۇرغۇن توپىلاڭچىلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرى پېتىراپ قاچتى. ئوفىتسېر،
ئەسكەرلەر غەيرەتكە كېلىپ، شەھەردىن چىقىپ، قوغلاپ زەربە بېرىپ باندىتلار باشلىقىدىن بەش
ئادەمنى تىرىك تۇتتى. مەمتىلىخان، ئېلىخان شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى
كۆرۈپ، مىس كان تېغىغا قاراپ قاچتى.» ئۇلار قاچقان پېتى كىرىشتىكى يولۋاس مىرابنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ، كېيىنكى پىلانى مەسلىھەت قىلىپتۇ. توختى ھاجى: «مېنىڭ تارىم دەريا بويلىرىدا توقاي
ۋە چاۋىلىرىم بار. بىر قانچە يىل پاناھلانغىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن جاننى ساقلاپ، قالغان گەپنى
كېيىن دېيىشەيلى» دەپتۇ. يولۋاس مىراب: «كىرىشتىكى تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتەيلى، مەن باشقا
يەرگە بارمايمەن» دەپتۇ. شۇ مەزگىلدە يولۋاس مىرابنىڭ ئانىسى ئېغىر كېسەل ئىكەن. مەمتىلىخان
ئىلىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتەيلى» دەپتۇ. بىرلىككە كېلەلمەي، ئۆزئارا خوش-
لىشىپ، بېرىپ، ھەر قايسىسى ئۆزى تاللىغان يول بىلەن پاناھلانماقچى بوپتۇ. مەمتىلىخان بىر
نەچچە ئادىمى بىلەن تەلەمەت تەرەپكە ماڭىدىغان يول بىلەن ئاغىغا بارغاندا شىرىپ شاڭيو بىلەن
ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شېرىپ شاڭيو ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلانغان باي بولۇپ، مەمتىلىخاننىڭ تەشكىلا-
تىغا قاتناشقان، توپىلاڭ بولغان كۈنى كەلمىگەن ئىكەن. شېرىپ شاڭيو ئۇلارنى قوي سويۇپ مېھمان
قىپتۇ. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەرگە خەۋەرچى ماڭغۇزۇپ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئات توقۇپ،
مەمتىلىخانلار بىلەن يولغا چىقىپ، ئۇلارنى ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر خالتا جىلغىغا باشلاپ مې-
ڭىپتۇ. مەمتىلىخانلار جىلغا بويلاپ، ئاتلىق مېڭىپ، بىر تىك چوققا ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەر-

www.uyghurkitap.com

دىن ئاتلىق ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مەمتىلىخان گۇمان قىلىپ شىرىپنى سوراق قىپتۇ، شىرىپ قايتا ئەمەلگە ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتمەكچى بولۇپ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. مەمتىلىخان شۇ جايدىلا شىرىپنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. ئات ـ ئۇلاغلارنى تاشلاپ، پىيادە تىك چوققىغا يامىشىپ، تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، قارا نو دېگەن يەرگە بېرىپتۇ. ئارقىدىنلا ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ۋە قادىر ھاجىنىڭ يەرلىك قوشۇنلىرى بىرلىكتە قوغلاپ كەپتۇ. چىن ھاكىم بىلەن قادىر ھاجى شۇ چاغدا مەسلىھەتلىشىپ، مەمتىلىخاننى تىرىك تۇتماقچى بولۇپ، كۇچادىكى ئەڭ چوڭ باي ھېلىم ھاجى بىلەن ھاجى غوجىنى ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىپتۇ. مېڭىش ئالدىدا قادىر ھاجى ئۇلارغا تاپىلاپ: «نەسىھەت قىلىڭلار، چىن ھاكىم ئاقسۇغا مەلۇمات يوللاپ بولدى، ئاقسۇدىن چوڭ قوشۇن كەلسە، كۇچادا بەك كۆپ قان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇلار تەسلىم بولسۇن، مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلاي، مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيمەن، چىن ھاكىم بىلەن شۇنداق مەسلىھەت قىلدۇق» دەپ يولغا ساپتۇ. ئۇلارنى تاغ بېشىغا يۆلەپ ئېلىپ چىقىشقا ھۆكۈمەت قوشۇنىدىن تۆردى بەنتۇ باشچىلىقىدا بىر قانچە ئەسكەرنى قوشۇپتۇ. ئۇلار تاغ چوققىسىغا يېقىنلاشقاندا مەمتىلىخان بىر دەپتەرنى قوينىدىن چىقىرىپ ئوتقا تاشلاپتۇ. بەزى گەپلەردە تۆردى بەنتۇ دەپتەرنى ئوتتىن ئالماقچى بولغاندا، مەمتىلىخان تۆردى بەنتۇنى ئېتىۋەتكەنمىش. يەنە بەزى گەپلەردە تۆردى بەنتۇ مەمتىلىخاننى ئېتىۋەتكەنمىش، يەنە بىر گەپتە مەمتىلىخان ناماز ئوقۇۋېلىپ، تاغدىن چۈشۈشكە ماقۇل بولغانمىش. مەمتىلىخان ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۆردى بەنتۇ مەمتىلىخان بىلەن يەنە بىر ئادەمنى ئېتىۋەتكەنمىش. شۇنىڭ بىلەن تۆردى بەنتۇ مەمتىلىخان بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ، تېنىنى شۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان ئىكەن. ئىككى باشنى شەھەرگە ئەكېلىپ، رەستىدە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تۈۋرۈك بېكىتىپ، تۈۋرۈككە ئاسقان ئىكەن. يەنە كىرىشكە ئادەم ئەۋەتىپ يولۋاس مىرابنىڭ بېشىنى كېسىپ، يەنە بىر خادىغا ئاسقان ئىكەن. مەمتىلىخاننىڭ ئىنىسى ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۇچاغا كەلگەندە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۇنىمۇ تۇتۇپ، بېشىنى يەنە بىر تۈۋرۈككە ئاسقان، بىر يىلدىن كېيىن توختى ھاجىنى يۆلغۇن داشى دېگەن يەردىن تۇتۇپ، بېشىنى ساي كۆۋرۈكىگە ئاسقان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاش ئۇستىدە قوزغىغان مەمتىلىخان توپىلىڭى ۋەقەسى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغان.

«مەمتىلىخان توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇۋەققەت كۇچا ھاكىمى چىن زوڭچى 5 ـ دەرىجىلىك ‹جيا خاۋ› مېدالغا ئېرىشتى. كۇچانىڭ ۋاقىتلىق بارگاھ بېگى قادىرغا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى پىيادە ئەسكەرلەر شىيۇشىياۋسى دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى».

## خاتىمە

مەن كۇچا توغرىسىدا بىر نەرسە يازاي دېگەن نىيەت بىلەن 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە بىرمۇنچە ماتېرىيال توپلىغان. كېيىن خىزمەتتىكى ئالدىراشلىق بىلەن يېزىقچىلىقتا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئارامغا چىققاندىن كېيىن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولدۇم، ھازىر ياشىنىپ ماغدۇردىن كەتتىم. 2013 ـ يىلى ئايالىمنى داۋالىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. شۇ جەرياندا ئاتاقلىق ئەدەبىي ئوبزورچى يالقۇن روزى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. سۆھبەتتە مەمتىلىخان ۋەقەسى توغرىسىدا بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. يالقۇن ئەپەندى: «تەپسىلىيرەك بىر ماتېرىيال يازغان بولسىلا بولار ئىكەن» دەپ، ماتېرىيالنىڭ چۇقۇم ئەينەن بولۇشىنى، يالغان گەپلەر قوشۇلۇپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلدى.

1980 ـ يىللاردا ماڭا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن كۇچادىكى پىشقەدەم زىيالىيلارنىڭ بىرى ئەھەت نايۇپ ئەپەندى بولۇپ، 1906 ـ يىلى كۇچادا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ بوۋىسى ياقۇب بەگكە قارشى سوقۇشتا كۇچا قوشۇنلىرىغا پانسات بولغان كىشى ئىكەن. بوۋىسى ئۇنىڭغا كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى، راشىدىن خوجا يەرلىك ھاكىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاغدۇرۇلۇشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. مەمتىلىخاننىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندا ئەھەت نايۇپ، 12 ياشتا بولۇپ، مەمتىلىخان قاتارلىقلارنىڭ كۇچا شەھەر ئىچى رەستىنىڭ ئالدىدىكى تۇۋرۇككە ۋە شەرقىي تەرىپىدىكى ساڭ كۆۋرۈككە ئېسىلغان باشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىكەن. ماڭا بۇ توپىلاڭ ۋەقەسىنى يەنە مەرھۇم تارىخچى مەمتىمىن بايىزمۇ سۆزلەپ بەرگەن. بۇ توپىلاڭ يۈز بەرگەندە مەمتىمىن بايىز تېخى ئىككى ياشلىق بالا بولسىمۇ، مەمتىمىن بايىزنىڭ ئاتىسى بايىز قازى ئاخۇنۇم شۇ زاماندىكى يېتۈك شائىر ھەم جامائەت ئەربابى بولغاچقا، مەمتىلىخان ۋەقەسىنى تولۇق چۈشىنىدىغان كىشى ئىكەن. (بايىز قازى ئاخۇنۇم 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). ئۇ ئوغلى مەمتىمىن بايىزغا ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. مەرھۇم ئەھەت نايۇپ، مەرھۇم مەمتىمىن بايىزلار كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن زېھنى زېرەك كىشىلەر ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەچكە، ئۇلار ماڭا ئاڭلىغان ۋە بىلگەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن. مەن بۇ قېتىم يالقۇن روزىنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن، تارىخىي كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، ئەسلىمەمنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ماقالىنى يازدىم. ئارخىپ ماتېرىياللار بولمىغاچقا، خاتا كېتىپ قالغان تەرەپلەرگە بىلگەنلەرنىڭ تەنقىد، تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

**پايدىلانمىلار:**

① «تارىخى ھەمىدىيە»، مۇللا مۇسا سايرامى، مەكىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② «قىسقىچە كۇچا تارىخى» فېي شىياۋزېڭ تۈزگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

③ «كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

ئىزاھاتلار:

① «قىسقىچە كۇچا تارىخى»دىن ئېلىندى.

② «قىسقىچە كۇچا تارىخى»دا «قوزغىلاڭچىلار 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شەھەرگە كىردى» دەپ يېزىلغان، «تارىخى ھەمىدىيە»دە «بۇ ۋەقە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ھىجرەت يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى يەنى شەنبە كېچىسى جەۋزا پەسلى ۋە يىلان يىلىدا (1864 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) يۈز بەرگەن ئىدى» دەپ يېزىلغان.

③ «تارىخى ھەمىدىيە» 183 ـ، 184 ـ بەتلىرى.

④ «تارىخى ھەمىدىيە» 184 ـ، 185 ـ بەتلىرى.

⑤ «تارىخى ھەمىدىيە» 394 ـ، 395 ـ بەتلىرى.

⑥ «قىسقىچە كۇچا تارىخى»

⑦ «قىسقىچە كۇچا تارىخى»

⑧ «كۇچا تەزكىرىسى»

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)